# تەڭرىتاغ

2005·3

• يارنۇدىكى ئۇيغۇر قىزنىڭ بايانى • ئاجرىشىش خىتابنامىسى

• شېئىر ۋە ۋىدالىشىشنىڭ يۈكىسى • شەنبە بازارنىڭ ئۆيى • ئىسىر



ISSN 1004-1745

9 771004 174028 05>

国际标准刊号：ISSN1004-1745 国内统一刊号：CN65-1012/I 邮发代号：58-83 零售价：6.0

www.uyghurkitap.com







## شنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرى رېستورانى

شنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرى رېستورانى شنجاڭ-
دىكى ئەڭ چوڭ تىياتىرخانا شەكلىدىكى رېستوران بو-
لۇپ ، ئۇ چوڭ بازار 4 ـ بىناسىنىڭ 4 ـ ، 5 ـ قەۋىتىگە
جايلاشقان . بۇ تىياتىرخانىسىمان رېستوران زال ۋە
ئايرىمخانىلارغا ئايرىلغان بولۇپ ، زالدا ھەر خىل
توي ـ تۆكۈن ، يىغىلىشلارنى مېھمانلارنىڭ رايى بويىچە
كوللېكتىپ ياكى زالنى بۆلۈپ ئايرىم ئۆتكۈزۈشكە بو-
لىدۇ . 4 ـ قەۋەتتىكى چوڭ زالدا ھەر كۈنى كەچتە چوڭ
تىپتىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىيچە ناخ-
شا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرى قويۇلىدۇ. 4 ـ ، 5 ـ قەۋەتتە
يەنە پرېزدېنت خانىلىرىدىن تارتىپ ئادەتتىكى خانىلار-
غىچە بار بولۇپ ، بۇ خانىلەردە ئولتۇرۇپ غىزالانغاچ
چوڭ زالدا قويۇلۇۋاتقان چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخ-
شا ـ ئۇسسۇللاردىن ھۇزۇرلانغىلى بولىدۇ .

بۇ تىياتىرخانىسىمان رېستوراندا پۈتۈنلەي مۇسۇل-
مانچە تائاملار بولۇپ ، زالدا چۈشلۈك ۋە كەچلىك تال-
لانما غىزالار ، ماھىر ئۇستىلارنىڭ قولىدا تەييارلانغان
داڭلىق قورۇمىلار بار .

شنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرى تىياتىرسىمان رېس-
تورانى يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن كۆڭۈل ئېچىش ، سەن-
ئەتتىن ھۇزۇرلىنىش بىلەن دەم ئېلىش مۇكەممەل بىر-
لەشتۈرۈلگەن كۆڭۈلدىكىدەك ئېسىل جاي .









# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

## 2005.3

(ئومۇمىي 110- سان)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى



# تەڭرىتاغ

مۇندەرىجە

## تۇرمۇش تەسۋىرلىرى

16 ئاجرىشىش خېتابنامىسى(پوۋېست) ........ ھۈسەيىن تاش
84 شەنبە بازارنىڭ ئوتى (ھېكايە) ........ ئابدۇكېرىم قادىر
65 كۆل بويىدىكى چۈش (ھېكايە) ........ نۇرغۇن مجىت

## راست ئىشلار ئەدەبىياتى

95 ئانىنىڭ كۆز يېشى كار قىلمايدۇ ........ ئېزىز نۇر

## ئەدەبىيات ھەققىدە پاراڭلار

4 تۇنجى نۆۋەتلىك «ئاقىول» مۇكاپاتى پائالىيىتىنىڭ مۇكاپات تارقىتىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ........ ھەبىبۇللا مۇھەممەت
7 شېئىر ۋە ۋىناسىنىڭ يوپكىسى ........ ئىمىن ئەھمىدى

## «ئاقىول» نامىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر

57 ئىپتىز (داستان) ........ ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم
61 يۇلتۇز ۋە تەنھالىق ........ ئەنقا
62 كېچە ........ چىمەنگۈل ئاۋۇت
62 شېئىرلار ........ غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت
63 ئىزدىمە ........ سەرۋى
64 ئىزتىراپ بار تىنىقلىرىمدا ........ نۇرگۈل مجىت

مەسئۇل مۇھەررىر : ئەركىن نۇر
بۆ سانىنىڭ مۇھەررىرلىرى: ئەكبەر سالىھ، ئىمىرھەسەن مەخمۇت
مەسئۇل كوررېكتور : خەلچەم ئابلىمىت
ئىشخانا خادىمى : سەنەۋەر تۇمەر، ئالىم خالىدىن
مەسئۇل تارقاتقۇچى : ئىمىرھەسەن مەخمۇت

ئەشرىيات باشلىقى :
ھەبىبۇللا مۇھەممەت
باش مۇھەررىر :
بولات ھېۋزۇللا

主管：乌鲁木齐市文联　　主办：《天尔塔格》杂志社

| سەھپە نامى | سىز ياقتۇرغان سەھپىلەر | سىز ياقتۇرمىغان سەھپىلەر |
| --- | --- | --- |
| 1. تۇرمۇش تەسۋىرلىرى | ☐ | ☐ |
| 2. راست ئىشلار ئەدەبىياتى | ☐ | ☐ |
| 3. ئەدەبىيات ھەققىدە پاراڭ | ☐ | ☐ |
| 4. «ئاقيول» نامىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر | ☐ | ☐ |
| 5. شېئىرلار | ☐ | ☐ |
| 6. ياشلىق | ☐ | ☐ |
| 7. نەسرلەر | ☐ | ☐ |
| 8. ئۈچۈر كۆزنىكى | ☐ | ☐ |
| | | ☐ |

سىز بايقىغان يېتەرسىزلىكلەر

---------------------------------------------------------------

---------------------------------------------------------------

سىزچە يەنە قانداق يېڭى سەھپىلەرنى ئۇيۇشتۇرساق بولىدۇ؟

---------------------------------------------------------------

---------------------------------------------------------------

سىزچە يەنە قايسى خىلدىكى ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئۇيۇشتۇرساق بولىدۇ ؟

---------------------------------------------------------------

---------------------------------------------------------------

---------------------------------------------------------------

---------------------------------------------------------------

ژۇرنىلىمىز سىزنى قايسى جەھەتتىن بەكرەك قىزىقتۇرىدۇ؟

---------------------------------------------------------------

---------------------------------------------------------------

ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇقاۋا ۋە ئىچ بەت لايىھىسىگە نىسبەتەن كۆزقارىشىڭىز؟

---------------------------------------------------------------

---------------------------------------------------------------

**ئىزاھات : جەدۋەلنى تولدۇرغاندىن كېيىن ، ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي شىخۇاڭ يولى 52 ـ نومۇر ،« تەڭرىتاغ » ژۇرنىلى نەشرىياتى دېگەن ئادرېس بويىچە ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ . پوچتا نومۇرى : 830063 سىز تولدۇرماقچى بولغان مەزمۇنلار جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن دائىرىگە پاتمىغان شارائىتتا شۇ تۈر بويىچە ئايرىم قەغەزگە يېزىپ ئەۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ . يېڭى بىر سان چىقىرىلىشتىن بۇرۇن ۋاقتىدا ئەۋەتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز .**

*سەمىڭىزگە : تەھرىر بۆلۈمىمىز باشقا ئورۇنغا كۆچتى ، يېڭى ئادرېسىمىزنى ئىشلەتكەيسىز!*

# « مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەن »لەر پائالىيىتىگە قاتنىشىڭ !

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەتبۇئاتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى ئوقۇرمەن، سىزمۇ خوجايىنلىق ھوقۇقىڭىزنى جارى قىلدۇرۇپ ژۇرنىلىمىز-نىڭ تېخىمۇ ياخشى چىقىشىغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالامسىز؟

بىز رايى سىناش جەدۋىلىنى ئەستايىدىل تولدۇرۇپ بىزگە ئەۋەتىپ بەرگەنلەر ئىچىدىن يىل ئاخىرىسىدا «مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەن»لەرنى باھالاپ چىقىماقچىمىز. باھالانغۇچىلار نەشرىياتىمىزنىڭ مۇكاپاتىغا ۋە ئاددىي كۆڭۈل سوۋغىسىغا ئېرىشىشتىن سىرت، يەنە نەشرىـياتىمىز تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ھەر خىل پائالىيەتلەرگە تەكلىپ قىلىنىدۇ.

ئىسمى فامىلىڭىز: ________ جىنسى: ئەر ☐ ئايال ☐

يېشىڭىز: 20 ياشتىن تۆۋەن ☐ 21 - 30 ☐ 31 - 40 ☐ 40 ياشتىن يۇقىرى ☐

كەسپىڭىز: ________ مەدەنىيەت سەۋىيىڭىز: ________

ژۇرنالنى قايسى يول بىلەن ئوقۇيسىز؟ مۇشتىرى ☐ سېتىۋېلىپ ☐ ئارىيەتكە ئېلىپ ☐

سىز ژۇرنىلىمىزنىڭ: كونا ئوقۇرمەنى ☐ يېڭى ئوقۇرمەنى ☐

سىز بۇ يىلقى «تەڭرىتاغ ژۇرنىلى» نىڭ قايسى سانىنى بەكرەك ياقتۇردىڭىز؟ 1 ـ سان ☐ 2 ـ سان ☐ 3 ـ سان ☐ 4 ـ سان ☐ 5 ـ سان ☐ 6 ـ سان ☐

بىزگە دېمەكچى بولغان يۈرەك سۆزلىرىڭىز: ________

---

تېلېفون ياكى چاقىرغۇ نومۇرىڭىز : ________ پوچتا نومۇرى: ________

ئالاقىلىشىش ئادرېسىڭىز: ________

---

| ئەسەر نامى | ياخشى | يامان ئەمەس | ياقتۇرمىدىم |
| --- | --- | --- | --- |
| 1. تونجى نۆۋەتلىك «ئاقيول» مۇكاپاتى پائالىيىتىنىڭ مۇكاپات تارقىتىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 2. شېئىر ۋە ژىناسىنىڭ يوپكىسى | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 3. شېئىرلار | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 4. ئاجرىشىش خىتابنامىسى | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 5. ئاقيول مۇكاپاتى شېئىرلىرى | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 6. كۆل بويىدىكى چۈش | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 7. پارىژدىكى ئۇيغۇر قىزىنىڭ باياني | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 8. شەنبە بازارنىڭ ئوتى | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 9. نەسرلەر | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 10. ئانىنىڭ كۆز يېشى كار قىلمايدۇ | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 11. ئوقۇرمەنلەرگە سالام | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 12. ئەدەبىي ئۇچۇر | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |

2005 ـ يىللىق 3 ـ سان (ئومۇمىي 110 ـ سان)

## شېئىرلار


| | | |
|---|---|---|
| 11 | شېئىرلار | ئەلئەت قادىرى |
| 11 | ئىككى شېئىر | مۇسا ئەھەد |
| 12 | روھ سەلكىنى چىققاندا گۈر ـ گۈر | قۇربان داۋۇت شاھىدى |
| 13 | ئۈچ شېئىر | ئابدۇقەييۇم تۇرادىن (مەجنۇن) |
| 14 | يۇرت مۇھەببىتى | ئابدۇللا موللا قاردۇ |
| 15 | قەدەھتە تاشقان رۇبائىيلار | نۇرمۇھەممەت ھاشىم |


## ياشلىق


| | | |
|---|---|---|
| 74 | پارىژدىكى ئۇيغۇر قىزىنىڭ بايانى | مۇقەددەس مىجىت |


## نەسرلەر


| | | |
|---|---|---|
| 93 | ئۇچرىشىش | ئەنۋەر تاشتۆمۈر |
| 94 | ئىككى نەسر | بەگمەت يۇسۇپ |


## ئۇچۇر كۆزنىكى


| | |
|---|---|
| 112 | ئەدەبىي ئۇچۇر |
| 109 | ئوقۇرمەنلەرگە سالام |


مۇقاۋا 1 ـ بەتتە: جىلۋە                ئالىم خالىدىن فوتۇسى

قىستۇرما رەسىملەرنى ئەنۋەر ئابدۇرېشىت سىزغان.


ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي شىخۇڭ يولى 52 ـ نومۇر

地址: 乌鲁木齐市西虹东路 52 号

تور ئادرېس: http:// www. tangritagh. net    E － mail: editor@ tangritagh. net

تېلېفون: 4658897 ، 4696807 ـ 0991    پوچتا نومۇرى: 830063


ئۈرۈمچى لۈكىيىدا باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى

جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782 ـ خەت ساندۇقى)

خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: ISSN1004－ 1745

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65－ 10012/ I

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 ـ 58    پارچە سېتىلىشى: 6.00 يۈەن



# تۇنجى نۆۋەتلىك «ئاقيول» مۇكاپاتىنىڭ تارقىتىلىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

ھەببۇللا مۇھەممەت

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر ، ئەدىبلەر ، ئۇستازلار ۋە كەسىپداشلار! مەن ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ بۇ تۇنجى نۆۋەتلىك «ئاقيول» مۇكاپاتىنىڭ تارقىتىش مۇراسىمىغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن ، شۇنداقلا بىزنىڭ مۇشۇنداق بىر خاسىيەتلىك جەم بولۇشىمىزغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن «شىنجاڭ ئاقيول سودا چەكلىك شىركىتى»گە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نامىدىن ئالاھىدە تەشەككۇر بىلدۈرىمەن!

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ، ياش كارخانىچى مەرھۇم مامۇتجان داۋۇت ھەر يىلى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاشقا 50 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بىر ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس سالغانىدى . لېكىن مامۇتجان داۋۇتنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولۇپ كېتىشى بىلەن مۇكاپات پائالىيىتى ئۈزۈلۈپ قالدى . ھازىر «شىنجاڭ ئاقيول سودا چەكلىك شىركىتى» ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئەدەبىياتنىڭ سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بۇ شېئىرىيەت ژانىرىغا مەبلەغ سېلىپ ، بۇ خاسىيەتلىك ئىشقا ۋارىسلىق قىلىپ داۋاملاشتۇردى.

شېئىرىيەت ئەدەبىياتنىڭ سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكى يۇقىرى بولغان بىر تۈرى ، مۇشۇ تۈرگە — شېئىرىيەتكە قىزىقىدىغان بىرقىسىم كارخانىچىلىرىمىز ، مەبلەغ سالغۇچىلىرىمىز بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ ، يېقىندىن قوللاپ بەرسە ، قۇۋۋەتلىسە بۇ شېئىرىيەت ژانىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن زور بولىدۇ . ئېلىمىزنىڭ «شېئىرىيەت ژۇرنىلى» قاتارلىق بەزى ژۇرناللىرى ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ياردىمى بىلەن داۋاملىق ئەدەبىي مۇكاپات پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ . بۇنىڭغا ئوخشاش مۇكاپاتلارنى تەسىس قىلغان ژۇرناللارمۇ ناھايىتى جىق . لېكىن ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە ئىجتىمائىي كۈچلەر تەسىس قىلغان چوڭراق مۇكاپات يوق بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ، «شىنجاڭ ئاقيول سودا چەكلىك شىركىتى» كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى . بۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەيىمىزدىكى ئالقىشلاشقا تېگىشلىك زور بىر ئىش . شۇڭا ، مەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى بارلىق كىشىلىرىمىزگە ۋاكالىتەن «شىنجاڭ ئاقيول سودا چەكلىك شىركىتى»گە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

«ئاقيول» نامىدا شېئىرىيەت مۇكاپاتى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئاپتورلىرىمىز ، جۈملىدىن ياش ئاپتورلىرىمىز بۇ پائالىيەتنى قىزغىن قوللىدى . ئۇلار ئۆزى ئەڭ ياخشى دەپ قارىغان شېئىرلىرىنى ژۇرنىلىمىزغا ئۈزمەي ئەۋەتىپ تۇردى . تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كېلىدىغان شېئىرلارنىڭ سان ۋە سۈپىتى بىراقلا ئۆستى ، بۇنىڭ بىلەن بىز 2004 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەر بىر سانىمىزدا ئۈزمەي ئېلان قىلىش ۋە ئامالىنىڭ بارىچە بۇرۇنقىغا قارىغاندا شېئىرلارغا كۆپرەك ئورۇن بېرىشكە يۈزلەندۇق . 2004 ـ يىلى بۇ سەھىپىمىزگە 400 پارچىغا يېقىن شېئىرىي ئەسەر؛ 30 نەچچە پارچە شېئىرىيەتكە ئائىت ماقالە ـ ئوبزور كەلدى . ئۇلار ئىچىدىن 98 پارچە شېئىر ، 11 پارچە ماقالە ـ ئوبزور ژۇرنىلىمىزنىڭ 2004 ـ يىللىق ئالتە سانىدا ئېلان قىلىندى . بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ياخشى ئىنكاسلارنى قوزغىدى ۋە بېيجىڭدا چىقىدىغان «مىللىي يازغۇچىلار» قاتارلىق ژۇرناللاردا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى سىناق سانىدىن باشلاپلا شېئىرىيەتكە ، جۈملىدىن يېڭى شېئىرىيەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى . گەرچە ، بىزنىڭ سەھىپىلىرىمىز بىرقەدەر كۆپ ۋە رەڭدار بولسىمۇ ، بىزنىڭچە بۇ ژۇرنالنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى يەنىلا يېڭى شېئىرىيەت

جەھەتتە كۆرۈلدۇ . ياش ئاپتورلىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى چىقتى دەپ قارىغان يېڭىچە شېئىرى بولسا بىزگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ . ئۇلار بىزنىڭ ژۇرنىلىمىزدا شېئىرى ئېلان قىلىنسا ، ئۆز شېئىرى ئەڭ ياخشى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئېرىشكەندەك ھېس قىلىشىدۇ ، خۇرسەن بولۇشىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى ، بىزنىڭ يېڭى شېئىرىيەتنى كەڭ قوللىغانلىقىمىزدىن ، تايانچ ياش ئاپتورلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش ۋە يېتەكلەشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلگىنىمىزدىن ، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش»تەك سوتسيالىستىك ناخشىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ كەلگىنىمىزدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ . بىز شېئىرىيەتتە ئۇسلۇب ۋە شەكىللەرنىڭ كۆپ خىل بولۇشىغا ، شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ چىن ، سەمىمىي بولۇشىغا ، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر ۋە ساغلام بولۇشىغا ، يۈكسەك ئىدىيىۋىلىك بىلەن يۇقىرى بەدىئىلىكنىڭ بىرلىكىدە ۋۇجۇدقا چىققان نادىر ئەسەرلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدۇق . شۇنداق بولغاچقا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى بىر تۈركۈم ياش ، ئاۋانگارت كۈچلەرنىڭ يېتىلىپ چىقىشىدا ياخشى ئىجادىيەت سورۇنى ھازىرلاپ بەردى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا باشقا نەچچە مىڭلىغان ياش شائىرلارنى ، شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرىنى ، ياشلاردىن تەركىب تاپقان زور ئىجادىيەت قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈردى . «شىنجاڭ ئاقيول سودا چەكلىك شىركىتى»نىڭ مەبلەغ ئاجرىتىپ بۇ ژۇرنالنىڭ شېئىرىيەت مۇكاپاتى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈشىگە زېمىن ھازىرلاپ بېرىشى ماھىيەتتە پۈتكۈل ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مەبلەغ سالغانلىق ، ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت بىلەن قارىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ «ئاقيول» مۇكاپاتى پائالىيىتىنى «شىنجاڭ ئاقيول سودا چەكلىك شىركىتى» ئۇدا ئۈچ يىل ئېلىپ بارماقچى ، ھازىر ئۇنىڭ تۇنجى يىلى تاماملاندى ، بىز بۇ مۇكاپاتنىڭ تۇنجى يىلىنى خۇلاسىلىغىنىمىزدا ، ياش ئەدىبلىرىمىز ياكى ئاپتورلىرىمىز بىرقەدەر ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولۇپ كەلدى . تەھرىر بۆلۈمىمىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىجادىي قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىشنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغاچقا ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلدى . چۈنكى ، ياشلار ئارىسىدا بۇرۇن بىر مەزگىل شېئىر يېزىپ كېيىنچە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى يازماي قەلەمنى تاشلىۋەتكەنلەر كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەيدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ياشلارغا ئېتىبار بېرىش شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەتىسىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىق بولىدۇ.

3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ، ياش قەلەم ئىگىلىرى زور بىر قوشۇنغا ئايلاندى . ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھېسابلىغاندا ، شېئىر ئېلان قىلىپ باققان شائىر ياكى شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرى ئۈچ مىڭدىن ئاشىدۇ . ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ياشلىقىدا شېئىر يېزىپ باقمىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ . بۇ قېتىمقى پائالىيىتىمىزدىن شۇنى ھېس قىلدۇقكى ، ياشلار ئەدەبىياتىمىزدىكى زور بىر قوشۇن ، مەيلى ئىجادىيەتتە ۋە مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتە بولسۇن روھىنى بوشاشتۇرماي ، ھەر خىل ھايات سىناقلىرى ، تۇرمۇش دوقاللىرىغا باش ئەگمەي ئىزچىل قەلەمنى تاشلىماي كەلگەن غوجىمۇھەممەت مۇھەممەتتەك ياش شائىرلىرىمىز ناھايىتى ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ . بۇ قېتىمقى «ئاقيول» مۇكاپاتى ئەنە شۇنداق قىيىن ، ئېغىر كۈنلەردىمۇ ئۆز ئىجادىيىتىنى توختىتىپ قويماي ئىجادىيەت يولىدا جان پىدالىق بىلەن ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان ياش ئەدىبلىرىمىزگە ئىلھام بېرىش پائالىيىتى بولۇپ قالدى . بىز باھالاپ ـ مۇكاپاتلاش جەريانىدا ، ئاپتورغا ئەمەس ، ئەسەرنىڭ ئۆزىگىلا قاراپ باھالاش ئېلىپ بارغىنىمىزدا ، غوجىمۇھەممەت مۇھەممەتنىڭ شېئىرى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشتى . راستىنى ئېيتقاندا ، بىزنىڭ غوجىمۇھەممەت مۇھەممەتكە ئوخشاش ئۇزۇن يىللارغىچە شۇ ئازغىنە قەلەم ھەققىگىلا تايىنىپ تۇرۇپ تۇرمۇشىنى قامداپ كەلگەن ، قەلەم ھەققىگە تايىنىپ كىتاب سېتىۋېلىپ ، پۈتۈن تۇرمۇشىنى ، پۈتۈن ھېسسىياتىنى ، پۈتۈن مۇھەببىتىنى ئەدەبىياتقا ، جۈملىدىن شېئىرىيەتكە ئاتاپ ياشايدىغان ياش شائىرلىرىمىز ئىنتايىن ئاز . بىز بۇ يەردە شۇنى



ھېس قىلالايمىزكى ، ئەدەبىياتتىن ئەجىرگە تۇشلۇق كىرىم يارىتالمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ بەزى شائىرلىرىمىز قەلەم ھەققىگىلا تايىنىپ ياشاپ كەلدى . ئەمما ، ئۇلار چاپ ـ چاپ بازارغا يۈزلەنگەن ئامىباب ئەسەرلەر بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى سەنئەتلىك پۇرىقىنى يوقىتىپ قويمىغان ئەسەرلەر ئارقىلىق قەلەم ھەققىگە ئېرىشىپ ، ۋاقتىنى ۋە زېھنىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بەردى . مۇشۇنداق شارائىتتا ، بۇنداق شېئىرىي مۇكاپاتنىڭ بولۇشى ئاپتورلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بېسىمى ، دوقاللىرىغا ئۇچرىماي پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشقا ناھايىتى ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى ، 2000 يۈەنلىك بۇ مۇكاپاتنىڭ سوممىسى مۇنداقچە قارىغاندا ھېچقانچە ئەمەستەك تۇرغان بىلەن ئۇنى باشقا مۇكاپاتلارغا ، ئالايلۇق ، ئېلىمىزنىڭ «لۇشۈن ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا سېلىشتۇرغاندا «شىنجاڭ ئاقيول سودا چەكلىك شىركىتى»گە ئالاھىدە رەھمەت ۋە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز.

دېمەك ، «شىنجاڭ ئاقيول سودا چەكلىك شىركىتى» «ئاقيول» مۇكاپاتى ئارقىلىق مۇشۇنداق نوقۇل ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلىيالايدىغان ئادەملەرگە شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، ئۆزىنى ئەدەبىياتقا ئاتىغان ، ئەدەبىياتقا چوڭقۇر ئىخلاس ـ ئېتىقادى بار ئادەملەر ھامان ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنىلىپ قالمايدۇ . ئۇلار خەلقنىڭ غېمىنى يېسە خەلق ئۇلارنىڭ غېمىنى يەيدۇ ، «شىنجاڭ ئاقيول سودا چەكلىك شىركىتى» بۇ جەھەتتە يول باشلاپ بەردى ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ «شىنجاڭ ئاقيول سودا چەكلىك شىركىتى»گە ئوخشاش كارخانىچىلىرىمىزنىڭ چوقۇم مەبلەغ سېلىپ ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قان ۋە جان ئاتا قىلىدىغىنىغا ، ئۇلارنىڭمۇ ھەر خىل ئەدەبىي مۇكاپاتلارنى تەسىس قىلىشىغا چوڭقۇر ئىشىنىمىز . چۈنكى ، ئېلىمىزدە ، جۈملىدىن خەنزۇ ئەدەبىياتىدا ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بەس ـ بەستە ھەر خىل ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرى تەسىس قىلىنىۋاتىدۇ ۋە ياخشى شېئىر توپلاملىرى ئېلان قىلىنىپ تۇرىدۇ . شائىرلارمۇ ئەنە شۇلارنىڭ تۈرتكىسىدە شېئىرىيەت زېمىنىدا پۇت دەسسەپ تۇرۇۋاتىدۇ . بىزدىمۇ بۇ خىل ياخشى يۈزلىنىش چوقۇم بارلىققا كېلىدۇ . بىزنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىق بولغانلىقى سەۋەبلىك روياپقا چىقالماي بېسىلىپ ياتقان شېئىر توپلاملىرىمىزمۇ ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن . ئەمما ، بۇ يەردە مەسىلە يەنىلا ئەسەرنىڭ سۈپەت مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ ، يەنى مەلۇم بىر كارخانىچى بىر ئەسەرگە مەبلەغ سالغانىكەن ، شۇ ئەسەر ئاپتورىمۇ ئاشۇ مەبلەغ سالغان كارخانىچىمىزنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقى ، ئاشۇ كارخانىچىمىزغا ، ئۇنىڭ چىقارغان مەبلىغىگە يۈز كېلەلەيدىغان ياخشى ، سۈپەتلىك ئەسەرنى روياپقا چىقىرالىشى كېرەك . دېمەك ، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىنى مۇشۇنىڭدەك ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ پائال ياردىمىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ . بىزنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىز بۇنىڭدىن كېيىن **تۈزەتمىسە** بولمايدىغان ئەجەللىك ئاجىزلىق ـــ **شېئىرىيەتنىڭ** بىر خىللا بولۇشى ، تار دائىرىگە قاپسىلىپ قېلىشى . **بۇنداق** بولۇۋەرسە ئىجتىمائىي كۈچلەرنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ . شېئىرىيىتىمىزنى كۆپ **خىللاشتۇرۇش** ، **تېخىمۇ** رەڭدارلاشتۇرۇش كېرەك . **ھەر خىل شەكىل** ۋە ھەر خىل **ئۇسلۇبلارنى** بارلىققا كەلتۈرسەك ، **شېئىرىيىتىمىزنى** خەلققە ۋە جەمئىيەتكە يېقىنلاشتۇرساق ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ نوپۇزىنى ھەر ساھە ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ، ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا تىكلىيەلىسەكلا شېئىرىيىتىمىز ھامان تەرەققىي قىلىدۇ . شېئىرىيەت جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ نوقۇل ، مۇستەقىل ھالدا ھەرگىز تەرەققىي قىلالمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بىز 2005 ـ يىللىق سانلىرىمىزنىڭ «ئاقيول» مۇكاپاتى سەھىپىمىزدە چوقۇم بۇ تەرەپكىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ ، پېشقەدەم شائىرلىرىمىزغا سەھىپىمىزدىن كۆپرەك ئورۇن بېرىمىز . 2004 ـ يىلى بىز ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلالمىدۇق ، چۈنكى پېشقەدەم شائىرلىرىمىز تۇنجى قېتىملىق مۇكاپاتتا ياشلار بالدۇر مۇكاپاتلانسۇن دەپ «ئاقيول» مۇكاپاتىغا ئەسەر بەرمىدى . ئەلۋەتتە ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل كەمتەر روھىنى ياشلىرىمىز قەدىرلەشكە تېگىشلىك . ئەمما ، 2005 ـ يىلى پېشقەدەم شائىرلىرىمىزمۇ بۇ مۇكاپاتقا ئەسەر بېرىشى مۇمكىن ، شۇنداق بولغاندا ، ياش ياكى پېشقەدەم دېمەستىن تەڭ ، باراۋەر ئاساستا بەيگىگە چۈشۈشكە توغرا كېلىدۇ ، بۇ قېتىمقى «ئاقيول» مۇكاپاتى پائالىيىتىنىڭ تۈرتكىسىدە بىزنىڭ باشقا مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچىلىرىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە نەزىرىنى تاشلىسا ئەجەب ئەمەس . ئەگەر شۇنداق قىلسا بىز قارشى ئالىمىز . سۆزۈم تۈگىدى ، كۆپچىلىككە رەھمەت!

تەھرىرلىگۈچى: **ئەكبەر سالىھ**



# شېئىر ۋە ۋىناسنىڭ يوپكىسى

## «ئافيول مۇكاپاتى» تارقىتىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز

**ئىمىن ئەھمىدى**

بۇ نۆۋەت مۇكاپاتقا ئېرىشكەن شېئىرلار ۋە ماقالىلەر ئاددىي بىر كارخانا بىلەن ئوقۇرمەنلەر ياخشى كۆرىدىغان ئاددىي بىر ژۇرنال تەھرىراتى بىرلىكتە ئېلىپ بارغان ئاممىۋى شېئىرىي پائالىيەتنىڭ ئېرىنچەكلىك بىلەن يېتىپ كەلگەن باھار پەسلىگە تۇتقان سوۋغىسى ، شۇنداقلا بۇ مۇكاپات گەرچە خەلقئارادىكى نوبېل مۇكاپاتىدەك ھەيۋەتلىك ياكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەسىس قىلغان مۇكاپاتلاردەك داغدۇغىلىق تۈس ئالمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ، قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈلگەن ، مەۋجۇت قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئېسەڭگىرەپ قالماي غەربىي يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە يەنىلا شائىرلارنىڭ ۋە شېئىرنىڭ ئورنى بارلىقىنى ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ، ئومۇمەن ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى بىلىدىغانلارنىڭ يەنىلا شېئىرغا ئامراق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان مۇكاپات . شۇڭا ، بىز بۇ يەردە بىرقىسىم شېئىرلار ، بىرقىسىم ماقالىلەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى دېگەندىن كۆرە ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۆزىنىڭ گۈللىنىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلدى ، دەۋر ئالدىدا قىممەت ياراتتى دېيىشنى ئەۋزەل بىلىمىز . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، بۇ شېئىرلارنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئېتىراپ قىلىش ، يالغۇز ئاز بىرقىسىم شائىرلارغا ، ئوبزورچىلارغا كەلگەن شان ـ شەرەپ ئەمەس ، بەلكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە كەلگەن شان ـ شەرەپ.

مۇكاپاتقا ئېرىشكەن شېئىرلار ۋە ماقالىلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆزلەشكە توغرا كەلسە ، بىز بۇ شېئىرلار مۇشۇ پائالىيەتتەك ، شۇنداقلا شۇ شېئىرلارنىڭ ئاپتورلىرىدەك ئاددىي ، ئىدراكى ئۇقۇم ، مەنتىقىلىق چۈشەنچە ۋە پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەردىن خالىي ھالدا ھاياتلىقنىڭ بىزگە تولىمۇ تونۇش ھەمدە تولىمۇ ناتونۇش بولغان تەرەپلىرىنى جانلىق تىل ، سەممىي ھېسسىيات ۋە يارقىن ئوبراز بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن ، ئوقۇرمەنلەرگە ھەم ۋەزنى بار ئويلىنىش ، ھەم يەڭگىل ھاياجان بەخش ئەتكەن شېئىرلار دەپ ئېيتالايمىز . بۇ شېئىرلارنىڭ مىسرالىرىدىن پەردازلانمىغان پاكلىق ، بالىلارچە ساددا ئىنتىلىش ۋە گۈزەللىك ئۈستىدىكى پىنھان ئويلىنىش چىقىپ تۇرىدۇ . بۇ شېئىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرى خۇددى ئىرگار ئىرىنپو ئېيتقاندەك: «قىزغىنلىقتىن ئاپىرىدە بولغان تەشۋىقى رىغبەتنى ياكى ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن كېلىۋاتقان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ۋە ياكى ھەقىقەتتىن ئايان بولۇۋاتقان تەنبىھ ـ نەسىھەتلەرنى ئۆز قۇلىقىغا سۆرەپ كىرمىگەن» ، «ئەكسىچە ئۇلارنى شېئىردىكى شجائەتكە ۋە شېئىرنىڭ ھەقىقىي ئاملى بولغان گۈزەللىككە بويسۇنۇشقا يېتەكلىگەن» بولغاچقا ، جۈملىلەردىكى ماھىيەتلىك ئوي ـ پىكىر ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىلىنى چېكىدۇ ، قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ . ماقالىلەر توغرىسىدا شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى ، كۆپ ئەسىرلىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسى تېخىچە مۇكەممەل رەۋىشتە شەكىللەنمەيۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا مۇشۇ قېتىمقى مۇكاپاتقا سۇنۇلغان ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن جىمىكى ماقالىلەرمۇ بىزنى ناھايىتى خۇشال قىلىدۇ . يەنى بۇ ئەھۋال ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىش يولىدا تىرىشىۋاتقان تەتقىقات خادىملىرى ، ئەدەبىي تەنقىد ۋە شېئىر ئوبزورچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ھە دېسىلا تەييار نەزەرىيىسى بويىچە شەرھىيلەيدىغان ھادىسىلەرگە خاتىمە بېرىپ ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇستەقىل شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى ئۈچۈن ئاتلانغانلىقىنى سەممىزگە سالىدۇ.

دەرۋەقە ، خۇددى ئومۇمىيلىق مۇئەييەن خاسلىق

ئىچىدە ئىپادىلەنگىنىدەك ، بىر يىلدىن بۇيان «ئاقيول» مۇكاپاتى يۈزىسىدىن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بۇ شېئىرلار ۋە ماقالىلەر يېقىنقى بىرنەچچە يىل مابەينىدە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان زور بىر تۈركۈم ياش شائىرلارنىڭ ئالدى بىلەن ئاڭلىق يوسۇندا ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىغا قول سېلىپ ، شېئىردىكى چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىك ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى ، ئىدىيىۋى ئاڭنىڭ ئالدىنقى گىرۋىكىگە يېقىنلاپ ، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىۋاتقانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ قىممەتتە يۈز بېرىۋاتقان ۋەيرانلىققا ئۇدۇل تىكىلىپ ، ئەمەلىي ئارزۇ ــ ئارمانلارغا جان كىرگۈزۈۋاتقانلىقىنى ، مەئىشەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغان روھنى ئادالاپ ، مەدەنىيلىك ئېلىپ كېلىۋاتقان سەلبىي كەيپىياتلارغا سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ رېئاللىقتىكى رەڭگارەڭ مەنىۋى ۋە ماددىي بالا ــ قازالارغا دىققەت قىلىپ ، مودىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان خۇي ــ مىجەزنىڭ قورشاۋلىرىدىن بۆسۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى يېڭى بىر مەنزىلگە يېتەكلەۋاتقانلىقىنى نامايان قىلدى . مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر شېئىرىيەت قوشۇنىنىڭ 21 ــ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىلا كۆتۈرۈلۈش ئالامەتلىرى... زورىيشقا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ، ھەر خىل مېخانىكىلىق ئىجادىيەت ۋە ئۆزىنىڭكىنى ياكى باشقىلارنىڭكىنى تەكرارلاپ قويۇشى ، شاتۇتىدەك يۈزەكى نەرسىلەرگە مەھلىيا بولۇپ ، رېئاللىقنىڭ تېگى ــ تەكتىگە يېتەلمەسلىك ، بۇرۇنقىلاردىن ياكى ئەتراپىدىكىلەردىن ھالقىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ھەتتا ئۆزىدىنمۇ ھالقىيالماسلىقتەك ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇپ ، شېئىرنىڭ ئىجاد قىلىش ، يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت ئۆز مەنىسىگە يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ، ئەلۋەتتە . بۇ خىل ئىللەتلەرنى تۈگىتىش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش شائىرلارنىڭ ئۆزىگە ، ئۇلارنىڭ ئادىمىيلىك پەزىلىتىگە ، روھىغا ، ھېسسىياتىدىكى چىنلىقىغا ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىگە ، ئۇنىۋېرسال تىل ئىشلىتىش ماھارىتىگە ۋە شېئىرنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە باغلىق . ئەگەر شائىرلاردا مەسئۇلىيەت بار دېيىلسە ، ئۇلاردىكى ئەڭ زور مەسئۇلىيەت مۇشۇ . ناۋادا ، شائىرلارنى دەۋرگە مەسئۇل ، خەلققە مەسئۇل ، تارىخقا مەسئۇل دېسە ئۇنداقتا ئۇنىڭدىن قەھرىمانلار تارىخنى يارىتىدۇ دېيىدىغان خاتا تەبىر كېلىپ چىقىدۇ . ئەمەلىيەتتە تارىخ قەھرىمانىنى يارىتىدۇ ، ئۆز نۆۋىتىدە ھەرقايسى دەۋرمۇ ئۆزىنىڭ سەرخىل ئادەملىرىنى يارىتىدۇ . يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شۇ دەۋر ئۆزىنىڭ شائىرلىرىنىمۇ يارىتىدۇ . ئۆزىنىڭ شائىرلىرىنى تاللايدۇ ياكى شاللايدۇ . شائىر ياشىغان دەۋر ئەگەر شۇ شائىرنى يارىتىپ قالغان ۋە تاللىغان بولسا ، مۇشۇ تۈپەيلى ئۇ شائىر كېيىنكى دەۋرلەرگىمۇ كىرەلەيدۇ . شائىرلار پەقەت ئادەملەرنىڭ روھىغا مەسئۇل بولىدۇ . شېئىرلىرىدىكى چىنلىققا مەسئۇل بولىدۇ ، ئانا تىلىنىڭ قۇدرىتىگە مەسئۇل بولىدۇ . ھالبۇكى ، مۇشۇ مەقسەتنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ، رېئاللىقنىڭ گادىرماش ، كۆزنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىدىغان مەنزىرىلىرى ئىچىدىن ئېستېتىك زوقلىنىش مەيدانىنى ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ . شائىرلار پەقەت مۇشۇ ئېستېتىك زوقلىنىش مەيدانىنى تاپقاندىلا ، تەبىئەتنى ، ئادەملەرنى ، ۋەقە ــ ھادىسىلەرنى ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ، رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى ھېلىقى ئېستېتىك زوقلىنىش ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ ياتقان پەۋقۇلئاددە نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزەتكەندىلا ، ئۇلار ئۆزىدىكى بىر تەكتىلمەكچى بولغان مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلالايدۇ.

بېلىنسكى پۇشكىن ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ: «پۇشكىن ۋىناسىنىڭ يوپكىسىنى بىرىنچى بولۇپ ئوغرىلىۋالغان روسىيىلىك شائىر . يالغۇز ئۇنىڭ مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە باي شېئىرلىرىدىنلا ئەمەس ، ئۇنىڭدىكى ھەربىر تۇيغۇ ، مىجەز ــ كەيپىيات ، ئۇنىڭدىكى ئوي ــ پىكىر ، ئۇ تەسۋىرلەۋاتقان جىمىكى نەرسىلەردىن تىل بىلەن ئىزھار قىلىش تەسكە توختايدىغان شېئىر پۇراپ تۇرىدۇ . ئۇ رېئاللىق بىلەن تەبىئەتنى پەۋقۇلئاددە بىر نۇقتىدىن كۆزەتكەن شائىر ، بۇ نۇقتا پەقەت ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۈچۈنلا يارىتىلغان» دەيدۇ . بۇ سۆزلەردىن بىز مۇنداق ئىككى ئەھۋالنى بايقايمىز: بىرى ، ئاتالمىش شېئىرلاردا يالغۇز قاپىيە ، تۇراق ، رادىق قاتارلىقلار بولسىلا كۇپايە ئەمەس ، ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن شېئىرىي پۇراق بولغان بولۇشى كېرەك . يەنە بىرى ، شائىرلار يالغۇز شېئىرنىڭ ئۆزىگىلا ئەمەس ، بەلكى ئۆزىدىكى تۇيغۇ ، مىجەز ــ كەيپىيات ، ئوي ــ پىكىر ئۈچۈنمۇ ئالدى بىلەن ئۇلارنى كۆزىتىشتىكى پەۋقۇلئاددە بىر نۇقتىنى تاپقان بولۇشى كېرەك . پۇشكىن ۋىناسىنىڭ يوپكىسىنى ئوغرىلىۋېلىپ ، ئۇنى قىپيالىڭاچ قىلىپ قويغاندىن كېيىن تاپقان پەۋقۇلئاددە كۆزىتىش نۇقتىسى باشقا نەرسە ئەمەس ، ئۇ بىزنىڭ بىر تالاي ئۇيغۇر شائىرلىرىمىز ئاللىقاچان تاپقان ۋە تونۇپ يەتكەن ، تاكى ناۋائى ھەزرەتلىرىدىن تارتىپلا بىزگە مەلۇم بولۇپ كېلىۋاتقان ئېستېتىك زوقلىنىش مەيدانى . بىز بۇ نۆۋەت ئۆز شېئىرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن شائىرلارنىڭ ۋىناسىنىڭ يوپكىسىنى قانچىنچى

بولۇپ ئوغرىلىۋالغانلىقىنى ، ئۇنىڭ بەدىنى ئارقىلىق ئېستېتىك زوقلىنىش مەيدانىنى قانچىنچى بولۇپ تاپ- قانلىقىنى بىلمەيمىز . لېكىن ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە نىمشېھىت ، ل. مۇتەللىپ ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، تېيىپجان ئېلىيوپ ، رەخىم قاسىم ، بوغدا ئاب- دۇللا ، قۇربان بارات ، ئوسمانجان ساۋۇت قاتارلىقلارنى ۋىناسىنىڭ يويكىسىنى ئوغرىلاش ئارقىلىق پەۋقۇلئاددە بىر نۇقتىنى كۆرگەن ۋە ئېستېتىك زوقلىنىش مەيدا- نىنى تاپقانلار دېسەك خاتالاشمايمىز . بۇ يەردىكى ئېس- تېتىك زوقلىنىش مەيدانى جىمىكى نىقابلىرى يىرتى- ۋېتىلگەن ھەقىقىي كۆرۈنۈشتىكى رېئال دۇنيا ، يەنى ئادەملەرنىڭ تەقدىرى ۋە دەۋرنىڭ ۋەدىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . پەۋقۇلئاددە نۇقتىغا كەلسەك ، ئۇ شائىرلاردىكى روھىي تەجرىبە ، مەنىۋى غەليان ، ئىجادىي ۋەسۋەسە ۋە يوشۇرۇن ئاڭ . لېكىن ، بۇ خىل ئېستېتىك زوق ۋە بۇ زوققا كۆرە پەيدا بولىدىغان پەۋقۇلئاددە كۆرۈنۈش نۇقتى- سى ئادەتتىكى ئېستېتىك دىققەت ، ئېستېتىك ھاياجان ۋە ئېستېتىك قىزىقىشتىن يۇكسەك بولىدۇ . ئۇ ئۇقۇمغا ، چۈشەنچىگە ، فورمۇلاغا ئەمەس ، بەلكى تەسەۋۋۇرغا ، بې- ۋاستە تۇيغۇغا ، ھاياتلىق ئىرادىسىگە ۋە ئېستېتىك ئوبرازغا تايىنىدۇ . مۇنداق ئەھۋالدا ئېستېتىك زوقلىنىش مەيدانىدىن يانغان ئوت ئالدى بىلەن شائىرنىڭ قەلبىگە تۇتۇشىدۇ ، روھنى كۆيدۈرىدۇ ، يەنە دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا خۇددى پلاتون ئېيتقاندەك: جىمىكى شائىرلار «مەيلى ئېپوس ياكى لىرىك شېئىر جەھەتتە بولمىسۇن ، ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل شېئىرلىرىنى ماھارەتكە تايىنىپ ئەمەس ، بەلكى ئىلھامغا نائىل بولغانلىقى ، قانداقتۇر بىر ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ئۆزىگە جىندەك چاپلاشقانلىقى تۈ- پەيلى يېزىپ چىقىدۇ» ، «ئۇلار ئەقلىدىن ئېزىپ ، ئە- سەبىي ھالەتكە كەلمىسە ئىجادىي ئىقتىدارغا ئىگە بولالا- مايدۇ ، شېئىر يازالمايدۇ ياكى ئىلاھلارنىڭ تىلى بىلەن سۆزلىيەلمەيدۇ».

پسىخولوگىيە شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ئېستېتىك زوقنى ئادەملەردىكى ئىدراكىي ئويلىنىشتىن يىراقلاش- تۇرىدىغان روھىي تەجرىبە ، ئۇ فىزىئولوگىيىلىك تات- لىق سېزىملەر تۈپەيلى بارلىققا كېلىدىغان ھاياجان ، مۇھەببەت تۈپەيلى بارلىققا كېلىدىغان سۆيۈنۈش ، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ كۆيۈنۈشى تۈپەيلى بارلىققا كېلىدىغان قې- رىنداشلىق مېھرى ، بىرەر ياخشى ئىش قىلىش تۈپەيلى بارلىققا كېلىدىغان شادلىق قاتارلىقلار بىلەن ئوخشاش ھېسسىي پائالىيەت دەپ قارايدۇ . لېكىن ، مېنىڭچە شېئىرىيەتتىكى ئېستېتىك زوق باشقا ھەرقانداق زوقلى- نىشتىن ماھىيەتلىك پەرق قىلىدۇ . چۈنكى ، غەيرىي ئېستېتىك كۆچۈرمىش جەھەتتىن ئالغاندا ، ھەر خىل پسىخىك ئورگانىزمنىڭ بىر ـ بىرىگە ماسلاشمىغانلىقىغا كۆرە ، ئۇ خىل زوقلىنىشتا ئورگانىزملار بىر ـ بىرىنى يەكلەيدىغان ، بىر ـ بىرىگە يول قويمايدىغان كۆڭۈل- سىزلىكلەر يۈز بېرىدۇ . ئالايلۇق ، جىسمانىي قىلمىش- تىن كېلىدىغان فىزىئولوگىيىلىك زوقلىنىشتا ئىنسان- نىڭ قىلمىشى ئەخلاققا پىسەنت قىلمايدۇ . ئەخلاقىي تۇيغۇدىن كېلىدىغان مەنىۋى قانائەتتە ۋىجداننىڭ تىز- گىنلىشى جىسمانىي ئىنتىلىشلەرگە يول قويمايدۇ . ئەخلاقنىڭ مۇكەممەللىكىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئۈچۈن ، ئادەمنىڭ شەخسىي ئىستەكلىرى بىر يانغا چىكىنىدۇ . ئىلمىي تەتقىقاتتىن كېلىدىغان خۇشاللىقتا ئىدراكىي تەپەككۇر ھەممە نەرسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالىدۇ . ئالىملار ، كەشپىياتچىلار بۇ دەقىقىدە بارلىق ھېسسىياتنى بارلىق كۈچى بىلەن چەكلەيدۇ . چۈنكى ، مۇنداق چاغدا كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرسە ئىش بۇزۇلىدۇ . پەقەت ئېس- تېتىك زوقتىلا ھېس ـ تۇيغۇنى مەركەز قىلغان پسىخىك ئورگانىزملار ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىدۇ . نولۇق ھەرىكەتلىنىپ يۇكسەك دەرىجىدىكى گارمونىيىنى ، يەنى ماسلىشىشنى شەكىللەندۈرىدۇ . روھنىڭ كۆرى رېئال- لىقنىڭ كۆپۈكلىرىدىن ، ئادەمنى مەستخۇش قىلىدىغان رەڭدار مانانلاردىن ئۆتۈپ ، تىمتاسلىقتىكى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالىدۇ . جىمىكى پسىخىك ئورگانىزمدا بىر ـ بىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولمايدۇ . يوشۇرۇن ئاڭدىن تەۋەللۇت بولغان پسىخىك پائالىيەت شۇنداق راۋانلىشىدۇكى ، ئېستېتىك زوقلىنىش نۇقتى- سىدا تۇرۇپ ئالەمگە نەزەر سېلىۋاتقان شائىر ئۆزىگە ھاي بېرىۋاتقان ئىدراكىي تۇيغۇدىن ھالقىيدۇ . مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا ، ئېستېتىك زوقلىنىش مەيدانىدىن ئۆركەشلەپ كېلىۋاتقان ھېسسىيات دولقۇنى شېئىرىيەت ئېتىزلىرىغا يامرايدۇ . شائىرلاردىكى ئەركىن ئىرادە كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا پەرۋاز قىلىدۇ . شائىر ۋۇجۇدىدا ئىنسان ھاياتىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىدىغان ۋە شەخسىي ھەسرەت ـ نادامەتنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان بايرام پەيدا بو- لىدۇ . بۇ بايرامدا شائىردىكى ھېسسىي بىلىش ، ئەسلىمە ، ئۇلانما پىكىر ، تەسەۋۋۇر ، ھېسسىيات ، ئەقلىي ئويلى- نىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەزىلىلىك ئالىمگە تەل- پۈنىدۇ . شائىر روھى بىرگە بىرنى قوشسا ئىككى بولى- دىغان ئەمەلىي كۆرۈنۈش بىلەن ۋاقتىنچە خوشلىشىپ ، ئۇنىڭ تىرەن جايلىرىغا شۇڭغۇيدۇ . شائىرلار دەل مۇشۇ دە- قىقىدە پانىي دۇنيا ۋە رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىدىكى قايناملاردا

غۇلاچ ئاتىدۇ . يەنە مۇشۇ دەقىقىدە قەلەندەرلەر باي بولۇپ كېتىدۇ . ھوقۇقى يوقلار پادىشاھقا ئايلىنىدۇ . شائىر ئەگەر ئۆزى خالىسا ئاسماندىن ئايىنى يۇلۇۋالىدۇ . دېڭىزنىڭ ئاستىدىن ئۈنچە ـ مارجانلارنى سۈزۈپ چىقىدۇ . بارمىقىنى ساناپ قاپىيە ئىزدەيدىغان مۇشكۇلچىلىك يوقىلىپ ، شېئىرنىڭ ئۆزى ئاپئاق قەغەز بېتىگە بەئەينى ئۈزۈلمەي ئېقىۋاتقان شارقىراتمىلاردەك سەكرەيدۇ.

قىسقىچە ئېيتقاندا ، ئېستېتىك زوقلىنىش مەيدانى شائىرلارنىڭ ، بولۇپمۇ ياش شائىرلارنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق سورۇنى . رېئال دۇنيانىڭ ماھىيەتتىكى چىنلىقىنى تاپىدىغان نۇقتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى . شائىرلار مۇشۇ سورۇندا ، مۇشۇ نۇقتىدا رېئاللىقنىڭ ھەقىقىتى بىلەن سۆزلىشىدۇ . پۈتكۈل كائىنات بىلەن قۇچاقلىشىدۇ . ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىدە ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى روجەكلىرىنىمۇ پۈتۈن ئوقۇرمەنلەرگە ئېچىپ بېرىدۇ . ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يوپكا كىيىۋالغان ۋىناسنىڭ سىرتىدىن كۆرۈنمىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈنىدۇ . رېئاللىقتىكى چېكىتتەك قاراپ تۇرۇپمۇ ھېس قىلالمىغان مىسرالار شۇ دەقىقىدە مۇمكىنچىلىككە ئايلىنىدۇ . روھتىكى ئاجىزلىق تۈگەپ ، ئادىمىيلىك مۇكەممەللىككە ئېرىشىدۇ . شائىرنىڭ جەمئىيەت بىلەن ، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر بىلەن ، رېئاللىق بىلەن بولغان مەۋجۇتلۇق ئالاقىسى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى رېئاللىقنى ، ھاياتلىقنى سۆيگەن ، ئۆز شېئىرلىرىدا شائىرلىق مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلماقچى بولغان ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىقلىرىدا ئۆرتىنىپ ، ئىچى ئېچىشقان ۋە بۇلارنى مەنىۋى جۇغلانما قىلغان شائىرلاردىنلا شېئىر بولۇپ پۈتۈپ چىقىدۇ.

ئەسلى سۆزىمىزگە كەلسەك ، بۇ قېتىم شېئىرلىرى مۇكاپاتلانغان ۋە مۇشۇ مۇكاپاتقا ئاتاپ شېئىر يازغان ياش شائىرلارمۇ ئوخشاشلا ۋىناسنىڭ يوپكىسىنى ئوغرىلاپ ، ئېستېتىك زوقلىنىش مەيدانى تاپقانلار ۋە پەۋقۇلئادە بىر نۇقتىدا تۇرۇپ تەبىئەتنى ، رېئاللىقنى ، ئادەملەرنى كۆزەتكەنلەر قاتارىغا كىرىدۇ . لېكىن ، شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى ، ئېستېتىك زوقلىنىش بىر قېتىملىق روھىي تەجرىبە بىلەنلا تاماملانمايدۇ . بۇ خىل زوقلىنىشنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ۋىناسنىڭ يوپكىسىنى دائىم ئوغرىلاپ تۇرۇشقا ، يېڭىدىن يېڭى كۆزىتىش نۇقتىلىرىنى تېپىشقا توغرا كېلىدۇ . شۇ چاغدىلا شېئىر تەكرارلانمايدۇ . يېڭىدىن يېڭى تېمىلار بارلىققا كېلىدۇ ۋە كېيىنكى شېئىر ئالدىنقىسىدىن ، بۈگۈنكى شائىر تۈنۈگۈنكى ئۆزىدىن ھالقىيدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ . نەتىجىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ زور خۇشاللىق بېرەلەيدۇ . شائىرلار كۆپىيىپ ، شېئىر ئازىيىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالمۇ تۈگەيدۇ.

ئاخىرىدا دەيدىغىنىم ، ھاياتنىڭ ۋەزنى روھنىڭ ۋەزنى بىلەن ئۆلچەنگەندەك ، شېئىرنىڭ ۋەزنىمۇ ھېسسىياتتىكى سەمىمىيلىك بىلەن ، مىسرالاردىكى چىنلىق بىلەن ، ئانا تىلنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ . لېكىن ، بۇ يەردىكى چوڭقۇرلۇق ، سەمىمىيلىك ۋە چىنلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى كۆزدە تۇتىدۇ . ئۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقەتنى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىك ئورنىغا دەسسىتىشنى تەكىتلىمەيدۇ . چۈنكى ، شائىرلار بىرەر ھەقىقەتنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈشنى ، ھەقىقەتكە تەپسىر ئېيتىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە شېئىرمۇ بىرەر ھەقىقەتنىڭ كۆزىگە قاراپ گەپ قىلمايدۇ . ھەممىمىزگە مەلۇم ، ھەقىقەت ئىدراكى تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى ، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئىدراكنى رازى قىلىدۇ . شېئىر بولسا ئېستېتىك زوقنىڭ نەتىجىسى ، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا روھنى قانائەتلەندۈرىدۇ . پەيلاسوپلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئومۇمىي ھەقىقەت ۋە ئاخىرقى ھەقىقەت بولىدۇ . شائىرلارنىڭ ھەقىقەتنى ھېسسىي ھەقىقەت ۋە نىسبىي ھەقىقەت بولىدۇ . پەيلاسوپلار رېئاللىقتىن قانۇنىيەت ئاقتۇرىدۇ . بىزگە ئۇنداق قىلىش كېرەك ياكى مۇنداق قىلماسلىق كېرەكلىكىنى دەپ بېرىدۇ . شائىرلار بولسا ۋىناسنىڭ يوپكىسىنى كىيىۋالغان رېئاللىقنىڭ ئىچكى ئىنجىقلىرىغا قۇلاق سالىدۇ . ئۇلار رېئاللىقتىن روھ ئاقتۇرىدۇ ، ۋەزخانلىق قىلمايدۇ . دېمەك ، شائىرلار ئۈچۈن ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋرنىڭ ۋە شۇ دەۋر ئادەملىرىنىڭ روھىنى قېزىش ۋە بۇ روھ ئارقىلىق ئادەملەر روھىدا شۇ دەۋرنىڭ باش مېلودىيىسىنى ياڭرىتىش مۇقەددەس بۇرچ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇساپىسى جاپالىق ، لېكىن تولىمۇ گۈزەل . فرانسىيىلىك ھەيكەلتىراش رودىنىنىڭ «يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى شائىر بولالايدۇ» دېگىنى بويىچە ، مەن بارلىق ياشلاردا شېئىرىي پىكىر بولۇشقا ، ياش شائىرلىرىمىزدا ئېستېتىك زوقلىنىش مەيدانى بولۇشقا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن . ئۇلارنىڭ شېئىرىيەت سەپىرىگە ئاق يول تىلەيمەن.

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**



# شېئىرلار

**تەلئەت قادىرى**

## چوڭ بولماقتا شەھەردە بالا

چېكىپ قالدى بىر كۆن ئىشكنى ،
تەرەببالا ئوتۇنچى بوۋاي .
تۇرۇپ كەتتىم بىر هازاغىچە ،
بۇ قانداق ئىش ، ئەمدى نە قىلاي؟

بىسىپ قوياي دېسەم يوق هويلام ،
ئوتۇنىدىن ئېلىپ بىر باغلاپ .
ئۆگزىسى يق كاتەكتەك ئۆيدە ،
ياشىغاچ بىز خوتۇن ۋە بالام .

ئۇنتۇلماقتا ئوتۇنچى بوۋاي ،
ئۇنتۇلماقتا جاڭگال ئوتۇنى .
ئۇنتۇلماقتا مەھەللىلەرنى
قاپلىغان شۇ ئارچا تۇتۇنى .

تەبىئەتنى بىلىدۇ بالام ،
مۇئەللىمنىڭ ئاغزىدىن پەقەت .
جاڭگال ، توغراق ، يۇلغۇن دېگەننى
تونۇمايدۇ ئۇلار شۇ سەۋەب .

چوڭ بولماقتا شەھەردە بالا ،
تەبىئەتنى شۇنچە يىراقتا .
ئېمىپ پات ـ پات مومىلىرىنى
تاش ئەينەكتىن مۆزبىيخانىدا .

رەنجىمىگىن ، ئوتۇنچى بوۋاي ،
ئوتۇنىڭدىن ئالاي بىر باغلام .
كۆرۈپ قويسۇن توغراق دېگەننى ،
شور تۇپراقنى پاسپورتلۇق بالام .

تەقلىدىي سۈت ئېمىپ هەر كۈنى ،
چوڭ بولماقتا شەھەردە بالا .
شۇ بىر باغلام ئوتۇنغا ئوخشاش ،
قېرىماقتا شەھەردە دادا .

## قىسمەت

كىملەرنىڭ چىرايىدا شادلىق ـ كۈلكە ،
كىملەرنىڭ چىرايىدا قايغۇ يۇقى .
كىملەرنىڭ ئامەتلىرى كەلسە ئوڭدىن ،
كىملەرنىڭ يەر چىشلىگەن ئەلەم ـ تۇغى .

كىملەرنىڭ بەكلىرى كەسكەن بىلەن ،
كىملەرنىڭ تىغ ـ خەنجىرى ئۆتمەي قالار .
كىملەرنىڭ قارچۇغىسى ئالالماي ئوۋ ،
كىملەرنىڭ چۈجىلىرى شۇڭقار ئالار .

قوغلىشىپ بولالمايسەن ئادىللىقنى ،
بولغاندەك تەبىئەتنىڭ ياز ۋە قىشى .
بەزىدە قىسمەتنىڭ گىرۋەكلىرىدىن ،
نۇرلىنىپ قالىدۇ هاياتنىڭ سىرى .

# ئىككى شېئىر

**مۇسا ئەھەد**

## كۆزلەر سىرى

### 1

شۇنداقمۇ كۆزلەر بار ، شۇنداق بىر كۆزلەر ،
بۇ كۆزدە زىبا يوق تىنغان كېچىلەر .

ئۇنىڭ دىل تەكتىگە يوشۇرۇنغان كۆزى ،
ئەڭ پىنھان سىرلارنى ئۇن ـ تىنسىز سۆزلەر .

### 2

بۇ كۆزلەر ئەندىكىپ ، گاھ چۆچۈپ باقسا ،
ئۇياتلىق بىر هالەت زاهىر بولار هەم .

بۇ كۆزلەر تەكتىدە يەنە بىر كۆزگە ،
چەكسىز بىر ئازابنىڭ مۇڭى بولغان جەم .

هودۇققان ، هېيىققان بۇ كۆز هالىتى ،
بىر ئاهۇ ، ئۈۋچىنى كۆرگەن چۆلدىكى .
بۇ كۆزنىڭ يوچۇن بىر مۇڭ ـ نادامىتى ،
تىترىگەن شەبنەمدۇر تاڭدا گۈلدىكى .

گاھ مەيۇس بىر نىگاھ ، گاھى ئىزتىراپ ،
تۇمانى چېھرىگە تاشلايدۇ سايە .
ئوخشايدۇ ئاشىقنىڭ غەمكىن ئويىغا ،
كۆزلەردە ئەكس ئەتكەن ھەربىر ئىپادە .

مۇقەددەس مەنىلەر سىڭگەن بۇ كۆزلەر ،
كۆزلەردىن چوغ سوراپ يۈرمەس ئالدىراش .
نۇر ئىمىپ هايادىن نۇر سۆيگەن كۆزلەر ،
ئاشىققا ئارمان ئۇ ، مەردلەرگە ئوتقاش .

3

شوخ ، ئويناق ، جىلۋىگەر ، خۇمارلىق كۆزلەر ،
شىر كەبى ئەزىمەتنى خەستەك پەس قىلار .
بۇ كۆزلەر ئالدىدا ئاهۇ كۆزلىرى
تەئەججۇپ ئىلكىدە هەيران ـ هەس بولار .

ياسىداق قەسىرلەر ، ئاۋات رەستىلەر ،
قاراڭغۇ خانىلەرگە چولپان بۇ كۆزلەر .
نى شىرمەت قەلبىنى ئۇۋلاپ سېھرىدە
يۈچۈق بىر يارماققا سەرسان بۇ كۆزلەر .

تۆلكىدىن خۇي ئالغان ، شەيتاندىن ئۇگۇت ،
كۆندۈزدىن تۈنلەرگە ئاماق بۇ كۆزلەر .
قەدەمدە بىر شۇملۇق ، زىمىستان چىللاپ
تىلەيدۇ ياخشىغا دوزاخ بۇ كۆزلەر .

4

قەھرىمۇ ، زەھرىمۇ يوق شۇنداق كۆز بار ،
يوق ئۇندا مۇھەببەت ، نەپرەتتىن نىشان .
بەئەينى لالما ئىت ئۇنىڭ خۇي ـ پەيلى ،
ئەگىشەر كىم ئاڭا تاشلاپ بەرسە نان .

5

شۇنداقمۇ كۆزلەر بار مەغرۇر ، توق هامان ،
ئالماستەك يالتىراپ ، زەردەك ئۆڭمىگەن .
ئۆمۈرلۈك سىرىنى تۇتۇپ پاك ، پىنهان ،
قەلبىگە مەڭگۈلۈك دەپنە ئەيلىگەن .

كۆز كۆڭۈل ئەينىكى دەيدۇ بوۋىلار ،
هەر كۆزدە مىڭ سۈرەت ، مىڭ خىل رەڭ ، سىما .
كۆزلەرنىڭ سىرىنى بىلمەك كۆپ قىيىن ،
چۈنكى ئۇ ئۆزىدەك سىرلىق مۇئەمما .

## شۇ كىچە

شۇ كىچە ئۇيقۇسىز ئۆتتى تۈنلىرىم ،
شۇ كىچە قەلبىمدە يېڭى بىر ھىجران .
شۇ كىچە گۈل چۈشەپ چىقتىم تاڭغىچە ،
كۆزلىرىم رەڭگىنى ئەپقاچتى چولپان .

شۇ كىچە دىلرەبا ، مۇقەددەس كېچە ،
هەسرىتى ، دەردىدىن ئارتۇق لەززىتى .
ئاشىقلار قەسرىگە چىللايدۇ مىنى ،
كۆزنەكتە ئاي بولۇپ يارنىڭ سۈرىتى .

شۇ كىچە قۇت ياغقان ، ئامەتلىك كېچە ،
كۆكسۈمدە بەرق ئۇرغان ۋەسلىڭ غۇنچىسى .
كېچە كۆپ هاياتتا ، شۇنداق كېچىدىن ،
يار بولار ئۆمرۈڭگە يەنە قانچىسى.

# روھ سەلكىنى چىققاندا گۇر ـ گۇر

**قۇربان داۋۇت شاھىدى**

## يۈرەك قۇش

بىر مىسرا شېئىرنى چىشلىگەن پېتى ،
ئۇچۇپ كەت يۈرىكىم بۇ قاقشال تەندىن .

چىقىلغان چىنىدەك قالسۇن سۆڭىكىم ،
بۆلۈپ بەر ھەم ئۇنى ئوغلۇمغا تەڭدىن .
شاماللار ئارىلاپ يىرىلسا لىۋىڭ ،
شۇ مىسرا باغرىدا يېشىم بار ئىچكىن .
بىر لىۋەن ئۇمچىيىپ يىقىلسا بىھوش ،

سەن ئۇنى تونۇۋال ، تونۇۋال كىمكىن .
بۇلاقلار بويىنى ئەگىمە زىنهار ،
ئاھ ، بىلىپ بولمايدۇ كۆتەمدۇ قىلتاق!
سەن ئەمەس ئۇۋچى قۇش كۆزى تېگىلغان ،
پەرۋازىڭ پەقەتلا ئۆزۈڭگە قونداق .
يىراقلاپ كەت ھامان تونۇش گەۋدىدىن ،
ئۇ سېنىڭ دەردىڭگە بولالمىدى دال .
شۇ ئۇزۇن سەپەردىن كەلسەڭ ناۋادا ،
بىر بالا ئالدىڭغا چىقار ئېھتىمال .
سورىسا ئۇ سەندىن كەچمىش ھەققىدە ،
بەر ئاڭا بىر ئاق پەي ئىككىلەنمە ھېچ .
سورىسا ئۇ سەندىن ئۆزى ھەققىدە ،
سۆيۈپ قوي مەڭزىگە ئۆتۈپ كەتكىن تېچ .
ئېھ ، مېنىڭ قۇش بولۇپ ئۇچقان يۈرىكىم!
چىغىر يول كۆيىنى ئۆتەرسەن ئاڭلاپ .
چوغلانسا تەلپۈنۈپ دالىدا يۇلغۇن
بىر تامچە ئارماننى بېرەرسەن تاشلاپ .

## ئېھ ، مۇئەللىم باغرىڭ گۈلىستان

قېنىڭ بىلەن ياندۇرۇپ مەشئەل ،
ياشاپ كەلدىڭ بولۇپ سەمەندەر .
ئەقىدەڭگە ئوقۇيدۇ غەزەل ،
ئىزلىرىڭدا ئۈنگەن نىلۇپەر .
باھار قىلدىڭ قەھرىتان جۇتنى ،
قەلبلەردە پارلىتىپ قۇياش .
سەن ئۆزگىچە ھېس قىلدىڭ قۇتنى ،
گۈزەللىككە بولۇپ چىن سىرداش .
سىنىپلارغا كىرسەڭ ھەر نۆۋەت ،
قوللىرىڭدا كۆتۈرۈپ كىتاب .
كىردى دەيمىز دىللارغا سۆلكەت ،
چىن ئىنسانلىق ھەققىدە خىتاب!
دوسكىلارغا چاپتۇرساڭ تۇلپار ،
چوغ قالدۇ دىلدا بىر قۇچاق .
سۆكۈت باسقان تەنلەر لاۋۇلدار ،
ئوت چاقناتسا تاشلاردا تۇياق .
ۋۇجۇدلاردا ئۆزگەن تۆتەكنى ،
دەپ بېرەلمەس ئەمدى گولۇبۇس .
قەدىم ئىزنى ، يۈتكەن چۆچەكنى ،
سۆزلەپ بېرەر دىيار ۋە ئۇلۇس .
سەن مۇئەللىم ئىرپان جەڭچىسى ،
سەندىن قايتا يارالدى ئىنسان .
سەن گۈزەللىك ، ھەقنىڭ جارچىسى ،
ئېھ ، مۇئەللىم باغرىڭ گۈلىستان !

# ئۈچ شېئىر

### ئابدۇقەييۇم تۇرادىن (مەجنۇن)

## مەڭگۈلۈك ئېتىقاد

ئازابتىن يېرىلغان مىسكىن قەلبىمدىن ،
ئاھ! سىم ـ سىم يامغۇردەك ئاقار تىم ـ تىم قان .
سەن ئۇچۇن مىڭ ئۆلۈپ، تىرىلدىم مىڭ رەت ،
دەردىمنى چۈشەنمەي يۈردۈڭ ئەي نادان .

ئۆلگۈدەك مەي ئىچىپ، غەرق مەست بولۇپ ،
مەن كەلدىم يەنە بىر يىغلىۋالغىلى...
مەيلى ئۇر، يا تىللاپ سۈرۈندە قىلغىن ،
مەجنۇنلۇق شەھرىڭگە ئېپ كەلدى مېنى .

مەن ئۈچۈن شۇ قەدەر بىپەرۋا قىز سەن ،
تالاي يىل يىغلاتتىڭ ئىشقىڭدا زار ـ زار .
ئارمىنىم قالمايتتى ، قالمايتتى پەقەت ،
قوينۇڭدا جان بەرسەم جېنىم گۈلنىگار .

## يېگانە قەلبىڭدەك يىراق بىر جايدا

يېگانە قەلبىڭدەك يىراق بىر جايدا ،
تېپىرلاپ يۈرمەكتە بىر تەنها يۈرەك .
بىر ھەسرەت قەلبىمگە كىرمەكتە ئېقىپ ،
كەچ كۈزدە تۆكۈلگەن سىم ـ سىم يامغۇردەك .

يېگانە قەلبىڭدەك يىراق بىر جايدا ،
مەن ئاخشام يىغلىدىم قەلبىڭدەك يۇم ـ يۇم .
يۈرىكىم كاچكۇلنىڭ ئاستىدا قاتقان ،
بىر مەجرۇھ مەجنۇنغا ئايلاندى تۇرقۇم .

يېگانە قەلبىڭدەك يىراق بىر جايدا ،
بىر مەھەل ياشىدىم بەختسىزلىكتە .
ئاخىرى ھەممىسى بولدى بىر تىيىن ،
قەدرىمنى چۈشەندىم قەدىرسىزلىكتە .

## بەتخەجلىك

يولۇقتۇم ناھايەت قەھەتچىلىككە ،
چىرمىدى يۈرەكنى قاتمۇ قات ھەسرەت .
ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتتى بېشىمنىڭ ،
تەقدىرىم ئاھ! نېمە؟ بولار بۇ نۆۋەت .

ۋەسۋەسە ئىلكىدە يۈردۈم تەمتىرەپ ،
پۇل تېپىش كويىدا بولۇپ پايپېتەك .
ئەتىگە يەتمەيدۇ بۈگۈن تاپقىنىم ،
بىلمىدىم قانداقچە ياشىشىم كېرەك؟

نامراتمەن سارغايدىم خازانغا ئوخشاش ،
ھېچكىمدىن كۆرمەيمەن بەختسىزلىكنى .
شۇنچىلىك ئوخشايدۇ تەلىيىم ـ رىزقىم ،
بەتخەجلىك ئاخىرى قۇل قىلدى مېنى .

# يۇرت مۇھەببىتى

### ئابدۇللا موللا قاردۇ

## كوسراپ

سېكىلەكلىك قىزلار دەرياغا قاردۇ كەلدى ،
كۈلگۈنچەك قاردۇدىن مارجان ئېسىڭلار!
دەريادىكى ھەربىر بۈژغۈنغا
كۈلۈپ تۇرۇپ سالام بېرىڭلار!
نويابىرنىڭ ئاخىرىدىكى شېتىلە قۇياش ،
تاغ كەينىگە ئاتار ھەدەپ قاش ،
قۇرۇق غازاڭلار قويلار بىلەن بولۇۋاپتۇ ئاداش .
سىياھ تاغنىڭ كۆمۈرى كۆيمەكتە ،
ئايلىنىپ قىپقىزىل يۈرەككە .
تىمتاسلىق كۆيمەكتە ،
بۇلاق بېشىدا چېلىكنى ئۇنتۇپ قېتىپ قالغان
كىمنىدۇر چەكسىز كۈتتۈۋاتقان ،
زەڭگەر كۆزلۈك قىزچاقنىڭ يېشىغا ئايلىنىپ!
باللار مەكتەپتىن قايتتى ،
چانا ياساڭلار ،
دەريانىڭ جۇشقۇن شارقىرىشىغا
كەتسۇن قوشۇلۇپ!
چانا بىلەن كۈننى كەچ قىلىپ ،
ئۇلاغلىرىغا ئوت سېلىشنى قالارمۇ ئۇنتۇپ؟
مۇز يېرىلىپ سۇغا پىشلىغان
پەرىشتە باللار .
قۇرغاق شامالغا ئايلانغان ناخشا ،
ئوچاقلارنىڭ ئالدىدا تۇرار دۈگدىيىپ .
چۆچەككە ئايلانغان تاتلىق كېچىلەر ،
چۈشلەرگە رەڭ بەرگەن ئاينىڭ نۇرىدا .
چامغۇر سالغان مەززىلىك سۇيۇقئاش ،
سىڭىپ كەتتى تومۇر ـ تومۇرغا!
بىر كۈنلۈك ئىشنى سەھەردىن باشلا
دېگەن ھېكمەتلەر...
ئورناپ كەتكەن ئاراش ـ ئاراشقا .
پەرىشتىمۇ بۇ يەردە ، خىزىرمۇ ھەمدە
كۆك نۇرلارنىڭ ئۈۋىلىرى ھەم .
ئاسمانغا تۇتاش ئەزىم تاغ بوۋاي ،
ئايلانغان بەلكىم ئۇلۇغ سىماغا .
ئۇ بىر ھېكمەت ، ئۇ بىر ئىبادەت!
خىلۋەت يېزىدىكى بىر كۈنلۈك ھايات
تاتلىق ئاۋازلار ، ئىستەكلەر بىلەن
دەريا بىلەن باشلىنىپ كېتەر كېچىگە .
كوسراپ مانا شۇنداق جاي!!

## گۈلۈمگە

گۈلۈمنىڭ كۆزلىرى ،
ئىللىق نۇر بولۇپ كۆيمەكتە ،
كوسراپتىكى چەكسىز جىمجىتلىق ،
يىراقلاردىن كېلىدۇ ئۈنسىز ،
سىغىندۇرۇپ ئۇماق تاشلارنى...
قوڭۇر چاچلىرىنىڭ
يەلپۈنسە شۇتاپ ،
كوسراپ تىرىلىدۇ ھەربىر نەپەستىن .
ساڭا كۆيگەن بىر ساپ سۆيگۈدە ،
بۇغداي ناخشىسىنىڭ ئۈمىدلىرى بار ،
خاماندىكى يۇلتۇزلار
ئۇۋىلاپتۇ كۆزلىرىڭگىلا ،
ئۈندىكى كۆك ئاسمان ،
ئېقىۋاتامدۇ تومۇرلىرىڭدا؟!
قۇشقاچنىڭ ۋىچىرلىشى ،
ناخشاڭغا ئايلىنىپ كەتتى توساتتىن .
يەتتە قىزنىڭ قەبرىسى ،
ساڭا بەخت تىلەپ سوزدى قول .
سۇ قوشۇلۇشتىكى بېلىقلار ،
گۈلۈمنىڭ ئىدىشىغا چۆشەر پىلتىڭلاپ ،
گۈلۈمنىڭ بېلىق بېقىشىغا ئامراقلىقىنى بىلگەندەك...
مەن يىراقتا خەلق سارىيى ئالدىدا ،
ھاياتىمنى سىزماقتىمەن ،
ئىزتىراپلىق سىلكىنىشلەرگە!
خۇدا! ئامان قىل گۈلۈمنى ، ھەممىمىزنى ،
مەن سۆيگەن جاندىن ئەزىز يۇرتداشلىرىمنى!!

# قەدەھتە تاشقان رۇبائىيلار

**نۇرمۇھەممەت ھاشىم**

**1**

شارابنى كۆپ ئىچتىم غەرق مەست بولدۇم ،
ئۆزۈمنى ئىگىلەپ شاھ ـ خاقان بولدۇم .
ئىشقىمنىڭ گۆھىرى تاشتى خەزىنەمدىن ،
ھەممىدە بار بولدۇم ، ھەمدە يوق بولدۇم .

**2**

كېچە ـ كۈندۈز شارابىمنى خۇش ئىتەي ،
جور بولۇپ يار ساڭا توختىماي ئىچەي .
سىمايىڭ چاقنىغان مەيگە قاراپلا ،
بىر ئۆمۈر ئولتۇرۇپ مەست بولۇپ ئۆتەي .

**3**

قەدەھتە سۈزۈك مەي تىترەر تولۇن ئاي ،
مەستانە بولغانچە كۆزۈڭگە قاراي .
مىسلىسىز گۈزەلدۇر ئاشۇ دەقىقە ،
بىر ئۇلۇغ ئېقىندەك ئۆركەشلەپ ئاقاي .

**4**

مۇھەببەت شارابتۇر ، شاراب مۇھەببەت ،
بىرسىلا بولسىمۇ رازىمەن پەقەت .
مۇھەببەت شەربىتى مەست قىلسا مېنى ،
شارابنىڭ لەززىتى ئۈنىڭدىن دەھشەت .

**5**

سەن ئاشىق بولمىساڭ ئىچمىگىن شاراب ،
ۋە ياكى ئاشىق بول ئىچكەندە شاراب .
بىرسىمۇ بولمىسا سەندە ناۋادا ،
جىممىدە ئولتۇرغىن ئۆزۈڭگە قاراپ .

**6**


مەندە بار بىر يۈرەك مەسۇ ـ مەستانە ،
سۆيگۈگە لىق تولغان گۈل ـ گۈلىستانە .
مەن گۈلىستاندا ھەم گۈلىستان مەندە ،
كەيپ مەن ئۆزۈمدە قىلىپ سەيلانە .

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا، ئەركىن نۇر ، ئەكبەر سالىھ**

# ئاجرىشىش خىتابنامىسى

(پوۋېست)

هۈسەيىن تاش



«قۇيرۇقنى كۆتۈرگەن موزاي تېزەكلىمەي قويمايدۇ» دېگەندەك ، ئىككىمىز ئاخىر ئاجرىشىپ كەتتۇق . بۇ بىزنىڭ هاياتىمىزدىكى مەلۇم بىر جەرياننىڭ ئاخىرلىشىشى . بۇ خۇددى قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە سەپەرگە چىقىپ ، يولدا ئۆزئارا تونۇشۇپ ، هال ـ مۇڭ بولۇشۇپ ، تەسەللىي بېرىشىپ ، ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن هەر ئىككىمىز ئۆز يولىمىزغا راۋان بولغاندەكلا بىر ئىش! ئاجرىشىش سىنىڭ ئىرادەڭ ، خاهىشىڭ ، تاللىشىڭ . مەن سىنىڭدىن هەرگىز ئاغرىنمايمەن . چۈنكى ، سەن تاللاشقا دۇچ كېلىپ ، باشقا سەپەرداشلارغا ئېهتىياجلىق بولۇپ قالغانىدىڭ . بۇنداق هالەتتە سەن هەرگىزمۇ كەينىڭگە — مەن ، پەرزەنتلىرىڭ ، ئۇن نەچچە يىللىق ئائىلەڭ تەرەپكە يانالمايتتىڭ . كۆڭلى كەڭ سامانى ، چىمەنزارلىقنى ، ئەركىنلىكنى خالايدىغان قۇشنى قەپەسكە سولاپ قويۇپ ، ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن هۇزۇرلىنىمەن دەپ تەمە قىلىش ، سازەندىنى ئۇرۇپ ـ دۇمبالاپ ناخشا ئېيتقىلى سالغاندەك بىر ئىش . قۇش مەڭگۈ ئۆزى ئۈچۈن سايرايدۇ . بىراق ، بىز كىشىلىك تۇرمۇشتىكى نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى ۋە ئادەملەرنى بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىدۇ ، شۇنداقلا ، بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك دەپ ، خاتا ئويلىۋالىمىز . ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى خالايدىغانلىقىنى ، كىم ئۈچۈن ، نېمە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى هامان نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلىۋېتىمىز ، ئويلىمايمىز . بۇ بىزنى خاتا يولغا باشلايدىغان بىر تەرەپلىمە قاراش! ئەلۋەتتە ، ئائىلىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن ئادەممۇ قەپەستىكى قۇشقا ئوخشايدۇ . بىز ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئەمەس ، بەلكى كۆڭلىمىزنى غەش قىلىدىغان هەسرەتلىك نىداسىنى ، ئاهۇ ـ زارىنى ئاڭلايمىز . بىز بۇنىڭدىن يەنە قانچىلىك لەززەت ئالالايمىز؟ خۇشال بولالايمىز؟

پەرىخە ، سىنىڭ مەيلىڭ ، سىنىڭ تۇرمۇش هاسىلاتىڭ ، سىنىڭ كېيىنكى ئوقۇش مەزگىللىرىڭدە كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدىكى يىغىۋالغان بىر دۆۋە ئەخلەت تۇيسىنى ئالغان تەجرىبەڭ ، سېنى قارىغۇلارچە ، مەجنۇنلارچە تاللاش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلغانىدى . بۇلۇت قۇياشنى توسىۋالغاندەك سەن مېنىڭ روهىمغا ئورنىشىۋالغان قارا بۇلۇتسەن! قارا بۇلۇت يوقالسىلا ، روهىمدا ئۈمىد ـ ئىشەنچ قۇياشى پارلاپ ، ئىزتىراپلىقتا چۈشۈپ قالغان چۈشەنچە روجەكلىرىم مۇهەببەتنىڭ سېهىرلىك نۇر تالالىرى ئارقىلىق ئېچىلىپ ، قەلب قەسرىم ئېيتىخارلىققا تولغۇسى! ياق ، مەن سەن بىلەن ئادا ـ جۇدا بولغاندىن باشلاپ ئۆزۈمنى ئەڭ مۇشكۈل بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغان ئىشلەمچى ۋە ياكى قۇل ئازادلىققا ئېرىشكەندەك شۇنداق ئازادە ، شۇنداق يەڭگىل هېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم . دېمىسىمۇ مەن

ئائىلە قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنسانلار مېڭىپ بولغان ، مې-
ڭىۋاتقان ، يەنە ماڭىدىغان بىر يولنى بېسىپ بولدۇم . بۇ
شەرەپلىك ئىشمۇ ئەمەس ، نومۇس قىلىدىغان ئىشمۇ
ئەمەس ، ئۆكۈنىدىغان ، پۇشايمان قىلىدىغان ، ياش تۆ-
كىدىغان ئىش تېخىمۇ ئەمەس ، بەلكى ئىنسانچىلىقتا
يۈز بېرىپ تۇرىدىغان مەلۇم بىر جەرياننىڭ تاماملىنىشى .
ياشاش جەريانىدا ئادەمنىڭ روھىي ئازادلىكى بەك مۇھىم
ئىكەن . چۈنكى ، روھىڭدىكى كىچىككىنە غەم ـ ئەن-
دىشە ، ئىزتىراپ ، تەشۋىش ، گۇمان ھەم تۈگۈن ، شۇن-
داقلا كىچىككىنە كۆڭۈلسىز ئىشلارمۇ سېنى قىسىپ ،
ئارامىدا قويمايدىكەن . «قەرز ئاز بولسىمۇ خىجالەتتە
قويىدۇ ، ئوت كىچىك بولسىمۇ كۆيدۈرىدۇ ، ئەلەم ئاز
بولسىمۇ تەشۋىش يەتكۈزىدۇ ، دۈشمەن ئاجىز بولسىمۇ
ئاخىر ئۆز ئىشىنى قىلىدۇ» دەيدۇ بۇرۇن ئۆتكەن ئۇلۇغ-
لىرىمىز! بىراق ، بىز ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنىڭ تەسىرى
تۈپەيلىدىن دۇنياغا ، ئادەملەرگە تەشۋىش ، ئىزتىراپ ،
گۇمان ، ئىشەنمەسلىك بىلەن قارىغاچقا تاللاش ئېلىپ
بېرىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىمىز . قانداقتۇر رامكىلارنى
پاچاقلاپ تاشلىغۇمىز كېلىدۇ!... شۇڭلاشقا ئادەم مۇھىت
ئالماشتۇرۇپ تۇرمىسا ، تاللاش ئېلىپ بارمىسا ھاياتى مە-
نىسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ
قالىدۇ . سەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تاللايسەن . كۈچ ـ
ماغدۇرۇڭدىن قالغان تەقدىردىمۇ ، ھەتتا نىمجان ھالەتكە
چۈشۈپ قالغان تەقدىردىمۇ روھىي جەھەتتە تاللاش ئېلىپ
بارىسەن ، ئىنتىلىسەن ، تىركىشىپ باقىسەن ، تاللاش
قىممەت دېمەكتۇر . سەن ئۆزۈڭنى رازى قىلىدىغان ،
كۆڭلۈڭگە تەسەللى بېرىدىغان مەلۇم بىر تاللاشنى ئې-
لىپ بارغانىكەنسەن ، بۇ سېنىڭ ، ساڭىلا تەۋە بولغان
قىممەت يارىتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقىڭ بولۇپ ھې-
سابلىنىدۇ . بۇمۇ سەن ئۈچۈن قىممەت! چۈنكى ، سەن
ھامان ئۆز رازىلىقىڭ بىلەن تاللاش ئېلىپ بارىسەن .
كۆرۈنۈشتە سەن ئۆزۈڭگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ، تەسەللى
بېرەلەيدىغان ، ياردەم قىلالايدىغان ئادەمنى تاللىغاندەك ،
خىلمۇخىل ئىشلارنى قىلىۋاتقاندەك قىلغىنىڭ بىلەن
ئەمەلىيەتتە سېنىڭ تاللاۋاتقىنىڭ يەنىلا ئۆزۈڭ ، ئۆزۈڭ-
نىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ، يېڭىلاش! ئۈزلۈكسىز تاللاش
ئارقىلىق ئۆزۈڭنى نۇسخىلىماقچى ، يېڭى ياكى باشقا بىر
ئۆزۈڭ بولماقچى! ھەرقانداق بىر ئادەم ھاياتىدا ئۆزىنى بىر
چەتكە قايرىپ قويۇپ باشقىلارنى تاللىمايدۇ . پەقەت
باشقىلار ئارقىلىق ئۆزىنى تاللايدۇ . بىر ئادەم ھەرگىزمۇ
ئۆزىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ . سەن تاللاش ئارقىلىق ماس
كېلىشنى ئىزدەيسەن . باشقىلار بىزنىڭ ماس كېلىشى-
مىزدىكى ۋاستە ، ئويۇنچۇق ياكى ماس كېلىپ قالغاندا

بىزنىڭ ئۆزىمىز . ماس كەلمىگەندە بىزنىڭ يىرگىنىش-
لىك ئادىمىمىز . بىز ئاشۇنداق يۈزسىز! شۇڭلاشقا سەن
تاللايسەن ، ئەڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىڭغىچە تاللايسەن .
سەن پەقەت ئۆزۈڭنىلا تاللايسەن . يېڭى بىر ئۆزۈڭنى
ئىزدەيسەن . بىراق ، سەن باشقا ھېچكىم ئەمەس ، باشقا
ھېچنەرسىمۇ ئەمەس ، پەقەتلا ئۆزۈڭسەن! سەن ئۆزۈڭنى
نۇسخىلىماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلماي ، بىل-
مەي تاللاۋېرىسەن . سېنىڭ تۈرلۈك تاللاشلىرىڭ ئارقىلىق
ئېرىشىدىغىنىڭ ، مەڭگۈ يېڭىلىنمايدىغان ئۆزۈڭ ھەم
تىركىشىش ، خالاس.

راست ، ھاياتتا ئەڭ ئالدى بىلەن بىزنىڭ ئۆزىمىزدىن
باشقا يەنە نېمىمىز بار دەيسەن؟ تاللاش — مەۋجۇتلۇق-
نىڭ داۋاملىشىشى . تاللاش — ئادەملەر مەڭگۈ قۇتۇلال-
مايدىغان ئۈزلۈكسىزلىنىش ۋە ئىزتىراپلىق . شۇنداقلا ،
ئىنسانلارغىلا خاس بولغان مەلۇم بىر خىل پسىخىك
جەريان . بىزنىڭ نۇرغۇنلىرىمىز تۈرلۈك قائىدە ـ يوسۇن ،
ئەخلاق ـ مىزان ، قانۇن ـ مەجبۇرىيەتلەرنىڭ بېسىمى
تۈپەيلىدىن تۈرلۈك تاللاش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا ،
كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇرۇشقا ، تەسەللىگە ئېرىشىشكە زادىلا
قادىر بولالمايمىز . بولۇپمۇ مەن كۆڭلۈم خالاپ تۇرسىمۇ
شۇنداق قىلالمايمەن . بىر ئادەم ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھالى-
تىنى ئۆزگەرتىش تولىمۇ ئازابلىق جەريان بولسىمۇ ، گەپ
ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشتا . ئادەملەرنىڭ ، ياشاش-
نىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشتە . جەمئىيەتتىكى ئەخلاق ۋە
قانۇن بىر خىل مەجبۇرلاش تۈسىنى ئالغانلىقتىن ، قا-
نۇنسىزلىق ، ئەخلاقسىزلىق ھادىسىلىرى يەنىلا يۈز بې-
رىپ تۇرۇۋېرىدۇ . بىزگە بۇ يەردە قالغان نەرسە ئىنساننىڭ
ئۆزلۈك قىممىتىنى بىلىش ، خالاس . بۇنىڭ ئۈنۈمىنى
سەل چاغلاشقا بولمايدۇ . ئىجتىمائىيلىشىش — بىر ئا-
دەمنىڭ ئۆزىنى يوق قىلىشىدۇر . شۇنداقتىمۇ ، ئىجتى-
مائىيلىشىش ـ ئادەملەرنىڭ مۇھىم بەلگىسى . تازا دىق-
قەت قىلساق ، ئۇ بىزنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىمىز ، ھەر-
گىزمۇ بىزنىڭ ئىچكى ئۆزىمىز ئەمەس . سەن ھازىرقى
ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئۆزۈڭ بولالمايسەن ، باشقا ئا-
دەممۇ بولالمايسەن . بەلكى ھەممىمىز شۇنداقتۇرمىز .
بىراق ، بىز يەنىلا ئۆزىمىز بولۇش ئۈچۈن تىركىشىپلا
يۈرىمىز . لېكىن ، سەندىكى ئىمكانىيەت ، كۈچ ـ قۇۋ-
ۋەت چاغلىق بولغاچقا بىر ئۆمۈر ئۆزۈڭ بولالماي ھەسرەت
ئىچىدە تۈگىشىسەن! بىر ئادەمنىڭ تەبىئىتىدىن قارىغاندا ،
ئۇنىڭ ھېچنەرسىگە بويسۇنغۇسى يوق ، بەلكى بارلىق
نەرسىگە ئېرىشكۈسىلا بار! بولسا بارلىق چەكلىمىلەر ،
رامكىلار چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتسە ، ئادەم باغ-
لاقتىن بوشانغان ئاتتەك پايانسىز يايلاقتا ئەركىن ـ ئازادە

چېپىپ يۈرسە!... لېكىن ، بۇ مۇمكىنمۇ؟ بىز ھەممە نەرسىگە ئېرىشەلمەيمىز ، بەزى نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەيمۇ قالمايمىز . ھەممە نەرسىنى بىتچىتمۇ قىلالمايمىز . بەزى نەرسىلەرنى بىتچىت قىلالمايمۇ قالمايمىز!... بىز نېمىشقا تاللاش ئېلىپ بارىمىز؟ ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ قوغلىشىۋاتقىنىمىز بىر خىل مۇكەممەللىك ، ئۆزىمىز رازى بولىدىغان قىممەت! قارىغاندا ، داۋاملىق تاللاش ئېلىپ بېرىش ــ ئادەملەرنىڭ نۇرغۇن ـ نۇرغۇن نەرسىگە ئېرىشەلمەي رازى بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان روھىي تەڭپۇڭسىزلىقى بولسا كېرەك . چۈنكى ، بىز مەڭگۈلۈك مۇكەممەللىككە ، خۇشاللىققا ، تەسەللىگە ئېرىشەلمەي ، ئۆز تاللىشىمىزدىن تولۇق قانائەت ھاسىل قىلالماي ، داۋاملىق تاللاش ئېلىپ بارىمىز . مېنىڭچە ، بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىقنى يېڭىشنىڭ ئاڭ ئاددىي ئۇسۇلى ئۆزىمىزنىڭ نېمىشقا باش ـ ئاخىرى يوق مۇكەممەللىكنى ئىزدەپ ، توختاۋسىز ھالدا تاللاش ئېلىپ بارغانلىقىمىزنى ، ئۆزلۈكسىز تاللاۋېرىشنىڭ قىلچىمۇ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ، ئۆزىمىزنىڭ ئەسلىدە كىشىلىك تۇرمۇشتا مەڭگۈلۈك مۇكەممەللىكنى ئەمەس ، بەلكى بىر خىل روھىي تەڭپۇڭلۇقنى ئىزدەش يولىدا تاللاش ئېلىپ بارىمەن دەپ جاپا تارتىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلالىساقلا ھاياتقا ، ياشاشقا نىسبەتەن مۆتىدىل پوزىتسىيە تۇتۇپ ياشاش كېرەكلىكىنى چۈشىنىۋالىدىكەنمىز . ئىنسان پۈتكۈل ھاياتلىق سەپىرىدە پانىي ئالەمدىكى ھەممە نەرسىگە ئېرىشكۈچى ئەمەس . تارىختا جاھان سوراپ ئۆتكەن پادىشاھ ، ھۆكۈمرانلارمۇ پانىي ئالەمنىڭ بارلىق مەنىشەتلىرىگە ئېرىشەلىگەن ئەمەس . ھەممىمىز «ئاللانىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن» دەيمىز ، ھەممىمىزنىڭ بويىنىدا مۇشۇ ئارغامچا بار . بىز ئىنسانىيلىقتىن ، پاكىز روھىي ئالىمىمىزدىن ، ئۆزىمىزدىن يىراقلاشقانسېرى ئارغامچا سىرتماققا ئايلىنىپ ، ھەتتا بىزنى بوغۇپ قويۇشى مۇمكىن . ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە بىز نېمىگە شۇنچە پالاقلاپ كېتىمىز؟ ئەپسۇس ، بىز كىملەرنىدۇر رەنجىتىپ ، كىملەرنىدۇر خۇشال قىلىپ ياشايدىكەنمىز . كىملەرنىدۇر دۈشمەن كۆرۈپ ، كىملەرنىدۇر دوست بىلىۋالىدىكەنمىز . بۇ جەرياندا نۇرغۇن قېتىملاپ تاللاش ئېلىپ بارىدىكەنمىز . ھېچنەرسىگە تەن بەرگۈمىز كەلمەيدىكەن . ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنىڭ تاللاشتىكى مەقسىتىمۇ ، خالايدىغىنىمۇ پۇل ۋە مال ـ دۇنيادىن باشقا ھەممىمىز ئۆزئارا قانائەت ھاسىل قىلالايدىغان تەڭپۇڭلۇق . بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق يوقالسا سەن مېنى ياكى مەن سېنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرۈپ كېتەيلى ، مۇھەببەت تارازىسى قىيسىيىپ قالىدۇ ۋە ھەر ئىككىمىز تاللاش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولىمىز .

ئۇنىڭغا بىر تەرەپىنىڭلا ياخشى كۆرۈشىنىڭ ، سۆيۈشىنىڭ ، پاك ـ مۇھەببىتىنىڭ ئەڭ ئېسىل گۆھەر تاشلىرىنى پاتمانلاپ باسساقمۇ تارازىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيمىز! بەزىلىرىمىز مۇھەببەت بىلەن نىكاھنى ئايرىۋېتىمىز . ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ھادىسە تارازىنىڭ ئاللىقاچان ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقىنى ، مۇھەببەتنىڭ بەربات بولغىنى! بىرقىسىم ئالىملار «دۇنيادا مەڭگۈلۈك مۇھەببەت بولمايدۇ ، ھەرقانداق ھەقىقىي مۇھەببەتنى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 30 ئايلا قوغداپ قالغىلى بولىدۇ» دەپ قارىشىدىكەن . مۇھەببەت راستىنلا شۇنداق چەكلىك نەرسىمۇ؟ بۇنىڭغا مەن بىر نەرسە دېيەلمەيمەن . مۇھەببەت چوقۇم ئەر بىلەن ئايالنىڭ روھىي جەھەتتە بىر ـ بىرسىدىن قانائەت ھاسىل قىلىشى ، تەسەللى تۇيغۇسىغا ئېرىششى ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئىختىيار ئىلكىدىكى تەڭپۇڭلۇق تۇيغۇسى . مۇھەببەتتىمۇ ئىككى تەخسىلىك تارازا بار . بۇ تەخسىلەر بىزنىڭ ياخشى كۆرۈشىمىزنى ، پاك مۇھەببىتىمىزنى ، تۆلىگەن بەدەللىرىمىزنى سەرلەپ تۇرىدۇ . بۇنداق بولمىغاندا تەڭپۇڭسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ . مۇھەببەتنىڭ جايى ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ تەڭ قىممەتكە ئىگە قەلب تارازىسىدۇر . مۇھەببەتنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۇسۇلى ــ بىر خىل تەڭپۇڭ ھالەت . تەڭ قىممەتكە ئىگە بەدەل . ئىككى تەرەپنىڭ تۆلىگەن بەدىلى قانچىكى كۆچەيگەنسېرى تارازىنىڭ تەڭلىك ھالىتى شۇنچىكى خاتاسىز بولىدۇ!... ھاياتىمۇ ، كىشىلىك تۇرمۇشىمۇ ئۆزىنىڭ روھىي تەڭپۇڭلۇقىنى تاپالمىغان ھەرقانداق ئادەم كىشىلىك تۇرمۇشىمۇ ، ئائىلىدىمۇ ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى تاپالمايدىغان بەختسىز ئادەمدۇر! ئۇلارنىڭ كۈلكىسى ، ئۇلارنىڭ سۆيگۈسى ، ئېرىشىدىغان تەسەللىسى ، كىملەرنىدۇر ياخشى كۆرۈشى ، كىشىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ، ئىشقىلىپ ، ھەممىسى بىر خىل ئاڭسىز ھالەتتىكى ئۆتكۈنچى كۈلكە ، ئۆتكۈنچى سۆيگۈ ، ساختا مۇئامىلە ھەم ساختا تۇرمۇش . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ كۈلكىسىدە ، ئۇلارنىڭ سۆيگۈسىدە ئۆزىنى چۈشىنىدىغان ئالامەتلەر يوق! ئۇلار بىرەر پېشكەللىككە يولۇقسا دۇنيانى ، ياشاشنى بىمەنە ھەم ئازابلىق؛ ئادەملەرنى ۋاپاسىز ھەم رەھىمسىز ، ئۆزلىرىنى بەختسىز دەپ قارىۋالىدۇ . بىرەر قېتىم خۇشاللىققا ئېرىشىپ قالسا دۇنيانى گۈزەل ، ئادەملەرنى سۆيۈملۈك ، ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېسابلىۋالىدۇ . توۋا ، بىز ئادەملەر نېمىدېگەن ئاجىز ـ ھە! ئەمەلىيەتتە ھاياتتا ۋە تۇرمۇشتا ئازابمۇ ، خۇشاللىقمۇ تەڭلا مەۋجۇت . بىز بۇلارنىڭ بىرەرسىنى يوق قىلىۋېتىشكە قادىر ئەمەسمىز . گەپ بىزنىڭ بۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا ، قانداق

مۇئامىلىدە بولۇشىمىزغا باغلىق . ئېھتىمال ئازابقا يولۇققان ۋاقتىمىز ئۆزىمىزنىڭ بىرەر ئىشنىڭ باش ـ ئاخىرىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكىمىزدىندۇر . ئەلۋەتتە بۇنىڭلىق بىلەن باشقىلارنى ھەم ئۆزىمىزنى ئەيىبلىيەلمەيمىز . ئېھتىمال بۇ مەلۇم بىر جەرياننىڭ تاماملانغان ۋاقتىدۇر . سېنىڭ كوچىدا مەلۇم بىر ئادەم بىلەن پاراڭلاشماي ، سالامىمۇ قىلىشماي ، ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ ئۆتۈپ كېتىشىڭمۇ ھاياتىڭدىكى مەلۇم بىر جەرياننىڭ تاماملىنىشى ھېسابلىنىدۇ... ئېھتىمال روھى تەڭپۇڭسىز ئادەملەر ئۆزلىرىگە دائىم بەختسىزلىكنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قىلىشى مۇمكىن . ئائىلىدىكى قانائەتسىزلىك — تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ باشلىنىشى . راست ، ئىككىمىزنىڭ ئائىلە قۇرغاندىن كېيىنكى مۇھەببەت تارازىمىز قاچاندىن باشلاپ قىيسايدى؟ قاچاندىن باشلاپ ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتتى؟ ئېنىق ئېسىمدە يوق . مۇھەببەت تارازىسى بىر قېتىمدىلا ياكى تۇيۇقسىزلا بىر يانغا قىيسىيىپ قالىدىغان باققالنىڭ ياكى قاسساپنىڭ تارازىسى ئەمەس . ئادەم باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى ، ھۆرمىتىنى ، مۇھەببىتىنى ، سۆيۈشىنى ، ئۆزىنىڭ قەلب تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچەپ بېقىپ ، بىر خىل تەڭپۇڭلۇققا ئېرىشىدىغانغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن قوبۇل قىلىدۇ . ئىككىمىز مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن مەزگىللەردە دۇنيادا بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان مۇھەببەت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى . بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ئەنە شۇنداق جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ، تولىمۇ تەبىئىي ھالدا راۋاجلانغان . غېرىب ـ سەنەم ، تاھىر ـ زۆھرە ، پەرھاد ـ شېرىن دېگەنلەر بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى . مانا ئەمدى بىزنىڭ ئاشىق ـ مەشۇقلۇق سەپىرىمىز پەقەت چانمىغان ھالدا ئۆزىنىڭ شەرەپلىك مۇساپىسىنى بېسىپ بولدى . ۋاپادارلىقنى قەدىرلەيدىغانلارنىڭ نەزىرىدە بىز تولىمۇ پاسسىپ ، ئاجىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندىمىز . بىراق ، بۇ ئىككىمىزلا باسقان جەريان! شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت تارازىمىز ئاستا ـ ئاستا ئۆزىمىزنىڭ شەخسىيىتىمىز تەرەپكە ئېغىپ كەتتى . خۇددى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئاستا ـ ئاستا قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالغاندەك تەبىئىي ھالەتتە راۋاجلاندى . سېنىڭ قەلب تارازاڭدا مېنىڭ مۇھەببىتىمنىڭ كىچىككىنە ئۆۋىندىلىرىمۇ قالمىغاندۇ . ئېھتىمال سەن ئاشۇ تاغلىق شەھەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان يىلى قىشلىق تەتىلدىن قايتىپ كەلگەندىكى ھالىتىڭدىن باشلاپ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرسىدىكى مۇھەببەت تارازىسى قىيسىيىشقا باشلىغاندۇ . سەن تۇنجى قېتىملىق تەتىلدىن قايتىپ كەلگەندە ، بېكەتتە مەن سېنى تونۇماي قالغىلى تاسلا قاپتىمەن . ئۇچاڭدىكى مودا كىيىم بىلەن ئاخۇنۇمنىڭ يوغان سەللىسىدەك كۆپتۈرۈۋالغان چاچلىرىڭ سېنى باشقا بىر ئادەمگە ئوخشىتىپ قويغانىدى . قىش بولسىمۇ سوغۇقتىن قورقماي كەڭ ئېچىۋەتكەن مەيدەڭچۇ تېخى! ئادەم ئۆزىنىڭ چىراي ـ تۇرقىغا ماسلاشتۇرۇپ ياسانسا بولىۋېرىدۇ . ياسىنىش ھاۋا ئانىمىزدىن قالغان ئۇدۇمكەنغۇ . بىر ئادەمنىڭ رەتلىك كىيىنىشى ، چىرايلىق ياسىنىشى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىشى ۋە باشقىلارغا بولغان ھۆرمىتى ھېسابلىنىدۇ . بىراق ، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇپ كىيىنىش تېخىمۇ مۇھىم . لېكىن ، سەن يۇمىلاق يۈزۈڭگە خويمۇ يارىشىدىغان ، ساغرىڭدىن ھالقىپ چۈشىدىغان چاچلىرىڭنى كەستۈرۈپ ، ئەمەسلا بىر ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدىڭ . راستىنى ئېيتسام ، سېنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە بۇغداي ئۆڭ يۈزۈڭ يېنىغا شۇم بويا ئۈنۈپ چىققانلىق سەۋەبىدىن چوكىيالماي سارغىيىپ ، يىگىلەپ ، قويۇق قوغۇن پىلەكلىرىنىڭ ئارىسىدا قالغان مۇشتۇمدەك سېرىق سويمىغا ئوخشاپ قالغانىدى . سېنىڭ ئاشۇ تۇرقۇڭ راستتىنلا مېنى ھەيران قالدۇردى . بىر تەرەپتىن كۈلگۈممۇ كېلىپ قالدى . مەن سېنى خېلى دىتى بار ، قانداق ياسىنىشنى بىلىدۇ دەپ قارايتتىم . مەن شۇ چاغدا ئىچىمدە «توۋا ، مەن ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدا نېمىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمىسۇن ، چۈشەنمىسۇن ، بىراق كۈندە نەچچە رەت ئەينەكتىن كۆرىدىغان چىراي ـ تۇرقىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيدىغان ، قانداق ياسانسا يارىشىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلمەيدىغان ، كاللىسىنىڭ سۈيى بار خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتۇپ كەلدىممۇ نېمە؟ قارىغاندا ، مەن ئۆزۈممۇ بىر كالۋا ، دەلدۈش ئوخشايمەن» دەپ ئويلىدىم . بىز تاكسىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ۋاھ ، يېڭىلىققۇ! تونۇماي قالغىلى تاسلا قاپتىمەن ، — دېدىم مەن قىزغىنلىق بىلەن.

— شۇنداقمۇ ، بۇ دېگەن مودا ، مەدەنىيەت ، — دېدىڭ ، دۇنيادا سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتىدىغان باشقا گۈزەل قىزلار يوقتەك بىر خىل مەغرۇر قىياپەتتە.

— مودا قوغلىشىپ ، رېكورت بۇزۇپ تاشلىماق يەنە.

— ئادەم دېگەن بىرەر ئىشتا بولسىمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەك.

— بىلىم ئاشۇرغاننىڭ پايدىسى بولۇۋاتامدۇ نېمە ، ئەسلىدە سىزنى بالدۇرراق ئەۋەتىدىغان گەپكەندۇق.

— تەنە گەپ قىلماڭ ، يەنە مۇئەللىملىك قىلىپ دەرس ئۆتكۈڭىز كېلىۋاتامدۇ نېمە ، — سەن شۇنداق دەپ بولۇپ ، ئۆزۈڭنىڭ تېرىككەنلىكىڭنى چاندۇرماسلىق

www.uyghurkitap.com



ئۇچۇن زورىغا ھىجايدىڭ ، ــ بۇ مەكتەپ ئەمەس جۇمۇ.

ــ چاقچاق قىلىپ قويدۇم ، ئۈرۈمچىدىن كەلگەنلەرگە دەرس ئۆتكىلى بولامدىكەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز دېگەن بىزنىڭ ئەزىز مېھمىنىمىز تۇرسىڭىز.

مەن يەنە گەپ قىلسام قىزىرىشىپ قالىدىغاندەك بىلىنىپ جىم بولۇۋالدىم . چۈنكى ، سېنىڭ چىرايىڭ ئۆڭمىگەندەك قىلغىنى بىلەن تېرىككەنلىكىڭ ، كۆزلىرىڭنىڭ ئېقى يوغىناپ قالغانلىقىدىن مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى . ئېھتىمال كۆڭلۈڭدە مېنى كۆرەلمەي ، ھازىرقى مودىنى بىلمەي شۇنداق دېدى دەپ ئويلىغانسەن . «تووۋا ، مەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇۋاتامدىمەن قانداق؟ ھەرقانچە بولسىمۇ يۇمشاق باش ئەرگە ئايلىنىپ قالمىغاندىمەن؟ بوپتۇ ، ئائىلىنى ، باللارنى سېغىنىپ ، ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندە قاتتىق گەپ قىلماي».

ــ بېكەتكە باللارنىڭ شۇنداق چىققۇسى بار ئىدى ، قارىسام ھاۋا بەك سوغۇق تۇرىدۇ ، سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن دېدىم . ئۇلار ھازىر ئۆيدە كۆزلىرى تۆت بولۇپ ، ساقلاپ ئولتۇرىدۇ.

ــ ئۇلارنى مېنىڭمۇ شۇنداق كۆرگۈم كەلدى.

بىز ئارتۇق گەپ قىلىشمىدۇق . ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن باللارنى باغرىڭغا بېسىپ سۆيدۈڭ . ئەلۋەتتە بۇ سېنىڭ ئاتىلىق مېھرىڭ . شۇ كۈنى كەچتە ئىككىمىز ئارتۇق گەپ قىلىشماي يېتىپ قالدۇق . سەن بىردەمدىن كېيىنلا يېنىك تىنىپ ئۇخلاپ قالدىڭ . تۆت ئاي كۆرۈشمىگەن ئەر ـ خوتۇننىڭ دېيىشىدىغان يەنە باشقا گەپلىرى يوقمىدۇ؟ راستىنى ئېيتسام ، مەن سېنى تازا سېغىنغانىدىم . سېنىڭ تۇرقۇڭ شۇ تۇرسا ، مەن سېنى سېغىندىم دەپ زورلاپ قۇچاقلاپ ، سۆيۈپ نېمە كەپتۇ! ئۇزۇن ئايرىلغان ئەر ـ خوتۇنلاردىمۇ ئاز ـ تولا تارتىنىش بولىدىكەن . شۇ كۈنى ئېھتىمال سەۋەنلىك مەندىن ئۆتۈلگەندۇ . تەشەببۇسكار بولمىغاندىمەن . بىراق ، بىر ئائىلە بولۇپ قالغاندىكىن ئادەم بىر ـ بىرسىدىن ئاسان رەنجىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ . چۈنكى ، بىز بىر ـ بىرىمىزنى بەش قولدەك بىلگەندىكىن ناز قىلىشىپ يۈرگەننىڭ نېمە ھاجىتى دەپ ئويلاپتىمەن . ئەسلىدە سەۋەنلىك مەندە ئىكەن! سەن ئۈرۈمچىگە بارغان دەسلەپكى بىر ئايدا كۈندە دېگۈدەك بىزگە تېلېفون بېرىپ ، بىزنى سېغىنغانلىقىڭنى ، ئۇ يەرگە كۆنەلمىگەنلىكىڭنى ، ھەتتا قايتىپ كەتكۈڭنىڭ بارلىقىنىمۇ دېگەن ئەمەسمىدىڭ! مەن ئەخمەق ، پەرىخە بىزنى قانچە سېغىنغاندۇ ، قايتىپ كەلسە ئىككىمىز كېچىچە مۇڭدىشىمىز دەپ خاتا ئويلىۋاپتىمەن ، سېنىڭ شۇ كۈنكى پەرۋاسىز ھالىتىڭ مېنىڭ سەن بىلەن مۇڭدىشىش رايىمنى ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشۈرۈپ قويدى . مەن بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم . نېمىنى ئويلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن . ئېھتىمال ئەڭ بولمىغۇر خىياللارنى قىلىپ ، سەندىن گۇمانلىنىپ قالغاندىمەن . ئارتۇقچە ئويلىۋالغاندىمەن . «گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ» دېگەن سۆز راست بولسا كېرەك . دۇنيانىڭ ئىشلىرى بەكمۇ قىزىق ئىكەن ، مەن بۇرۇن سەھراغا چىقىپ بىرەر ھەپتە تۇرۇپ قېلىپ قايتىپ كەلسەم ، سېنىڭ قىلمىغان قىلىقلىرىڭ قالمايتتى . ماڭا ئەركىلەيتتىڭ . «ئەجەب ئۇزۇن يوقاپ كەتتىڭىز» دەيتتىڭ قۇلىقىمغا پىچىرلاپ تۇرۇپ . بىراق ھازىرچۇ؟ شۇ كۈنى كەچتە مەن سېنىڭ «بۇ دېگەن مودا ، مەدەنىيەت» دېگەن سۆزۈڭنى ئويلىدىم . مودا ھەرگىزمۇ مەدەنىيەت بولالمايدۇ ، قەدىرلىكىم . مەدەنىيەت ھەممە ئورتاق ھالدا ئۆز تۇرمۇشىغا ، روھىغا ئاستا ـ ئاستا سىڭدۈرگەن ، ئىنسانلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدە ئاكتىپ رول ئوينايدىغان ، ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدىغان ، ھەتتا بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ ، مۇستەھكەملىنىپ بارىدىغان بىر خىل قىممەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلىدىغان ھادىسىدۇر . مودا تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلەپ ، چاقماق چېقىپ ، بىردىنلا شارقىرىتىپ يامغۇر قۇيۇۋېتىپ توختاپ قالغان ئۆتكۈنچى ھاۋاغا ئوخشايدۇ . يېڭى كىيىملەرنى كىيگەن ، قورسىقى تويغان ، چىرايلىق پەرداز قىلىۋالغان ئادەمنىڭ ھەممىمىز ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان مەدەنىيەتلىك ئادەم بولۇشى ناتايىن . ئېھتىمال ئۇ سېنىڭ نەزىرىڭدىكىلا «مودا ، مەدەنىيەت» بولۇشى مۇمكىن.

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا ، تۇرمۇش شارائىتىغا ، ئەتراپىدىكى مۇھىت ۋە ئادەملەرگە ماس كېلىدىغان ، باشقىلار نورمال ھادىسە دەپ قارايدىغان مەدەنىيەت ئامىللىرىنى تەبىئىي يوسۇندا تاللايدۇ . بىراق ، سەن يەكچەشمىنىڭ شەھىرىدىن ئايرىلىپ ، ئۆز شەھىرىڭگە يېنىپ كەلگەندىمۇ يەنىلا بىر كۆزۈڭنى قىسىۋېلىپ يۈرسەڭ ، بۇ شەھەرلىكلەرنىڭ نەزىرىدە سەن راستىنلا يەكچەشمىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىڭنى ئويلىمىغان ، خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمىگەنسەن . ئېھتىمال سەن «دورامچۇق مايمۇننىڭ ئاقىۋىتى» توغرىسىدىكى ئىبرەتلىك ھېكايىنى ئوقۇمىغان ، ئاڭلىمىغان ئوخشايسەن . قۇلاق سال!

«بۇرۇن بىر مايمۇن بولغانىكەن ، ئۇ دەرەخ ئۈستىدە ئويناۋېتىپ پەس تەرەپتە ياغاچ ھەرىدەۋاتقان بىر ياغاچچىغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ . ياغاچچى بىر ياغاچنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ ياغاچ ھەرىدەۋاتقانىكەن . ياغاچچىنىڭ ئىككى شىناسى بار بولۇپ ، بىرسىنى ياغاچنىڭ يېرىقىغا تىقىپ قويۇپ ياغاچ ھەرىدەيدىكەن . ياغاچقا شىنا قېقىلغاچقا ياغاچنىڭ يېرىقى كېڭىيىپ ھەرىنىڭ

يۇرۇشۇشى راۋان ھەم تېز بولىدىكەن . ياغاچنى بىردەم ھەرىدىگەندىن كېيىن يېرىقىنىڭ كېڭەيگەن يېرىدىن يىراقلىغان ھەرە قىسىلىپ قېلىپ راۋان ماڭمىغانلىقتىن ، ياغاچچى يەنە بىر شىنانى ھەرىگە يېقىن يەرگە قاقىدىكەن ـ دە ، ئاۋۋالقى شىنا بوشاپ چىقىدىكەن . ياغاچچى ئاشۇ خىل تەرتىپ بويىچە خېلى ئۇزۇنغىچە ياغاچ ھەرىدەپتۇ . مايمۇن ياغاچچىغا قاراپ ئولتۇرسا ياغاچچى ئورنىدىن تۇرۇپ ھاجەتكە مېڭىپتۇ . مايمۇن بۇ يەرنىڭ ئۆزىگە ئوڭچە قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، دەرھال ياغاچنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ـ دە ، ياغاچچىنى دوراپ ياغاچقا مىنىپتۇ . ئەپسۇس ، ئۇ ياغاچچىدەك ياغاچنىڭ ھەرىدەلمىگەن تەرىپىدە ئولتۇرماي ھەرىدەلگەن تەرىپىگە ئولتۇرۇپتۇ . بۇ چاغدا مايمۇننىڭ قۇيرۇقى ياغاچنىڭ ھەرىدەلگەن يېرىگە ساڭگىلاپ چۈشۈپ قالغانىكەن . مايمۇن ئۆزىچە ئۇستىلىق قىلىپ ھەرىگە يېقىن يەرگە شىنا قاقماي ، قېقىپ قويۇلغان شىنانى تارتىۋېتىپ ، ھەرىگە قول ئۇزىتىشىغا ، ياغاچنىڭ يېرىقى ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى قىسىۋاپتۇ . مايمۇن ئاغرىقا چىدىماي چىرقىراپ كېتىپتۇ . شۇ ھالدا تۇرغاندا ياغاچچى كېلىپ مايمۇننى تۇتۇپ ، مايمۇن ئويناتقۇچىغا سېتىۋېتىپتۇ» .

بۇرۇنقىلار «كۆلەلمىگەن نېمەڭگە ، ھېجايما» ، «ئوق يەتمىگەن يەرگە ، قىلىچ شىلتىما» ، «سايەڭگە قاراپ بويۇڭنى ئۆلچىمە» دېگەندەك ھېكمەتلەرنى سەندەك ۋە مەندەكلەرگە ئىبرەت سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتكەن . كۆپىنىڭ يەكۈنىگە ، تەجرىبىسىگە مەلۇم بىر ھەقىقەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ . گەپ سېنىڭ بۇ خىل ھەقىقەتنى بايقىيالىشىڭدا . ھەرگىزمۇ بۇ ھەقىقەتنى كۆككە سورۇۋېتەلمەيسەن . توۋا دەيمەن ، شۇ كۈنى كەچتە سائەت قانچىلەردە ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن . ئەتىسى ئويغانسام ئالىلىقاچان كۈن چىقىپ بولغانىكەن . باللار خېلى بۇرۇنلا ئورنىدىن تۇرغان بولسا كېرەك ، كېچىلىك كىيىمى بىلەنلا مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ ، تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ . سەن جايىڭدا ئاخشام ياتقان پېتى ئۇخلاۋاتاتتىڭ . «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى ، پۇت ـ قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەن گەپ بار ، يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەن چېغى ، ئۇخلىۋالسۇن دېدىم . ئەمەلىيەتتە سەن ئۇنداق ھۆرۈن خوتۇنلاردىن ئەمەس ئىدىڭ ، سەھەر تۇرۇپ ناشتىلىق تەييارلايتتىڭ ، ئۆي يىغىشتۇراتتىڭ... نېمىلا بولسۇن سەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىزنىڭ «ئەزىز مېھمىنىمىز»دە . مەن باللارنى كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ، يۈزىنى يۇيۇشقا بۇيرۇپ قويۇپ ، ناشتىلىق تەييارلاشقا كىرىشتىم . سەن ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن ، مەن تاماق قىلالمايمەن دەپ ئىككى قولۇمنى بۇرنۇمغا تىقىپ ئولتۇرغىلى بولمايدىكەن . مەنغۇ مەيلى ، باللار كىچىكىدە بېقىش تاپمىسا ، چوڭ بولغاندا زېھىن ـ قۇۋۋىتى ئاجىز ، كۈچسىز ، زەئىپ ، كېسەلمەن بولۇپ قالىدۇ . ئۇ چاغدا بىز ھازىرقىدىنمۇ چوڭ بەدەل تۆلەپ قالىمىز . ھاياتلىقتا بىزنىڭ ئاشۇ ئىككى بالىمىزدىن باشقا يەنە نېمىمىز بار دەيسەن؟ مەن بۇرۇنلاردا باللارنى بېقىپ قاتارغا قوشۇشنى بىر خىل مەجبۇرىيەت دەپ قارايتتىم . ئەمەلىيەتتە بۇ مەجبۇرىيەت ئەمەس ، بەلكى بىر خىل تەسەللى ، بىر خىل خالاش ، بىر خىل خۇشاللىق ھەم رازىلىق ئىكەن . ئۇلار بىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىمىز ، ھاياتلىق ئىستىكىمىزنىڭ داۋاملىشىشى ئىكەن . تۇرمۇشتا مەجبۇرىيەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىش ھامان ئادەمنى قىيناپ قويىدۇ . ھاياتلىق سەپىرىدە بىر ئادەم تۇغۇلۇپ ئەڭ ئالدى بىلەن ئانىنىڭ ئىللىق باغرىدىن تەسەللى تاپىدۇ . ئايىغى چىقىپ ، ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغۇچە ھەر خىل ئويۇنلاردىن تەسەللى تاپىدۇ . ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن مۇھەببەتتىن ، خىزمەتتىن تەسەللى تاپماقچى بولىدۇ . ئاندىن ئائىلە قۇرۇپ ، ئۆز تەسەللىسىنى ئائىلىدىن ، جورىسىدىن ، پەرزەنتىدىن تاپماقچى بولىدۇ . ھاياتلىق ئىستىكى ئەنە شۇنداق داۋام قىلىدۇ . بىز پەرزەنتلىرىمىزدىن ئۆزىمىز ئىزدىگەن ، يەتمەكچى بولغان نەرسىنى تاپماقچى بولىمىز . ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ بىز دۈچ كەلگەن قىسمەتتىن خالىي بولالمايدۇ . ئۇلارمۇ ئېرىشمەكچى بولغانلىرىنى پەرزەنتلىرىدىن ۋە باشقىلاردىن ئىزدەيدۇ . بۇ بىر جەريان . بۇ بىر دەۋرىيلىك ، بۇ بىر ئۈزۈلمەس ئىزدەش!... ھاياتلىقتىكى مەنىمۇ مۇشۇ ، قىسمەتمۇ مۇشۇ! ھەرقانداق ئىنسان بۇ خىل قىسمەتتىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ! پەرزەنت بىزنىڭ تەسەللىنامىمىز ، پەرزەنت بىزنىڭ يەنە بىر ئۆزىمىز . بىراق ، بىز ئادەملەر بەكمۇ ئاجىزكەنمىز . ئۆزىمىزنىڭ تەسەللىسىنى ھامان باشقىلاردىن ئىزدەيدىكەنمىز!... شۇنداق ، مەن چامىمنىڭ يېتىشىچە ، كۈچۈمنىڭ بارىچە باللارنىڭ قورسىقىنى ئاچ قويماسلىقنى ئويلىدىم . ئەتىگەنلىك ناشتىدىن قويمىدىم ، چۈشلۈكى پەرۋەر يەسلىدە تاماق يەيدۇ . ئۇ يەسلىگە يېڭىدىن ئاپىرىپ بېرىلگەچكىمىكىن ، ھە دېسە ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى ئويلاپ تېپىپ ، يەسلىگە بارماسلىقنىڭ قازىنىنى ئاسماقچى بولىدۇ . «ئەتىل قويۇپ بەردى» ، «بۈگۈن يەكشەنبە ، دەم ئالىمىز» ، «ئۇيقۇم قانمىدى ، بىردەم ئۇخلىۋالاي» دەپ تۇرىۋالىدۇ . مەن ئۇنى ئالداپ ـ سىلاپ يەسلىگە ئاران ئېلىپ بارىمەن . ئىشقا كېچىكىپ قالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولدى . يەسلىدىكى مۇئەللىملەرنىڭ دېيىشىچە ، پەرۋەر دەرس ۋاقتىدىمۇ مۇرىسىدىن سومكىسىنى ئالغىلى ئۇنىمايدىكەن .

www.uyghurkitap.com

هەتتا چۈشلۈكى ئۇخلىغاندىمۇ چاپىنىنى باشقىلارنىڭ
ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، كىيىپ ئۇخلايدىكەن .
دەرس ۋاقتىدا خۇددى مەن ياكى سەن ئۇنى ئالغىلى كې-
لىدىغاندەك تالاغا قاراپ تۇرۇۋالىدىكەن . پەرۋەرنىڭ ئېيې-
تىشىچە ، چۈشلۈكى ئۇ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ ،
كۆزىنى يۇمۇپ يېتىۋالىدىكەن . مەن ئۇنىڭدىن: «ئۇخ-
لىماي نېمە ئويلاپ ياتىسىز ، قىزىم؟» دەپ سورىسام ، ئۇ:
«ئاپامنى ، سېنى مېنى تېزرەك ئېلىپ كېتەمدىكىن دەپ
ئويلايمەن» دەيدۇ . تووۋا ، هازىرقى باللارنىڭ كاللىسى
ئالامەت ئىشلەيدىغان بولۇپ كەتتىمۇ نېمە؟ مۇئەللىمدىن:
«پەرۋەر خاپا سالامدۇ» دەپ سورىسام ، «بەك گەپ ئاڭلاي-
دىكەن ، بىزگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ» دەيدۇ . بە-
زىدە تاماق يېگىلى ئۇنىمايدىكەن . تاماق يېگىلى ئۇنى-
ماسلىق كۆپىنچە باللارنىڭ ئادىتى بولۇپ قالغاندەكلا .
ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىشتىهاسىنى تۇتۇۋالىدىغان ئۇش-
شاق ـ چۈششەك ساختا نەرسىلەرگە كۆنۈپ قالغاچقا تاماق
يېگىلى ئۇنىمايدۇ . تووۋا ، بىز پۇل تاپىمىز دەپ باللار-
نىمۇ ئالدايدىغان ئىنساپسىزلاردىن ، كاززاپلاردىن بولۇپ
كەتتۇق . سەن قايتىپ كەلگەن كۈنى مەن مۇشۇ ئىشلار
توغرىسىدا ، سېنىڭ ئۇرۇمچىدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىڭ
توغرىسىدا پاراڭلىشارمىز دەپ ئويلاپتىكەنمەن . ئەپسۇس ،
بەك ئەپسۇس ، ئىشلار مەن ئويلىغاندەك بولماي قالدى!...
شۇنداق ، مەن بەزىدە چۈشلۈك تاماقنى ئەلپەر بىلەن
ئۇلارنىڭ مەكتىپى ئالدىدىكى ئاشخانىدا يەيمەن . ئالدى-
راش بولۇپ قالسام ، قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ قويىمەن .
كەچلىك تاماقتا بەزىدە گۆش سالىمەن ، بەزىدە دوقمۇش-
تىكى تاللا بازىرىدىن تەييار چۆچۈرە ئەكىرىپ سېلىپ
بېرىمەن . بەزىدە كوچىغا چىقىپ كاۋاپ يەيمىز . ئالدى-
راپ قالغاندا تەييار چۆپمۇ يېدۇق . تەييار چۆپ بىزنىڭ
تاماق ئادىتىمىزگە يېڭىدىن قوشۇلغاچقىمىكىن ، مەن
ئۇنىڭغا پەقەتلا كۆنەلمىدىم . ئەمەلىيەتتە بىر ئادەمنىڭ
ئۆزىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدىن ۋاز كېچىشى ئۇن-
چىلىك ئاسان بولمىسا كېرەك . بىراق كىچىك باللار بەك
ئاسانلا يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىكەن .
تونۇردا تاۋلىنىپ پىشقان نان ئۇلارنىڭ نەزىرىدە هېچ-
نەرسە ئەمەس ، باللار تەييار چۆپكە كارامەت ئامراق چى-
قىپ قالدى . هەتتا قايناق سۇغا چىلىماي قۇرۇقمۇ يەۋې-
رىدۇ . پەرۋەرنى چوڭلارنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قوياي دېسەم ،
ئۆزۈڭ بىلىسەن ، ئۇلار ئەلپەرنى مەكتەپ يېشىغا توش-
قۇچە بېقىپ بەردى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانام يېشىنىڭ
چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تولا ئاغرىپ قالىدىغان بولۇپ
قالدى . مانا ئۇمۇ پانىي ئالەم بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى ،
بارسا كەلمەس يەرگە كەتتى! خۇدا ، رەهمەتلىكنىڭ ياتقان
يېرىنى جەننەتتە قىلغاي! بىز مۇشۇنداق ئىزگۈ تىلەكتىن
باشقا ئۇلارغا هېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمىز . ئانام كې-
سەلمەن تۇرۇقلۇق ماڭا: «بالام ، ئىككى بالا بىلەن قىي-
نىلىپ قالىسەن ، كىچىكىنى بولسىمۇ ماڭا ئەكېلىپ
بەرسەڭ» دەپ ، بىرنەچچە قېتىم دېدى . ئادەم بەزىدە
بىرەر ئىشنى توغرا قىلدىم ياكى توغرا ئويلىدىم دەپ خاتا
قىلىدىكەن ، خاتا ئويلىشىۋالىدىكەن . توغرا تاللىدىم دەپ
خاتا تاللىۋالىدىكەن . ئەلۋەتتە ، بۇنى هېچ كىشىدىن
كۆرگىلى بولمايدىكەن . ئانام كېسەل بولسىمۇ پەرۋەر
ئالدىدا ئويناپ يۈرسە روهىي جەهەتتە تەسەللى تېپىپ ،
يەنە بىر مەزگىل بولسىمۇ ئۆمۈر كۆرۈپ قالار ئىدى . مەن
ئانامنى ئايىدىم دەپ ئايىماي قويدۇمـمۇ قانداق ، دەپ
ئويلاپ قالدىم . ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن ، ئانىسى بارلارمۇ ،
ئانىسى يوقلارمۇ ، مەستلەرمۇ ، مەست ئەمەسلەرمۇ ئوخ-
شاشلا ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ، پەيزى تۇتۇپ قالسا ئۆزلى-
رىمۇ قوشۇلۇپ تووۋلايدىغان هېلىقى «ئانامنى ئەسلەپ»
دېگەن ناخشىنى بەزىدە مېنىڭمۇ ئېيتقۇم كېلىدىغان
بولۇپ قالدى . بۇ ناخشىنى بىزنىڭ ئاغىنىلەر مەست
بولۇپ قالسىلا سورۇننى هازىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغاندەك
توختىماي ، تەكرار ـ تەكرار تووۋلىشاتتى . مۇزىكىمۇ بىر
يەردە قالاتتى . ئادەم مەلۇم بىر قىممەتنىڭ قەدرىنى بۇ
قىممەتنى يوقاتقاندىن كېيىن هېس قىلىدىكەن . ياخشى
نەرسىنىڭ قەدرى قولىمىزدىن كەتكەندىن كېيىن بىلى-
نىدىكەن . «ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق» دېگەن سۆز
راست بولسا كېرەك . گەرچە دۇنيادىكى بارلىق نەرسە
بىزگە باقىمەندە بولمىسىمۇ ، بىز ئۆزىمىز تەسەللى تاپى-
دىغان نەرسىلىرىمىزدىن ئايرىلغاندا هەممىنى بىلىپ
قالىدىكەنمىز . سەن بىلەن ئارىمىزدا ئۆزئارا قىزىرىشىش ،
تەنە گەپ قىلىشىش باشلانغاندا ئانام دوختۇرخانىدا يې-
تىپ قالدى . شۇ چاغدا ئانام سەن بىلەن ئىككىمىز
ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ، ئۆزگىرىشلەرنى
سېزىۋالغاندەك قىلاتتى . بەزىدە ماڭا بىر نەرسە دېمەكچى
بولۇپ ئىسمىمنى چاقىرىپ ، ئارقىدىنلا گەپنىڭ يۆنى-
لىشىنى بۇراپ ، باللارنىڭ ئەهۋالىنى سورايتتى . ئۇ ماڭا
هېچنەرسە دېيەلمەي ئۆلۈپ كەتتى . شۇنداق ، هېچنەرسە
دېيەلمىدى . رەهمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بول-
غاي ، ئىلاهىم! ئۆلۈمنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكىلا بار
بولسىمۇ ، ئۇ هەممىمىزنىڭ بېشىدا بار ئىش . بىراق ،
بىزنىڭ قىلىۋېلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلىرىمىز-
نىڭ قالغانلىقى ئادەمنى ئۆكۈندۈرىدۇ . دەۋېلىشقا تې-
گىشلىك نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بوغىزىمىزدا كەپلىشىپ
قالغانلىقى بىزنى ئازابلايدۇ . باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىش
ئالدىدا تۇرغۇچى بىلەن هايات قالغان ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى

مېھرىبانلىق ، بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياش بىزنى ئۇنىسىز ياش تۆكۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ . بىر ـ بىرىمىزگە پانىي ئالەمدە يەنە ئۇزۇنغىچە بىرگە ياشايدىغانلىقىمىزدەك تەسەللى بېرىمىز . ئادىمىيلىك ئەنە شۇنداق چاغدا ئۆز كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ . ئېھتىمال ئۇچىغا چىققان قانخور جاللات ، ئادەم قېلىپىدىن چىققان باسقۇنچى ۋە قاتىلمۇ ئەنە شۇنداق چاغدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئادىمىيلىككە قايتىپ قالار . بىز شۇ چاغدا مەلۇم بىر ھەقىقەتنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولىمىز . بىراق ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بۇ ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ قالىمىز . چۈنكى ، بىز يەنە قانداقتۇر ئىشلار بىلەن ئالدىراشمىز . ئەمەلىيەتتە بىز ئۆزىمىزگە ئوخشىمايدىغان ھالەتتە ياشايمىز . سۈنئىي ، ساختا ئۆزىمىزنى ياشايمىز . چۈنكى ، بىز ئىجتىمائىيلاشقان ، يەنە ياشىمىساق بولمايدۇ!...

ناشتىلىق تەييار بولدى . بىز خېلىغىچە ساقلىغان بولساقمۇ سەن ئورنۇڭدىن تۇرمىدىڭ . مەن جايىدا يېتىپ جېنى چىقىپ قالمىغاندۇ دەپمۇ ئويلىدىم . مەن ئاخىر:

— پەرۋەر ، ئاپىڭىزنى ئويغىتىڭ قىزىم ، تاماق يەۋالسۇن ، — دېدىم . پەرۋەر يېنىڭغا كىرىپ:

— ئاپا ، ئورنۇڭدىن تۇر ، تاماق يەيمىز ، — دېدى . سەن:

— بولىدۇ قىزىم ، مەن ھازىرلا تۇرىمەن ، — دېدىڭ ـ دە ، تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدىڭ ، پەرۋەر ساڭا بىر ئالىيىپ قويۇپ دومسايغىنىچە يېنىپ چىقتى . پەرۋەر بەك خاپا بولدى . سەن كېتىپ مەن باللارنى بىرەر قېتىممۇ رەنجىتىپ قويغان يېرىم يوق . ئۇلار ئورۇنسىز تەلەپلەرنى قويۇپ قالسا چىرايلىقچە چۈشەندۈرىمەن ياكى گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ ، دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرايمەن . يېنىدا ئانىسى يوق باللارنى رەنجىتىپ ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە داغ پەيدا قىلىپ قويغۇم ئەسلا يوق . كۆڭلىدە ئانام يېنىمدا بولغان بولسا مېنى رەنجىتمەيتتى دەپ ئويلاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن . پەرۋەر بەك ئەقىللىق بالا بولدى . زېھنى شۇنداق ئۆتكۈر ، ئوشۇق ـ تۆشۈك گەپ قىلمايدۇ . ئۇ رەسىم سىزىشقا بەك قىزىقىدۇ . مېنىڭ ئۇنى سەن دېگەندەك ئۇسسۇلچى قىلغۇم يوق . چۈنكى ، ئۇ يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل ئويناپ نەتىجە قازانسىمۇ بىر گەپ ، بىر ئۆمۈر كوللېكتىپ ئۇسسۇلغا قاتنىشىپ ئۆتۈپ كەتسە ، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ كىچىك باللار دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرگە قىزىقىدىكەن . ئۆتكەندە پەرۋەر مەن بىلەن يەسلىگە كېتىۋېتىپ ، هارۋا سۆرەپ ئەسكى ـ تۈسكى يىغىۋاتقان ئايالنى كۆرۈپ:

— دادا ، مەن چوڭ بولسام ئەسكى ـ تۈسكى يىغقۇچى بولىمەن ، سەن هارۋا سۆرەيسەن ، مەن قەغەز تېرىمەن ، — دەيدۇ . مەن كۈلۈپ تاشلىدىم.

— بولىدىغان گەپكەن قىزىم ، — دېدىم . ئۇنىڭ قانداقلارچە بۇنداق خىيالغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن . كىچىك باللارنىڭ نەزىرىدە باشقىلارنىڭ ئىشلىرى ئويۇندەك تۇيۇلسا كېرەك . بىراق ، ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىغىمۇ سەممىيلىكنىڭ تامغىسى بېسىلىدىكەن . پەرۋەر يېقىندىلا ھېچ كىشىگە ئوخشىمايدىغان بىر ئادەمنىڭ رەسىمىنى سىزىپ ماڭا كۆرسىتىپ:

— دادا ، قارا ، كىمنى سىزىپتىمەن؟ — دەپ سورىدى . مەن پەرۋاسىز ھالدا:

— ئادەم ، — دېدىم.

— دۆت ، شۇنىمۇ بىلمىگىنىنى ، قارا ، ئاپامنى سىزدىم ، — دېدى . مەن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ يىغلاپ تاشلىغىلى تاسلا قالدىم . پەرۋەرنى باغرىمغا بېسىپ تۇرۇپ:



— خاپا بولماڭ قىزىم ، مەن تازا دىققەت قىلماپتىمەن ، — دېدىم . مەن ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ كەتتىم . نېمە ئويلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن . پەقەت ئۆزۈمگە «ئىسىت ، ئىسىت» دېگىنىمنىلا بىلىمەن . ھەتتا سۆزنى مېنىڭ ساڭا ياكى ئۆزۈمگە دېگەنلىكىم ئۆزۈمگىمۇ ئايان ئەمەس . ئېھتىمال ۋەيران بولغان بىر ئائىلىگە ، ئانىلىق مېھرىدىن

مەھرۇم قالغان نارەسىدە باللارغا «ئىسسىت» دېگەندىمەن . ئىككى تامچە ياش ئاققۇزغاندىمەن . مېنىڭچە ، بۇ پەرۋەرنىڭ قەلبىنىڭ پاك ، غۇبارسىزلىقىنىڭ تەسىرىدىن بولغان كۆز يېشىدۇر . شۇنداق ، باللارنىڭ ئادەتتىكى ئويۇنلىرىغىمۇ راستچىللىق ، سەممىيلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئويۇن ئەمەس ، بەلكى بىر خىزمەت . مەلۇم بىر ئىشنىڭ تاماملىنىشى ، خالاس!... مېنىڭ نەزىرىمدە ھەمسەپەرلىككە يارىمىغان ئادەم ئۈچۈن ياش تۆكۈش بەكمۇ بىمەنىلىك ، بولۇپمۇ سەن ئۈچۈن شۇنداق . تۇرمۇش بىزگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاتا قىلىپ بولۇپ يەنە ئېلىپ كېتىدۇ . گەپ بىزنىڭ ئۇنى قانداق تۇتىشىمىزدا . بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەتنىڭ ، ياكى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشنىڭ سېنىڭ كېيىنكى تەقدىر ـ قىسمەتلىرىڭنى بەلگىلەپ قويۇشى ناتايىن . ھەرقانداق ئادەمنىڭ بېشىغا مەڭگۈلۈك مەغلۇبىيەت پۈتۈلگەن ئەمەس . ئەلۋەتتە ، ھەرقانداق بىر ئادەم ئائىلە قۇرۇشتىن ئىلگىرى كۆڭلىدە مەن زادى نېمىشقا ئائىلە قۇرىمەن ، باشقىلار ئائىلە قۇرغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ئۇلارنى دوراپمۇ؟ ئائىلىگە كىرگەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلىمەن ، بەزىبىر كېلىشمەسلىكلەر يۈز بېرىپ قالسا قانداق تاقابىل تۇرىمەن ، ئائىلىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى قەيەرگىچە ، قايسى مەنزىلگىچە بولىدۇ؟ يېرىم يولدا توختاپ قالسا قانداق قىلىمەن؟ دېگەنلەرنى ئويلىشالمىسا بولمايدىكەن . چۈنكى ، بىز ئائىلىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن تۇتىمىز . ياخشى كۆرۈش ، كۆيۈدۈم ـ پىشتىم دېيىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدىكەن . ئەلۋەتتە ، ئائىلە ـــ بېلەت ئېلىپ كىرىپ كۆرۈپ ، ئىچ ـ پۇشۇقى بېسىلىپ ، كۆڭلى قانغاندا يېنىپ چىقىدىغان ھايۋاناتلار باغچىسى ئەمەس . ئائىلە ـــ ئەر بىلەن ئايال قول تۇتۇشۇپ ئاتلانغان ئۇزۇن سەپەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى . ئۇنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگاھى بىزنىڭ قەلبىمىزدىن ئۇ دۇنياغىچە تۇتىشىدۇ . بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزدە نامايان بولىدىغان ساداقەت ، ئەجەل يەتكۈچە بىرگە ياشاش . بۇ سەپەردە بىرسىمىز ئارقىغا داجىۋالساق ، ئوتتۇرا يولدا توختىۋالساق ياكى ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەتسەك سەپىرىمىز ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ . ئېھتىمال بۇنى ئوڭۇشسىزلىق دېگىلى بولماس . چۈنكى ، بىز خالىساق ئۆي تۇتساق ، خالىمىساق تۇتمىساقمۇ بولىۋېرىدۇ . پەقەت بىر ـ بىرىمىزگە ئورا كولىمىساقلا ، ئۆز يولىمىزدا خاتىرجەم كېتىۋېرىمىز . مەن سەن بىلەن بىللە يۈگۈرىمەن دەپ ئويلىغانىدىم . ئەپسۇس ، سېنىڭ قەدەملىرىڭ تۇيۇقسىزلا ئىتتىكلەپ كەتتى . مەن يېتىشەلمەي قالدىم . سەن قايسى يولدا يۈگۈرۈپ ، قايسى مەنزىلدە توختىماقچى؟ ئېھتىمال ئۆزۈڭمۇ بىلمەيدىغانسەن . مەن بىرسىنىڭ «تۇرمۇش يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئەمەس ، بەلكى قارىغا ئېتىش ، نىشانغا تەگكۈزۈش ـ تەگكۈزەلمەسلىك» دېگەن سۆزىنى ئوقۇغانىدىم . ئېھتىمال سەن بىرەر نىشانى قارىغا ئېلىپ يۈرگەنسەن . بىراق ، يېرىم يولدىكى قارىغا ئېلىش سېنى ھالسىرىتىپ قويۇشى مۇمكىن . سەن توشقاننىڭ ھەرىكەت دائىرىسىنى ، خاراكتېر ـ مىجەزى ۋە تەبىئىتىنى كۆزەتمەي تۇرۇپ ئۇنى ئوۋلىيالىشىڭ ناتايىن . ئەمەلىيەتتە سەن يېرىم يولدا قوشۇلۇپ قالغان ناباب ئوۋچى . بۇنداق ھۈنەر سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ . ئوۋچىدا سەۋر ـ تاقەت ، چىدام ـ غەيرەت بولمىسا ھېچنەرسىنى ئوۋلىيالمايدۇ... سەن كۆڭلۈڭدە ئەرلەرنى ئوۋلىۋەتتىم دەپ قارايسەن . ئاشۇ ئەرلەرمۇ سېنى ئوۋلىدۇق دەپ قارايدۇ . بىز ئەنە شۇنداق ئالدىنىش ئىچىدە ياشايمىز . گەپ كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە بىز ئۆزىمىزنىڭ ئالدانغانلىقىمىزدىن رازى بولۇش ـ بولماسلىقىمىزدا ، ياش تۆكۈش ـ تۆكمەسلىكىمىزدە . بىز مەن ھامان باشقىلارغا بەدەل تۆلىگەنىكەنمەن ، ئۇلارمۇ ماڭا بەدەل تۆلىشى كېرەك دەپ خاتا ئويلىۋالىمىز . ئەمەلىيەتتە ۋاقتى كەلگەندە بىزنىڭ بۇنداق بەدەللىرىمىز ھېچنەرسىگە ئەرزىمەي قالىدۇ . خەقلەر پېشىنى قېقىپ ئۆز يولىغا كېتىۋېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىز باشقىلاردىن يۈزسىزلىك قىلدى دەپ ئاغرىنىپ ، ئۇلارنى ئۆزىمىزگە دۈشمەن كۆرۈپ يۈرىمىز ، نەپرەتلىنىمىز . بۇنداق قىسمەت سېنىڭ بېشىڭدىمۇ ، مېنىڭ بېشىمدىمۇ بار . بىز بۇنى يوق قىلىۋېتەلمەيمىز . شۇڭا ، ھاياتتا ئالدىراپ بىرسىدىن خاپا بولغۇلۇق ئەمەس . ھەممىنى ، بارلىق سەۋەبنى ئۆزىمىزدىن ئىزدىگىنىمىز ئەڭ ئاقىلانىلىق!

بىز سېنى يەنە خېلى بىر ۋاقىتقىچە ساقلىدۇق . سەندىن ھېچقانداق بىر ئىنكاس ، سادا يوق ، ئۇخلاپ قالغاندەك ياتاتتىڭ . ئۇخلىدىڭمۇ ، ئۇخلىمىدىڭمۇ بۇنىسى ماڭا نامەلۇم ، ئاخىر بولماي مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

— پەرىخە ، ھاجەتكە چىقىپ كىرىپ ئۇخلىماسىز؟ — دەپ چاقىرىشقا مەجبۇر بولدۇم.

— ئىت پوق يېمەستە ، ئادەمگە نېمە سېسىق گەپ قىلىسىز؟ — دېدىڭ بىردىنلا ئۆرۈلۈپ ، — سىلەر يېگەچ تۇرساڭلار بولمامدۇ!

— سىز يوق چاغدىمۇ گېلىمىزدىن تاماق ئۆتكەن ، مەن تېخى بىر ئائىلىدىكىلەر جەم بولغاندا بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يەيمىزمىكىن دەپتىمەن . قوپۇڭ ، باللارمۇ ساقلاپ ئولتۇرىدۇ . ناشتىدىن كېيىن باللارنى بازار ئايلاندۇرۇپ كېلەيلى.

سەن مېنىڭ سەل ئاچچىقىم كەلگەنلىكىنى بىلىپ

قالدىڭ بولغاي:

— مانا ھازىر، سىلەر ناشتا قىلغاچ تۇرۇڭلار، — دېدىڭ. مەن باللارغا ئاپاڭلار قايتىپ كەلگەندە بازار ئايلىنىمىز دەپ ۋەدە بېرىپ قويغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىز ناشتىغا تۇتۇش قىلىۋەردۇق. سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ھاجەتكە چىقىپ كىرىپ ئالاھەزەل بىرەر سائەتچە پەرداز قىلدىڭ بولغاي، مەن سېنى ساقلاۋېرىپ ئاخىر ئۆيدىن چىقىپ، سىرتتا ساقلاپ تۇردۇم. مەقسىتىم سەن بىلەن بىرنەرسە دېيىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئىدى. سەن بىرھازا ياسىنىپ، جابدۇنۇپ چىقتىڭ. پەردازنى شۇنداقمۇ قېنىق قىلىۋالغان بارمۇ؟ خۇددى چاڭچىلە ئارتىسلىرىغا ئوخشاپ قالغانىدىڭ. بۇدۇر قىلدۇرۇۋالغانلىقىڭدىن بېشىڭغا پاتماي قالغان چاچلىرىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن سېۋەتتەك بولۇپ قالغانىدى. توۋا دەيمەن، مەن بىردىنلا خوتۇنۇم بىلىم ئاشۇرغىلى بېرىپ كاللىسىدىن كەتتىمۇ نېمە دەپ ئويلىدىم. سېنىڭ شۇ تۇرقۇڭ بىلەن مەن كوچىدا بىللە مېڭىشتىنمۇ خىجىل بولدۇم. قانداق قىلىمەن، سەن يەنىلا مېنىڭ خوتۇنۇم، سۆيۈملۈك باللىرىمنىڭ ئانىسى ئەمەسمۇ! قانداق بىر ساراڭ ساڭا بۇنداق قېنىق گىرىم قىلىشنى ئۆگىتىپ قويغاندۇ دەيمەن. سەن توم-توم قاشلىرىڭنى تېرىپ ئىنچىكە ياسىتىپ، يۈزۈڭگە ماينى بىكارغا ئالغاندەك بولۇشچە سۈرتۈپ، لەۋلىرىڭنى پارقىرايدىغان بىر خىل لەۋ سۈرۈقى بىلەن بوياپ، ئەتراپىغا قارا قەلەمدە سىزىق سىزىۋالغانىدىڭ. سېنىڭ بۇ چىرايىڭنى ئويلىسام دوختۇرخانىلاردا پراكتىكا ۋە مەشىققە ئىشلىتىلىدىغان سۈنئىي رىزىنكە ئادەم ئېسىمگە كېلىۋالىدۇ. ئادەمنىڭ چىرايىدا ئاز-تولا نۇر، ئىمان بولمىسا باشقىلارغا كېسەلمەن ئادەمدەك زەئىپ، خۇنۇك كۆرۈنۈپ، ئۆلۈكنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. سېنىڭ بۇ تۇرقۇڭ «خەلپەم كۈلمەيدۇ، كۈلسە تېلىقىپ قالىدۇ»، «بوياقچىنى بوياقچى دەپ قويسا، ساقىلىنى بويىۋاپتۇ» دېگەندەكلا ئىش بولغانىدى. سىرتقا چىققاندا ساڭا، سەن بۇنداق پەرداز قىلساڭ بولمايتتى دېگىلى بولاتتىمۇ، مەيلىلا، «ئاياللارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ نېمە كەپتىكەن، قىلغان پەردىزىغا ئارىلىشىۋالسام چاكىنىلىق بولۇپ قالامسۇن» دېدىم ئىچىمدە. ئەمەلىيەتتە بىزمۇ ئاشۇ گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولغۇچىلار بولغاندىكىن، ھېچبولمىسا ئۆزىمىزنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى بويىچە باھا بېرەلەيمىزغۇ! شۇنداقتىمۇ مەن سەن بىلەن يۈرگەن، توي قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى بىر مەزگىلگىچە كېسىلمەي كەلگەن توم چاچلىرىڭ، قويۇق قاشلىرىڭ، نۇر ۋە ئىمان يېغىپ تۇرىدىغان تەبىئىي چىرايىڭنى ئەسلەپ قالدىم. خۇدا تېخى سېنىڭ چىرايىڭغا قورۇق، چاچلىرىڭغا ئاق ئاتا قىلمىغانىدى. يوغان كۆزلىرىڭنىڭ ئەتراپىغا سۈرۈۋالغان لاك سېنى يالغانچى، جادۇگەر خوتۇنلاردەك قىلىپ قويغان بولۇپ، ماڭا سەن ئۆزۈڭنىڭ يېشىڭدىن بىرنەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈندۈڭ. سەن ئۆزۈڭنى يوق قىلغانىدىڭ. قارىغاندا، «خۇدا ئۇرسا، ئاۋۋال ئەقلىدىن ئۇرار» دېگەن سۆز راست بولسا كېرەك. چۈنكى، سەن ساراڭدەكلا، جىن سوقۇۋەتكەندەكلا بولۇپ قالغانىدىڭ. بەزىدە ئەينەككە قاراپ ئۆزۈڭچە كۈلۈپ قويىسەن، تاماق قىلىۋېتىپ ئۆزۈڭچىلا «بەتبۇي، بەتبۇي، بەتبۇي» دەپ ناخشىغىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر نەرسىلەرنى دەپ كېتىسەن. مەن راستىنلا ھەيران قالدىم.

— زورۇقۇش ئادەمنى قىيناپ قويىدۇ. توغرا، بەزىلەر تېززەك ماڭىمەن دەپ زورۇقىدۇ، بەزىلەر ئاستىراق ماڭىمەن دەپ زورۇقىدۇ. بىز بۇنداق قىلىپ نېمىگە ئېرىشمەكچى. ھاياتتا سىز ئالدىرىسىڭىزمۇ، ئالدىرىمىسىڭىزمۇ ئوخشاش بىر مەنزىلگە — ئۆلۈم مەنزىلىگە بارىسىز. ئۇندىن باشقا پانىي ئالەمدە ئادەم ئۈچۈن تەڭپۇڭ ھالەتتە ماڭىسەن دەپ بەلگىلەپ بېرىلگەن پرىنسىپ، مىزان يوق. ھاياتتا ئۆزىگە بېسىم ھېس قىلىۋالماي ئۆزىنى ئازادە تۇتۇپ ياشاش تېخىمۇ مۇھىم. ئازادىلىككە ئېرىشىش — ئەڭ بۈيۈك مەنزىل.

سەن مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەندىڭمۇ، چۈشەنمىدىڭمۇ بۇنىسى نامەلۇم، ئارتۇقچە ئىنكاس قايتۇرماي شۈك ئولتۇردۇڭ. ماڭا جاۋاب قايتۇرمىغىنىڭغا كۆپ رەھمەت! كېيىن سەن ئوقۇپ يۈرىدىغان «بەتبۇي» دېگەن ناخشا بىزنىڭ بۇ قەدىمىي شەھەرىمىزدىمۇ تارقالدى. قاۋاقخانا، رېستوران، ئاشخانا ھەتتا پارچە-پۇرات دۇكانلىرىدىمۇ، ھاراق سورۇنلىرىدىمۇ ياڭرايدىغان بولۇپ كەتتى. مەن بۇ ناخشىنى تولا ئاڭلاۋېرىپ بۇ ناخشا راستىنلا «بەتبۇي» كەن دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدىم. مەن تاكى ھازىرغىچە «بەتبۇي»نىڭ مەنىسىنى بىلمەيمەن. بىلىشنىمۇ خالىمايمەن. چۈنكى، سەن «بەتبۇي»نىڭ تەسىرىدە ئاينىپ قالغان. مانا ئەمدى مېنىڭ تۇرمۇشۇمدىن غايىب بولۇۋېدىڭ، «بەتبۇي»نىڭ پۇرىقىمۇ يوقىلىپ، ئەركىن نەپەس ئالىدىغان بولۇپ قالدىم. ئېھتىمال سەن ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن مېنىڭ «بەتبۇي» دېگەن ناخشا توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرىمنى ساۋاقداش، تونۇش-بىلىشلىرىڭگە ئېيتىپ يەنە بىر مەيدان ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈۋالغانسەن. سەن دېگەن تېز تۇرمۇش رىتىمى ئائىلىدىن چەتنەپ چىقىشمۇ؟ كوچىدىكىلەر بىلەن تەڭ يۈگۈرۈشمۇ؟ بۇمۇ مودىمۇ؟ ئاخىرىدا يەنىلا سەن ئۆزۈڭگە

ئېشىپ قالسەن . ھاياتتا ئادەمنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مال ـ مۈلكى پەقەت ئۆزىلا . سەن بۇ مال ـ مۈلكىڭنى ئۆزۈڭ ياخشى كۆرمەيدىغان بىرسىگە قالايمىقان تەقسىم قىلىۋەتسەڭ ئۆزۈڭنى ۋەيران قىلىسەن . سەن مۇشۇ مال ـ مۈلكىڭدىن ئازراقىنى بېرىشكە تېگىشلىك سېنىمۇ ، سەنمۇ ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىڭگە بېرەلىسەڭلا ، ئاندىن سەن ئۆز بايلىقىڭدىن ، ئۆزۈڭدىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقسەن . ئۆز مۈلكىڭنى تېخىمۇ كۆپەيتەلەيسەن ، ئۆزۈڭدىنمۇ ھەقىقىي رازى بولىسەن! تۇرمۇشتا ئادەم قۇربان بېرىش ئارقىلىقلا ئۆز تەسەللىسىنى ، ئۆزىنى تاپالايدۇ . مانا بۇ سەن ئېرىشىدىغان بايلىق . مانا بۇ سەن ئېرىشىدىغان خۇشاللىق ھەم بەخت! بەخت زورۇقۇپ ئېرىشىدىغان نەرسە ئەمەس ، بەلكى چامىسى يەتكەن ھالەتتە ئېرىشىدىغان قانائەت تۇيغۇسى . بەختنى ھېس قىلالمىساڭ ئۇ سېنىڭ تۇرمۇشۇڭدا يوق نەرسە . بەخت سېنىڭ روھىڭدا . بايقاشمۇ سېنىڭ روھىڭدا!...

قىسقىغىنە قىشلىق تەتىلنىڭ شۇنداق ئالدىراش ئۆتۈپ كەتتى . ئېھتىمال سەن ئۆزۈڭنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانسەن . ئۆيگە ، باللارغا قارايدىغان ۋاقتىڭ يوق . «ئۇ چاقىرىپتىكەن ، بۇ چاقىرىپتىكەن» دەپ يۈت ـ قوللىرىڭ يەرگە تەگمەي قالدى . ئېھتىمال ئەنگلىيىنىڭ سابىق ئايال ۋەزىرى ساچېر خانىممۇ سەندەك ئالدىراش يۈرمىگەن بولغىيدى . توغرا ، سەن چوڭ بولۇپ ، ئېغىزىڭغا چىش چىقىپ ، تۇنجى قېتىم يۇرت ئاتلاپ ئۈرۈمچىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىپ ، تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن يۇرتۇڭغا ـــ ئۆز شەھىرىڭگە قايتىپ كەلگىنىڭدە سېنى ئىزدەيدىغانلار ، سېنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سورايدىغانلار ، سېنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىڭنى ئاڭلاشنى خالايدىغانلار ئاز بولاتتىمۇ؟ تېخى بىزنىڭ نۇرغۇن قائىدىلىرىمىز بۇنىڭ سىرتىدا . سەن يۈگەنسىز ئاتقا ئوخشاپ قالغانىدىڭ . ئائىلە ، ئەر ، بالا ـ چاقا سېنىڭ كۆڭلۈڭدە يوقتەكلا . مەن ئۆزۈمچە سەن تەتىل قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆيدە باللار بىلەن كۆپرەك تۇرسا ، مەن تەتىل مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ياكى باشقىلارنىڭ توي قىلىملىرىنى ئىشلەپ ، ئازراق بولسىمۇ پۇل تاپساق ، ئۆينىڭ قەرزىنى تۆلەشكە پايدىسى تېگىپ قالارمىكىن دەپ ئويلاپتىكەنمەن . سەن ئوقۇشقا كېتىپ مائاشىڭ ئۆزۈڭ بىلەن كەتتى . خەقنىڭ شەھىرىگە بارغاندا يانچۇقتا ئازراق پۇل بولمىسا ئادەمنى غېرىبلىق بېسىپ ، بۇ شەھەر ئادەمگە دوزاختەك بىلىنىدۇ . مېنىڭ مائاشىم باللارنىڭ ئوقۇش پۇلى ، ئۆينىڭ خىراجىتى ۋە ئاللىقانداقتۇر ئادەمگەرچىلىكلەر بىلەن تۈگەيدۇ . كېيىنكى ئايغا لېۋىمىزنى چىشلەپ يۈرۈپ ، ئاران ئۈلىشىمىز . چۈشلۈكلىرى تاماقنى ئۆيدە يېسەڭ تازا ياخشى بولاتتى . بىراق ، تاماق قىلىمەن دەپ ئىشقا كېچىكىپ قالسام ، مۇكاپات پۇلۇم تۇتۇلۇپ بىر قېتىملىق تاماقنىڭ ئەللىك يۈەندىن يۈز يۈەنگىچە توختايدۇ . «ئېشىكى ئۈچ تەڭگە ، توقۇمى بەش تەڭگە» بولۇپ قالىدۇ . بىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز ئۇنچىلىك يۇقىرىمۇ ئەمەس . ئىقتىساد بۇزۇلۇپ چېچىلىۋەرسە بانكىدىن ئالغان قەرزنى باللارنى سېتىپ تۆلىگىلى بولمايدۇ ـ دە.

سەن تەتىل مەزگىللىرىڭدە سىرتتىكى ئولتۇرۇشلىرىڭدىن تەڭ كېچىلەردە كېلەتتىڭ . بۇرۇنلاردا توي ـ تۆكۈنلەرگە بېرىپ قالسا ، داستىخىنىنى قوشۇپ قويۇپلا ، ئۆيگە بالدۇرلا قاچىدىغان پەرىخە كۆزۈمگە باشقىچىلا كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى . پەرىخە زادىلا ئۆزىگە ئوخشىماي قېلىۋاتاتتى . مەن بەزىدە باللار بىلەن سېنى خېلى ۋاقىتقىچە ساقلايمەن . ئاخىر بولماي باللار ئۇخلاپ قالىدۇ . پەرۋەر سېنىڭ ھېلىقى ئاق مەرۋايىت مارجىنىڭنى قەيەردىن تېپىۋالدىكىنتاڭ ، دائىم ئۇنى تەسۋى قىلىپ سىيرىپ ، ئانامدىن ئۆگىنىۋالغان «كەلىمەتەييبە» دېگەن ئايەتنى ئوقۇغىنىچە ئۇخلاپ قالىدۇ . بىراق ، مەن مەكتىپىمىزنىڭ مۇدىرى ماڭا تېلېۋىزور كۆرۈشنى مەجبۇر قىلغاندەك تېتىقسىز ئېلانلارغا قاراپ چىداپ ئولتۇرىمەن . تاماكا چېكىۋېرىپ ئۆي ئىچىمۇ ئىسقا تولۇپ كېتىدۇ . بەزىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇزاققىچە باللارغا قاراپ كېتىمەن . يوتقانلىرى ئېچىلىپ قالغان بولسا يېپىپ قويىمەن . مەن سېنى ساقلاپ ، تاماكىنى ئۇزمەي چېكىپ ، تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرغان ھالىتىمنى ھازىر ئويلىسام ، مەن شۇ چاغدا ئەجەب بىر بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قاپتىكەنمەن دەپ ئۆزۈمگە ئىچ ئاغرىتىپمۇ قالىمەن . ھەتتا پەرىخەنى بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ بېشىمغا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىق تېرىۋالدىممۇ نېمە ، دەپمۇ قالىمەن . ئادەم بەزىدە باشقىلارغا پۇرسەت بېرىمەن دەپ ۋاقىتنى بەك ئارقىغا سوزۇۋەتسە ۋاقىت ئۇزارغانسېرى يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېپىۋالدىغان ئوخشايدۇ . مەن سېنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ مۇشۇ كەچلەردە ئەرلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان بىچارە ئاياللارمۇ باردۇ دەپ ئويلايتتىم . سەن ئاشۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالساڭ قانداق قىلاتتىڭ ، پەرىخە؟ مەن بەزىدە سېنى ساقلاپ ، ئاخىر بولماي قېيداپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالىمەن . سەن دائىم قېشىمدا بولۇپ ، بۇرۇندىنلا كەچ قايتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن بولساڭغۇ مەيلى ئىدى ، ئامالسىز توغرا چۈشىنەتتىم . بىراق ، تەتىل قىلىپ قايتىپ كېلىپ ، ئاخشاملىرى ئۆيگە كەچ كەلسەڭ ، مەن پەرىخە

ئۆزگىرىپ كەتتىمۇ نېمە دەپ ئەنسىرىمەمدىمەن؟ سەن كەچ قالغان كۈنلىرىڭدە گەپنى ناھايىتى چىرايلىق ياپتىڭلايسەن.

— ھەي، ھازىرغىچە ئۇخلىماپسىزغۇ؟ — دەيسەن بىر خىل مۇلايىملىق بىلەن كۆيۈنگەن قىياپەتتە. ئېھتىمال بۇ سېنىڭ گۇناھىڭنى يۇيۇشتىكى ئەڭ ياخشى ۋاستەڭ بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن مەن پەرىخە ئۆزىنىڭ كەچ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ، ئۆزىنى سورايدىكەن دەپ ئويلاپ، ساڭا دېمىسەم بولمىدى دېگەن گەپلىرىمنى ئۇنتۇپ قالىمەن. ئاچچىقىم ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئىدارەڭدىكىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ تولىمۇ كەچ قايتىپ كەلگىنىڭ ئېسىڭدە بولسا كېرەك. مەن تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇراتتىم (بۇ سەن ئەتىل قىلىپ قايتىپ كەلگىلى ئۈن نەچچە كۈن بولغان مەزگىللەر دېيمەن). سەن ئۆيگە كىرىپلا:

— تېخىچە ئۇخلىماپسىزغۇ؟ — دېدىڭ، مېنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان سېنى ساقلاپ ئولتۇرغىنىمنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويغاندەك.

— كارىۋاتتا يالغۇز يېتىشقا كۆنەلمەيدىكەنمەن.

مېنىڭ بۇ گېپىم قېيىدىغاندەك بولسىمۇ، ئەڭ سەمىمىي، ئەڭ راست گەپ بولغاچقىمىكىن، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئېرى بار ئايال ئىكەنلىكىڭنى، بۇ ئەرنىڭ روھىدا، تېنىدە مۇھەببەت، سۆيۈش، سېغىنىشتەك ئارزۇ - ئىستەكنىڭ بارلىقىنى تۇيۇقسىزلا ئېسىڭگە ئالغاندەك، ھېس قىلىپ يەتكەندەك يېنىمغا كېلىپ، بوينۇمغا قولۇڭنى ئالدىڭ - دە، سۆيۈپ تۇرۇپ:

— كەچۈرۈڭ، مەن بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، — دېدىڭ.

— مەن قېرىپ كۈچ - ماغدۇرۇمدىن قالغىنىم يوق. مانا ئەمدى تېخى قىرانلىق ۋاقتىمغا قەدەم قويۇۋاتىمەن. بەزىدە ئادەملەرنىڭ ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جەھەتتىن كەتكۈزۈپ قويىدىغان سەۋەنلىكلىرىدىن ئۇلارنىڭ كېيىنكى مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەپ قويىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ قالىدۇ.

— بولدى، گەپ قىلماڭ.

سەن شۇنداق دېدىڭ - دە، مېنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدىڭ. مەن پەرىخەنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى يەنىلا يېنىپ تۇرىدىكەن دەپ ئويلىدىم. مەن سېنى سۆيۈۋېيتىپ سېنىڭدىن قىزىل ھاراقنىڭ سۈس پۇرىقى كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. مەن خۇددى بىر نەرسىدىن چۆچۈگەندەك دەرھال سەندىن ئۆزۈمنى تارتىپ:

— ئەمدى سىز قىلمىغان مۇشۇ ئىش قالدىمۇ؟ — دېدىم.

— نېمە بولدى، سىزگە؟

— نېمە بولغانلىقىنى سەزمەيۋاتامسىز، ھاراق ئىچىپسىزغۇ؟

— ياق، ھاراق ئىچمىدىم. ئۈجمە شەربىتى دەمدۇ، قىزىلگۈل شەربىتى دەمدۇ، شۇنىڭدىن ئازراق ئىچكەن.

— ئۈجمە، قىزىلگۈل دېگەنلەرنىڭمۇ ھاراق تۈرلىرى بارغۇ؟

— مەن ماركىسىغا دىققەت قىلماپتىمەن.

— توۋا، پەرىخە، سىز مۇشۇ كۈنلەردە نېمە بولۇپ قېلىۋاتىسىز، مەن بۈگۈن - ئەتە سىزنى تونۇيالماي قالماي يەنە.

— تونۇيسىز، ئىچكىرىسىدىن، ئۇرۇمچىدىن مېھمانلار كەپتىكەن، ئاجۇجاڭ شۇلارنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ بىرەرنى ئىچىپ قويۇڭ دەپ، بەك زورلاپ تۇرۇۋالدى. پەقەت ئامال قىلالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىشىمغا ئاجۇجاڭ كۆپ كۈچ چىقاردى ئەمەسمۇ! شۇڭلاشقا...

— ئۇ سولامچىنىڭ، خەقنىڭ خوتۇنىنى ھاراققا زورلايدىغانغا نېمە ھەققى بار ئىكەن؟

— سىز ئېغىزىڭىزنى بۇزسىڭىز، پەقەت ياراشمايدىكەن.

— ئاچچىقى كەلگەندە توشقانمۇ ئادەم چىشلەيدۇ. خەق ئۇنىڭغا ئىدارىدە خىزمىتىنى قىلىپ بەرگەندىكىن بولدى. يەنە نېمىدەپ خەقنىڭ خوتۇنىنى چېتىۋالىدۇ. خەقنى بەك كوتۇۋالغۇسى، خۇشامەت قىلىۋالغۇسى، ياخشى كۆرۈنگۈسى كېلىپ كەتسە ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى چاقىرىپ بەرسە، بۇنداق «ئالىيجاناب روھ» مېھمانلارغا تازا خۇش ياقىدۇ ئەمەسمۇ؟

— مېنىمۇ، ئۇلارنىمۇ بىر يولىلا مېھمان قىلىپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققان گەپ.

— سىزمۇ ئۇنىڭ پاختىكىگە ئايلىنىپ قالماڭ، يەنە.

— توۋا دەڭە.

— ھەر ھالدا دىققەت قىلغانغا يەتمەيدۇ. بەزى ئادەملەر سىز بىلەن مەن ئويلىغاندەك ئۇنچىلىك سەمىمىي ئەمەس. ئۇنداقلارغا چىشىڭىزنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ قويسىڭىز، سىزنىڭ نىيىتىڭىزنى خاتا چۈشىنىپ، ماڭا مەيلى بار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، شىلىلىڭىزگە مىنىمەن دەيدۇ. قاپاق تۈرسىڭىز ماڭا كۆرەڭلىدى، سىر كۆرسىتىۋاتىدۇ دەپ پېيىڭىزنى قىرقىيمەن دەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ئۇنداقلار بىلەن بەلگىلىك ئارىلىق ساقلاپ، نورمال ئۆتكەن ياخشى. بۈگۈن شەربەت سۈيى ئىچۈرسە، ئەتىسى قىزىلنى ئىچۈرسە، ئۆگۈنى ئاقنى ئىچۈرسە. ئاخىرىدا ئىچۈرىدىغان يەنە باشقىسى چىقسا... ئۇنداق

ئادەمنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ . سىزنى ئاياشنى بىلمىگەن ئادەم سىزنى سېتىۋېتىشكىمۇ يارايدۇ . مەن باشقا گەپلەرنى دەپ يۈرمەي ، سەل ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالارسىز.

ــــ قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن . ئوقۇشنى سالامەت پۈتتۈرۈۋالاي قېنى... خاپا بولماڭ . بولدى ، ئۇخلاپ قالايلى.

نېملا بولسۇن شۇ كۈنى بىز تولىمۇ راھەت ئۇخلىدۇق... يەنىلا سەن ئەقىللىق كەلدىڭ . مەن سېنىڭ ئۆز باشلىقىڭنىڭ دامىغا چۈشۈپ قېلىشىڭدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتىم . مەن بۇنداق ھېكايىلەرنى كۆپ ئاڭلىغان ھەم كۆپ كۆرگەنمەن . نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا يۇقىرىدىن شەھىرىمىزگە «ئىككى ئاساسەن»نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكىدىكىلەر كەلگەندە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ ياش ، چىرايلىق خانىم ـ قىزلىرىنى ئۇلارغا ئۇلپەت بولۇشقا چاقىرىپ بەرگەنلىكىدەك ئىشلارنى شەھىرىمىزدىكىلەرنىڭ قايسىبىرى بىلمەيدۇ . شۇ چاغدا بىرقانچەيلەننىڭ ئائىلىسىدە جېدەل ـ ماجىرا چىقتى . مەكتىپىمىزدىكى ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ ئايالىمۇ ئۇلپەتچىلىككە بېرىپ قويۇپ ، بالا تېرىلدى . ئۇلار ئىككى بالىسىنى يېتىم قىلىپ ئاجرىشىپ كەتتى . ئايالى ھازىرغىچە پۇشايمان قىلىدىكەن . ئىدارىنىڭ باشلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ خوتۇنلىرىنى مېھمانلار بىلەن تانسا ئويناشقا ، ھاراق ئىچىشكە ، ئۇلپەتلىشىشكە ئېلىپ بارسا بولامدىكەن؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرىنىڭ بىرەر يېرىنىڭ ئۇپراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، خەقنىڭ خوتۇنىنى ئىشلىتىپ تۇرماقچىمىكىنە؟ بۇ بىر ئۆتنە ئوينايدىغان ئىش ئەمەسقۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق يۇقىرىنىمۇ ، خەقنىمۇ ، ئۆزىنىمۇ ئالداپ ياشايدىغان قىزىلكۆز ، روھى چىرىپ ، ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە بىر ـ ئىككى ئائىلىنىڭ ۋەيران بولۇشى ھېچقانچە ئىش بولمىسا كېرەك . بىز ياشاش جەريانىدا نېمىلەرنى يوقىتىپ قويۇۋاتىمىز ، بەك كۆپ ، بەك كۆپ! ھاياتتا ئادەمنىڭ ئېرىشىدىغىنىدىن ، يوقىتىپ قويىدىغىنى كۆپ بولىدۇ ، پەرىخە . ئۇلۇغ ئۆلىما جالالىدىن رۇمى «ئېرىشكىنىڭگىلا قانائەت قىلىش ، مەنىۋى ئۆلۈم . زامان بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ بىرلىكتە قەدەم تاشلاش ــــ ھاياتلىق» دەيدۇ . بىراق ، ئېرىشىش ــــ ۋاستە تاللىماسلىق دېگەنلىك بولمىسا كېرەك . بىز مەدەنىيەتلىك زاماندا يەنىلا روھى ئەخلەت ـ چاۋا بىلەن تولۇپ كەتكەن ، بەتبۇي پۇراق چىقىرىدىغان ئادەملەر بىلەن بىرگە ياشايدىكەنمىز . ئەمەلىيەتتە ئۇلاردا بىز بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ياشىغۇدەك روھىي كۈچ ، ئۆزگە بولغان ئىشەنچ يوق . ئۇلار نۇرغۇنلىغان ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ياپىدۇ . ئۇلار قارشى قۇتۇپنىڭ ئادەملىرى . ئۇلار بىز بىلەن بىرلىكتە قەدەم تاشلاپ ماڭسا نەپسىنىڭ يېتىشمەي ، ئۆپكىسىنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ . سەن بىلەن بىز ئۇلارنىڭ ئۆپكىسىنى كۆرەلمىگەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆپكىسى ئالللىقاچان سېسىشقا باشلىغان! ئېھتىمال كۆرۈپ تۇرساقمۇ گەپ قىلالمايدىغاندىمىز . ئۇلار ئۆزىگە قالغان ئىنسانچىلىقتىن ئىبارەت ئازغىنە ھارام پۇرسەتتىن پايدىلىنىۋالسا بولدى . ئۇلارنىڭ جىسمىلا ئادەمگە ئوخشايدۇ . خۇدا ئۇلارنى بىزنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ ياراتقان بولسىمۇ ، بەزىدە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشى بىلەن ئىش مۇشۇنداق ئوخشايدۇ دەپ بىزمۇ قېيىپ كېتىمىز . ئۇلارنىڭ چىدىماسلىقلىرىنى ، ئىچى يامانلىقلىرىنى ، ھىيلىگەرلىكىنى ، رەھىمسىزلىكىنى ، نومۇسسىزلىقىنى ، ئاسىيلىقىنى ، تەمەخورلۇقىنى بىز بىلىپ ـ بىلمەي تۇرلۇك ئادەتلىرىمىزگە سىڭدۈرۈۋالىمىز . ئۇلارغا ھەۋەس قىلىپ ، دورىماقچى بولىمىز . شۇلاردەك قىلالمىغانلىقىمىزدىن ئۆكۈنىمىز . ئۇلار بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىمىز ئەمەس ، بەلكى ئىبرەت ئۆلگىمىز بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى . ئۇلار پانىي ئالەمدىكى ئىبلىسلار بولسا كېرەك . بەزىدە سېنىڭ بىر ئىغىز لىللا گېپىڭ ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ، ھەرە كۆنىكىدەك قىلىۋېتىدىغان نەشتەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ . ئۇلار لىللا گەپ قىلغۇچىلارنى كۆزىدىن يوقاتمىغۇچە جىم ياتمايدۇ ، ئۆرتىنىدۇ ، ئازابلىنىدۇ . ئۇلارنى دوراش ئۆزىمىزنى ئىپلاسلىق يولىغا باشلىغانلىقىمىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس! بىز بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ قىلىۋاتقان رەزىل قىلمىشلىرىغا قاراپ ، ھەممە نەرسە ، ھەممە پۇرسەت شۇلار ئۈچۈنلا يارالغاندەك ، بىزگە ھېچنەرسە قالمىغاندەك ئويلىۋالىمىز ـ دە ، ئۆزىمىزچە بۇ دۇنيادا بىزنىڭ نېسىۋىمىز يوقتەك ، ھەممە نەرسە بۇلاڭ ـ تالاڭدا قالغاندەك جىددىيلىشىپ كېتىمىز . ئىزتىراپلىق ئىچىدە قىسىلىمىز ، نېمىگىدۇر ئالدىرايمىز ، نېمىگىدۇر ئېغىر ئۇھسىنىمىز . بەزىدە بىزنىڭمۇ ئۇلار ماڭغان يولدا ماڭغۇمىز كېلىدۇ . بىزنىڭ روھىمىز ھەقىقەتەن ئاجىز . بىزنىڭ دۇنيانى ، ئادەملەرنى ، ھاياتنى ، ياشاشنى ، ئۆزىمىزنى چۈشىنىشىمىز يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس . بىز ئۆزىمىزنىڭ تاشقى ھالىتىگە ، ئۆزىمىزمۇ سەزمەي باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ قالغان كىچىككىنە نەتىجىمىزگە ، ئازراق ئىمتىيازىمىزغا تايىنىپلا بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز تەسىرىمىزگە كىرگۈزۈۋالىدىغاندەك ئويلىۋالىمىز . مانا بۇ بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىز . مانا بۇ ئازراقلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساق ھەممىدىن ۋاز كېچىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىمىزدەك روھىي پاجىئە!

روھى ئۆلگەن ئادەم — يىلتىزسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ . يىلتىزسىز دەرەخ بۈگۈن كۆزۈڭگە ياپيېشىل كۆرۈنگىنى بىلەن بىر قېتىملىق جۇدۇن ياكى بىر قېتىملىق پىژغىرىم ئاپتاپتا بىراقلا يوپۇرماق تاشلاپ ، قىز مەزگىللىرى تالادا قالغان قەلەندەردەك شۈمشىيىپ قالىدۇ . سەن يىلتىزى قۇرۇپ كەتكەن دەرەخنى ھەرقانچە پەرۋىش قىلساڭمۇ ، ئۇنىڭ قايتىدىن كۆكلەپ چىققانلىقىنى كۆرگەنمۇ؟ گەرچە پانىي ئالەمدىكى بارلىق جانلىق ھامان زەئىپلىشىپ ، چىرىپ ، ئۆزىنىڭ ھاياتلىق ھۇجەيرىسىدىن ئايرىلىپ جىسمى جانسىز ماددىغا ئايلانسىمۇ ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتلىق دەقىقىلىرىدە بىر خىل ساغلام ياشاشنى ئىستەيدۇ . تىرەكمۇ ئۆزىنىڭ تىرەكلىك خۇسۇسىيىتى بويىچە ئۆسۈشنى خالايدۇ . ئۇ ساپ كۈن نۇرى ، مۇنبەت تۇپراق ، ئەلۋەك سۇغا تەشنا! كىشىلىك ھاياتمۇ ئەنە شۇنداق پاكىزلىققا تەشنا! ئۇ ئەنە شۇنداق پاكىزلىق ئارقىلىق ئۆز ھاياتىنى مەنىگە تولدۇرۇپ ، بىر خىل روھىي ئازادلىككە ئىگە قىلىدۇ . ئادەمدىكى روھىي ئازادلىك بىز ئۈچۈن پانىي ئالەمدىكى ئەڭ زور بەخت! ئەڭ زور خۇشاللىق! ئۆزىنى روھىي ئازادلىككە ئېرىشتۈرەلمىگەن بەندىلەرنىڭ جېنىغا ۋاي! بۇنداق بەندىلەر گەرچە كۆز ئالدىمىزدا تىرىك ياشاۋاتقاندەك قىلىۋاتسىمۇ روھىي گۇمرانلىق ئۇنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ توختىماي قىينايدۇ . راست ، پەرىخە ، مەن بۇنداق باش – ئاخىرى يوق ئالا – تاغىل گەپلەرنى قىلىۋەرگەن بىلەن مەن روھى گۇمران بولغۇچىلار دەپ ئاتىۋالغانلار ئېھتىمال مېنى روھى گۇمران بولغان دەپ قارايدىغان ئىشلارمۇ بار ، تېخى . بىز دائىم ئۆزىمىزنىڭ قارشى تەرىپىمىزدىكىلەر توغرىسىدا نۇرغۇن پەتىۋالارنى توقۇپ ، تالاش – تارتىش قىلىشىپ ، ئۇلارغا ئۆزىمىزنى تونۇتۇپ قويماقچى بولۇپ ، ئاخىر ھېچبىر مەسىلىنى ھەل قىلالماي ئاللانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلىۋېرىمىز . دۇنيا شۇنداق بىمەنە . ئادەملەر شۇنداق تېتىقسىز! بىز ھاياتتا باشقىلارغا مەلۇم بىر مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىدىغاندەك ، مەلۇم بىر ھەقىقەتنى تونۇتۇپ قويماقچى بولغاندەك ، تەكرىدىن قالساقلا ئۆزىمىزنى ئۇلۇغ ئويلىۋالىمىز . ئۆزىنى ئۇلۇغلاش گۇناھ ئەمەس ، بەلكى ئىنسانلىق خۇسۇسىيەتنىڭ بۈيۈك پەللىسى . ئەپسۇس ، بۇ خىل ئۇلۇغلاش مەمەدانلىق ، شەخسىيەتچىلىك ۋە نۇرغۇن بولمىغۇر ئادەتلەردىن خالىي بولمىسا ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئادەم باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ قالىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ھېچنەرسىنى ھەل قىلىپ بېرەلمەيمىز . ئاخىرىدا ئۆلۈمنىڭلا بىردىنبىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىمىز . تارىختا ئۆتكەن كۆرمىڭ – كۆرمىڭ ئۇلۇغلارمۇ ئىنسانلارنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىش ، تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ، ئىنسانغا خاس ھايات كەچۈرۈش ھەققىدە ئىزدەنگەن ، ئاجايىپ ئۇلۇغ تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ ، ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ تەقدىرىمۇ ئۆلۈم بىلەن نەتىجىلەنگەن! لېكىن ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسەللىسىنى ، ياشاشنىڭ مەنىسىنى تاپقان . بۇرۇنقى ئۇلۇغلىرىمىز «ئۆلۈم بىر شەربەتتۇركى ، ئۇنى ھېچكىم ئىچمەي قالمايدۇ . ئۆلۈم بىر ئېغىر يۈكتۇركى ، ھېچكىم ئۇنىڭ ئاستىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان . شۇنداق ، بىز ھېچنەرسە قىلالمايمىز . بىراق ، بىر – بىرىمىز بىلەن ھال – مۇڭ بولۇشالايمىز . بىر – بىرىمىزگە تەسەللى بېرەلەيمىز . بىزدە قۇدرەتلىك كۈچ بار . بىراق ، ئۇنى قانداق قوزغىتىشنى ، تەڭشەشنى بىلەلمەيمىز . پەرىخە ، مەن بەزىدە ئۆزۈمنى ئىگىسى لازىم قىلماي ئەسكى تاملىققا تاشلاپ قويغان جۇل – جۇل چاپانغا ئوخشىتىپمۇ قالغان . بۇ ھەرگىزمۇ سېنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىم سەۋەبلىك كېلىپ چىققان روھىي پاجىئە ئەمەس ، تەنھالىق تۇيغۇسى تېخىمۇ ئەمەس! بەلكى باش – ئاخىرى يوق ياشاش! ئېھتىمال ھەممىمىز ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان جۇل – جۇل چاپاندۇرمىز . پەقەت بىزنىڭ ئۆزىمىزنى شاھانە تون كىيىۋالغاندەك ھېس قىلىۋېلىپ ، روھىي بىرلىكىمىزنىڭ ، مۇكەممەللىكىمىزنىڭ ئاللىقاچان تىتىلىپ ، پارچىلىنىپ كەتكەنلىكىنى ۋە بىچارىلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلمىغانلا يېرىمىز بار . بىز خۇددى بىرسى بىزنى بىر يەرگە ئېلىپ كېتىدىغاندەك ، ھازىرغىچە ئۇنى ساقلاۋاتقاندەك ، ئاشۇلا بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىدىغاندەك ئويلىۋالىمىز . ھېچكىم بىزنىڭ قىممىتىمىزنى چۈشەنمىگەندەك تۇيغۇغا كېلىۋالىمىز . بىز ھەقىقەتەن ئاجىزمىز ، بىز ھەقىقەتەن ئۆزىمىزنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان روھىي تىرەككە موھتاجمىز ، بىزنىڭ ئۇلۇغلىقىمىز زادى نەدە؟ روھىي تىرەكلىرىمىزچۇ؟ مەن ئويلىدىم ، نېمىنى ئويلىدىم؟ زادى نېمىنى ئويلىدىم؟ بىلمەيمەن!... پانىي ئالەمدە بىزنىڭ ئىگىمىز يوق . سەن «مەن ساڭا ئىگە» دېگەنلەرنىڭ سۆزىگە ھەرگىز ئىشەنمە! چۈنكى ، پانىي ئالەمدە ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ئىگىسى بولالمايدۇ . ئەر – خوتۇنچىلىقتىمۇ ھېچكىم ھېچكىمگە ئىگە بولالمايدۇ . چۈنكى ، بىز ھامان تاشلىنىپ قالىمىز . ئادەمنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ روھىدا ، ئۇنىڭ قەلب قەسرىدە ، ئۇنىڭ ئېتىقاد ۋە پەزىلىتىدە! بىزنىڭ ئىگىمىز ئاشۇ يەردە بالقىپ يۈرىدۇ . بىراق ، سەن ئۇنى بايقىيالمىساڭ كىشىلىك تۇرمۇشۇڭ ئۆز مەنىسىنى يوقىتىدۇ . ئەسقاتمايدىغان ساختا نەرسىلەرنى ئىگەم ئىكەن دەپ يۈرۈپ ، كېيىن

پۇشايمانغا قالسەن! سەن قەلب قەسرىڭنى ئوبدانراق ئاختۇرۇپ باقساڭلا ھەممىنى بىلىپ قالسەن . پەرىخە ، مېنىڭ سۆزلىرىم بەك تاققا ـ تۇققا ، تاغدىن ـ باغدىن بولۇپ قالدى . مېنىڭچە ، بۇ ئادەم ياشاش جەريانىدا نۇرغۇن ئىشلارنى قېلىپقا سالىمەن دەپ قىينىلىپ ، قېلىپقا سالالمىغاندەكلا بىر ئىش . ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ بۇ جەھەتتە ساڭا مەلۇم بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش نىيىتىممۇ يوق . مېنىڭ قولۇمدىنمۇ كەلمەيدۇ . كىم دۇنيانى ، ئادەملەرنى قانچىلىك چۈشەنسە شۇ بويىچە ياشايدۇ . مەن ئىنسانچىلىق مۇناسىۋەتتىكى ئىشلارنىڭ قانۇنىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلمىغانلىقىغا بەك ئىشىنىمەن . مەن بۇنى سەن بىلەن نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدىم . شۇڭلاشقا ، سەن بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىمگە بەك ھەسرەت چېكىپ كەتمىدىم ، ئاغرىنىپ يۈرمىدىم . دۇنيا تارىخىدا نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئەھدىنامىلەر ، شەرتنامىلەر ئۇلۇغ ھەم بۈيۈك ئەربابلارنىڭ ئىرادىسى ئارقىلىق تۈزۈلۈپ ۋە ئىمزالىنىپ ۋاقتى كەلگەندە يەنە شۇلارنىڭ ئىرادىسى ئارقىلىق يىرتىپ تاشلىنىپ ، ئۆتمەس قىلىنغانىكەن . ئۇلارنىڭ ئالىلىقاندىقتۇر ھەقىقەت يولىدا مېڭىشتەك ئىنسانىي بۇرچى ، ئەركىنلىك غايىسى ، باراۋەرلىك نىشانى ، تىنچلىقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى قەغەز يۈزىدىلا قاپتىكەن . مەن بەزىدە ئۆزۈمگە: «ئاھ خۇدا ، سېنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ‹ئۇلۇغ› دەپ ئاتالغان ئەربابلىرىڭ ئەنە شۇنداق قەسەمخور ، يالغانچى ، رەھىمسىز ، بەتنىيەت ، بىتايىن بولۇپ كەتكەن يەردە ، مېنىڭ پەرىخە ئىسىملىك ئاددىي بىر بەندەڭ بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىشىم قانچىلىك گۇناھ ھېسابلىنىدۇ؟ يەتتە ـ سەككىز ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن مەسچىتنىڭ ئىمامى سېنى شىپى كەلتۈرۈپ ئوقۇغان نىكاھنىڭ بۇزۇلۇشى ، خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىن ‹قانۇنلۇق ئەر ـ خوتۇن› دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ بېرىلگەن قىزىل تاشلىق قەغەزنىڭ ئاق قەغەزگە ئالمىشىشى ، ياشاشتا مەلۇم بىر تەرتىپنىڭ ۋە قانۇنىيەتنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرەمدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى قويىمەن . راست ، ئۆتكەندە بىرسى ماڭا:

— ئاداش ، نىكاھتىن ئاجرىشىش خېتىنى ساقلاپ قويۇڭلا ، — دەيدۇ . مەن ئەجەبلىنىپ:

— ئاچچىقىمدا يىرتىپ تاشلىۋېتىپتىمەن ، — دېدىم.

— بۇ ئىشقىلا بولماپتۇ ، ئاق قەغەز بولمىسا ، قىزىل قەغەز بەرمەيدىكەن.

مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم . ئۇ بۇرادەر مېنىڭ كۈلكەمنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي ، سەمىمىيلىك بىلەن:

— نېمىگە كۈلىسىلە ئاداش ، راست دەيمەن . ئۆتكەندە مەن ئىككىنچى خوتۇننى ئالغاندا ، ئاجرىشىش خېتىنى تاپالماي خوتۇن ئالالماي قالغىلى تاسلا قالدىم ، دېمەيسىلە ، — دېدى.

— توي خېتى بەرمىسە پەيشەنبە كۈنى ئاخشىمى مەھەللىمىزنىڭ مەزىنىنى چاقىرىپ ، نىكاھ ئوقۇتۇپلا ئۆيۈمگە ئەكىرىۋالىمەن.

ئۇ مېنىڭ چاقچىقىمنى چۈشەنمەي يەنە:

— ئۇنداق قىلساڭلا قانۇنسىزلىق بولامدۇ؟ ھۆكۈمەت ئاڭلاپ قالسا تۈرمىگە كىرىسىلە ، تۈرمىگە . نېمە دەيدۇ ، بۇ ئاداش! — دېدى.

— ياخشى كۆڭلۈڭلىگە رەھمەت ، ئاداش . مېنىڭ ھازىرچە توي قىلغۇم يوق ، — دېدىم ئۇنىڭغا . پەرىخە ، مەن بۇ يەردە سېنىڭ بىلەن ئەپلىشىپ قالارمەنمىكىن دېگەن تەمە بىلەن بۇ سۆزنى دېمەكچى ئەمەسمەن . مېنىڭ باشقا بىر ئىشقا ھەيران قالغىنىم ، بۇ ئىشنى دېيىشكە مەجبۇر قىلدى . مەن بىر ئىشقا ھەيران قالدىم . بىز نۇرغۇن تەرتىپ ـ قائىدىلەرگە ئاساسەن نۇرغۇن رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ ، توي قىلىپ ئاجرىشىپ كەتسەك ، كېيىن ئاجرىشىش خېتى بولسىلا يەنە باشقا بىرسى بىلەن توي قىلالايدىكەنمىز . دېمەك ، بۇلار جەمئىيەتتە مەلۇم بىر تەرتىپنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . بىراق ، ئاجرىشىپ كەتسەك بۇ تەرتىپلەر يەنە بۇزۇلىدۇ . ھەتتا قانۇنىي ، دىنىي رەسمىيەتلەرنى بېجىرمەيمۇ توي قىلىپ ئاجرىشىپ كېتەلەيدىغانلارمۇ يوق ئەمەس . مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم بىز نۇرغۇن تەرتىپلەرنى ئورنىتىپ ، ئاخىرىدا ئەسكى يوتقاننىڭ مېزىنى ئاتقاندەك ئېتىپ ، تىتىپ ـ تىتىپ ۋەتۆۋرىكنى چىقىرىۋېتىدىكەنمىز . ئارقىسىدىنلا چىدىماي ، ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجى بويىچە يەنە تەرتىپكە موھتاج بولۇپ ، باشقا بىر تەرتىپنى ئورنىتىدىكەنمىز . ئۇنى يەنە بۇزىدىكەنمىز . بىزنىڭ ئەسلىدىنلا تۇتامىمىز يوق ئىكەن . بىردەم ئۇنى ، بىردەم بۇنى قىلىپ باقىدىكەنمىز . نىشانسىز ئېتىلغان ئوقتەك نەگە تېگىشىمىزنى بىلمەيدىكەنمىز . ئوقمۇ ھامان بىر يەرگە تېگىدۇ . ئويلاپ باقمىغان ناتونۇش جايغا چۈشىدۇ . بىزمۇ بارار جايىمىزغا بارىدىكەنمىز . ھېچقانداق تەرتىپمۇ كار قىلمايدىكەن . ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىلەرنىڭ ، تەرتىپ ـ قائىدىلەرنىڭ بۇزۇلۇپ ، يەنە ئورنىتىلىپ تۇرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھەممە ئادەم ئېھتىمال ئۆز ئىچىدە بىلىدىغاندۇ . ئېھتىياجلىق بولغاندا دۈشمىنىڭ بىلەن ئەھدە تۈزۈپ ، ئېھتىياجىڭ قانغاندا ئەھدە بۇزۇلىۋېرىدۇ . بۇ شۇنداق جاھان ئىكەن . ھەرقانداق

ئەھدىنامە كىشىلەرنى ئويلىغان نەرسىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن ياكى ھېچقانداق بىر كۈچ ـ قۇدرەتنى نامايان قىلالمىغاندا ئۇنىڭ كېرىكى بولمايدۇ . ئۇ ھېچنەرسە ئەمەس . شۇڭلاشقا ، پەرىخە ، سەن ئەھدە ـ قەسەملەردىن ھەقىقەت ئىزدەيمەن دەپ ئاۋارە بولما . سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت . سەن بۇ خىل ھەقىقەتنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس . سەن ئاللىقانداقتۇر تەرتىپلەرگە ئىشەنمە ، سېنىڭ روھىي تەرتىپىڭ ، روھىي تەڭپۇڭلۇقۇڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تەرتىپتۇر . ھەقىقەتمۇ سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا ھەم روھىي دۇنيايىڭدا مەۋجۇت . ھەقىقەتنىڭ ئۆزىمۇ سەن . ھەقىقەت بىر چەكسىزلىك . ۋاقتى كەلگەندە قىسقىراپ ھېچنەرسىسى قالماسلىقىمۇ ، بەزىدە چەكسىزلىككە سوزۇلۇشىمۇ مۇمكىن . سەن قايسىلا يولنى ماڭغىن يەنىلا ئۆزۈڭنى ياشايسەن! شۇڭلاشقا ، سەن ئۆزۈڭنىڭ دۇنياسى ، ئۆزۈڭنىڭ قىممەت قارىشى بويىچە مېنىڭ سۆزلىرىمگە ھەرگىز ئىشەنمە! چۈنكى ، ئۆزۈڭنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئۆتمىگەن تەجرىبە ، يىغىلغان ھاسىلات ۋە دۇنيا قاراش سېنى خاتا يولغا باشلاپ قويىدۇ . سەن ئۇ چاغدا يەنىلا باشقىلاردىن رەنجىشتەك سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ ، ۋاقىت جەھەتتىن ئۇتتۇرۇۋېتىسەن . سەن دۇنياغا ، تۇرمۇشقا ، ئادەملەرگە قانداق باھا بېرىشنى بىلىدىغان ئۆزۈڭنىڭ پەيلاسوپى . سەن ئۆزۈڭنىڭ سىياسىيونى . چۈنكى ، سەن تۇرمۇشتىكى ئىشلارنى ئۆزۈڭنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىڭ ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشنى ، تەڭشەشنى خالايسەن! سەن ئۆزۈڭنىڭ كەشپىياتچىسى . چۈنكى سەن ھامان ئۆزۈڭنى خۇشال قىلىدىغان ، ھاياتىڭغا مەنە بېغىشلايدىغان يەنە بىر ئۆزۈڭنى بەرپا قىلىشنى ئىزدەيسەن! بىراق ، سەن مېنىڭ دۇنيايىم ، مېنىڭ قىممەت قارىشىم بويىچە مېنىڭ دېگەنلىرىمنى چۈشەنگەن بولساڭ بۇنىڭغا ئىشەن! سەن ئىزدەپ ئاۋارە بولۇۋاتقان ئۆزۈڭنى تېپىپ قالساڭ ئەجەب ئەمەس . زۇلمەتكە مەھكۇم بولغان روھىڭدا غۇۋا بولسىمۇ ئۈمىد نۇرى چاقناپ ، روھىڭ يەڭگىللەپ قالسا ئەجەب ئەمەس . بىراق ، بۇ مۇمكىنمۇ؟ شۇنداق ، پەرىخە ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى سېنىڭ پسىخىك تەڭپۇڭلۇقۇڭ بۇزۇلۇشقا باشلىدى . بىراق ، بىز بۇنى «ئايىنىپ كەتتى ، ۋاپاسىزلىق قىلدى» دەپ چۈشىنىۋالىمىز . ئەھدىنامە تۈزۈش ، تەرتىپ ئورنىتىش دېگەنلەر كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىسلىدىنلا ۋاپاسىزلىقنىڭ ، تەرتىپسىزلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ . ئۇنداق بولمىغاندا بۇنى تەكىتلەپ يۈرۈشنىڭ قىلچىمۇ زۆرۈرىيىتى بولمىغان بولاتتى . تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر دەقىقىلىرىدىكى ئىشلار ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . سېنىڭ تۈنۈگۈنكى ھېسسىياتىڭ ، قىزغىنلىقىڭ بىلەن بۈگۈنكى ھېسسىياتىڭ ، قىزغىنلىقىڭ ، كەيپىياتىڭ تۈپتىن ئوخشىمايدۇ . ئادەمدىكى ئۆزگىرىشچان كەيپىيات ھامان بىزنى تۈرلۈك نەرسىلىرىمىزنى يىغىلاپ تۇرۇشىمىزغا زورلاپ تۇرىدۇ . ئەتە يۈز بېرىدىغان ئىشقا سەن بىرنەرسە دېيەلمەيسەن . شۇڭلاشقا ، سەن كۆز ئالدىڭدا تۇرغان ئادىمىڭدىن بىر خىل مۇكەممەللىكنى ، ئۆزگەرمەس ئىرادە ھەم قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تەمە قىلىپ يۈرمە (ئېھتىمال بۇلارنى چۈشەنگەچكە باشقا يول تاللىغانسەن) . ئادەم خۇشال بولغاندا دۇنيادىكى ھەممە نەرسە گۈزەل ، ئادەملەر شۇنداق مېھرىبان ھەم سۆيۈملۈك كۆرۈنىدۇ . رەنجىپ قالغان ۋاقتىڭدا دۇنيا ئۆرۈلۈپ ، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ئەسكى تاملىقتا ، ئادەملەر ئەسكى تاملىقتا توپىغا مىلىنىپ ، غېرىب ھالەتتە ياشاۋاتقان قۇرت ـ قوڭغۇزغا ئوخشاپ قالىدۇ . سەندە ئادەملەردىن بىزار بولۇش ، قېيداش ، ھەتتا يىرگىنىش ئالامەتلىرى يۈز بېرىدۇ . نۆۋەتتە كەلسە سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇنداق ئىككى خىل ھالىتىڭنى تەڭشىيەلەمسەن؟ ئادەم بەزىدە ياشىرىپ تۇرغان يوپۇرماققا ئوخشىسا ، بەزىدە سارغىيىپ قالغان يوپۇرماققا ئوخشايدۇ . بىراق ، سەن كىشىلەرگە ياشىرىپ تۇرغان يوپۇرماقتەك كۆرۈنگىنىڭ بىلەن سېنىڭ روھىي دۇنيايىڭدىكى غېرىبلىق تۇيغۇسى سەندە ئۆزۈڭنى سارغايغان يوپۇرماققا ئوخشىتىپ تۇرۇۋالىدىغان تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ . سەن بۇنى ئاجىزلىق دەپ قاراپ باشقىلارغا چاندۇرمايسەن . كىشىلەرگە كەچ كۈزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى ئۈششۈكتە زورلاپ ئېچىلغان تۆت چىشلىق كېۋەز غوزىسىدەك سوغۇق ھېجىيىپ قويىسەن . ھېجىيىشىڭ سېنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى مەۋجۇتلۇقۇڭنى ئىسپاتلاپ تۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن ، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئازابىڭنى ئۆزۈڭ بىلىپ تۇرىسەن . «ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىن» دېگەن شۇ!...

سېنىڭ تەتىل مەزگىلىڭ توشۇپ ئۈرۈمچىگە مېڭىشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى سەن بىرقانچە دوستلىرىڭ ۋە ئىدارەڭدە ياخشى ئارىلىشىدىغان خىزمەتداشلىرىڭدىن بىرنەچچىسىگە ئۆيىمىزدە «خوشلىشىش زىياپىتى» بەردىڭ . مەن سىلەرنى قورۇنۇپ قالمىسۇن دەپ ئالمىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ خېلىلا كەچ قايتىپ كەلدىم . مەن يىراقتىنلا بىزنىڭ ئۆينىڭ ھەممە چىراغلىرىنىڭ يېنىق تۇرغانلىقىنى كۆردۈم . ھېلىقى «بەتبۇي» دېگەن ناخشىنىڭ ئاۋازى بېشەم خوتۇن كاركىراپ زۇۋانى پۈتۈپ قالسىمۇ توختىماي ۋارقىرىغاندەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى . قوشنىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈك تۇرۇپتۇ . كاساپەتلەر ، ھازىرغىچە «ياشاپ» ئولتۇ-

روپتۇ ـ دە ، دەپ ئويلىدىم . ئېسىڭدىمىكىن ، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان كېلىپ ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىسىمۇ كەچ سائەت ئونلاردا تارقاپ بولاتتى . بىراق ، سەن قولۇم ـ قوشنىدارچىلىقتا رېكورت ياراتقاندەك قىلاتتىڭ . مەن بۇلار ھازىرغىچە تارقىماپتۇ دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ بىناغا چىقتىم . ئۆيىمىز تەرەپكە قۇلاق سېلىپ ئۆيدە ناخشا ساداسىدىن باشقا ئاۋازنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۆيگە چىقتىم . ئىشىك ھاڭدەك ئوچۇق . سەن ئاشخانىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىڭچە قاچا يۇيۇۋاتقاندەك قىلاتتىڭ . مېھمانخانا ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا قۇرۇقداپ قويۇلغان بىرنەچچە قىزىل ھاراق بوتۇلكىسى مېنى كۆردۈڭمۇ دېگەندەك قالايمىقان تاشلىنىپ ياتاتتى . شىرە ئۈستىدىمۇ ئىچىلمەي قالغان يېرىم بوتۇلكا ھاراق تۇراتتى . قارىغاندا ، سىلەر ھاراق ئىچىشتە خېلىلا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندەك قىلاتتىڭلار . مېنىڭ ئائىلەمدە راستىنلا جىنىنىس دۇنيا رېكورتى يارىتىلىۋاتقاندەك قىلاتتى . سېنىڭ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتقىنىڭنى ، ئىنتايىن خۇشال ئىكەنلىكىڭنى ئويلاپ كۈلگۈممۇ كېلىپ قالدى . سەن بىر خىل ئاجىز ھالەتتە چۈشۈپ قالغاندەك قىلاتتىڭ . مەن پەرىخەنىڭ تېنىدە راستىنلا بىر خىل خىمىيىلىك ئېلېمېنت كەم بولۇپ قېلىپ شۇنداق قىلىۋاتامدىغاندۇ دەپمۇ ئويلىدىم . دېمىسىمۇ ئادەمنى سۇ ، ھاۋا يەكلىسە ، ئادەمنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ قالىدىغان ئىش بار ئەمەسمۇ! راست ، سەن قىسقىغىنە قىشلىق تەتىل ۋاقتىدا بۇ يەردە قانچىلىك ئۆزگىرەلەيتتىڭ . بۇرۇنقى ئۆزۈڭگە قايتالامتىڭ؟ مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي مېھمانخانا ئۆيدە بىر ھازا ئۆرە تۇرۇپ قالدىم . سەن ئاشخانىدىن چىقىپ مېنى كۆرۈپلا خۇددى تۇيۇقسىزلا ئىتقا يولۇقۇپ قالغان ئادەم چۆچۈپ كەتكەندەك «ۋاي ئانام» دېگىنىڭچە يۈرىكىڭنى تۇتۇۋالدىڭ . چىرايىڭ ئۆپكىدەك قىزىرىپ ، كۆزلىرىڭ ھاراقنىڭ تەسىرىدە خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى . سەن بىردەم تۇرۇۋېلىپ:

— مېنى ئەجەب قورقۇتۇۋەتتىڭىز ، — دېدىڭ.

— قورقۇتۇۋەتكۈدەك ھېچ ئىش بولمىدىغۇ . شەيتىنىڭىز مېنى سىزگە جىن ـ شاياتۇن كۆرسىتىۋاتامدۇ نېمە؟ بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيى.

— ئۆيگە كىرگەندىكىن ، مەن كىردىم دېمەمسىز.

— مەن ئۆز ئۆيۈمگىمۇ ، «دوكلات باشلىق» دەپ كىرىشىم كېرەكمۇ؟ مېھمانلار بالدۇرلا تارقاپتىغۇ؟

— ھېلىلا ئۇزاشتى.

—بولسا تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرماي ، قولۇم ـ قوشنىلارمۇ پەرىخەلەرنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلسە سورۇنى كارامەت قىزىيدىكەن دەپ ھەۋەسلىنىپ قالاتتى . قارىسام ، سورۇنۇڭلار تازا قىزىغاندەك قىلىدۇ . سىز قانچىلىك كۆتۈرەلەيدىكەنسىز؟

— ئازراقلا ، بىر ـ ئىككى رومكا.

— پەرىخە ، سىز يېقىندىن بۇيان ئۆزىڭىزگە ئوخشىماي قېلىۋاتىسىز . مەن تونۇيالماي قالماي يەنە.

— مېھمانلار ، سەن ساھىبخان بولغاندىكىن ئىچمىسەڭ بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋېلىشتى . مەن سىزنى خاپا بولۇپ قالىدۇ دېسەممۇ ئۇنىمىدى.

— ساھىبخان بولغان ئادەمنىڭ ھاراق ئىچىشى شەرتمىكەن ، ئۇلار سىزنىڭ ئېغىزىڭىزغا قۇيمىغاندۇ؟

— سىزمۇ ئىچىسىز ، سىزنىڭ ئېغىزىڭىزغىمۇ زورلاپ قۇيمايدىغاندۇ.

سېنىڭ بۇ گېپىڭنى ئاڭلاپ جۇدۇنۇم شۇنداق ئۆرلىدى . تەستىكىڭگە كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالغۇدەك بولدۇمىيۇ ، يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم . بۇنداق قىلسام مەن ئۆزۈم تولىمۇ ئاجىز ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتىم.

— بوپتۇ ، ئىچىڭ ، — دېدىم مەن كىرىسلوغا ئولتۇرۇپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ تازا شورىۋەتكەندىن كېيىن ، — مەن بىلەن بەسلەشكۈڭىز بولسا ئىچىۋېرىڭ ، قارىغاندا ، ئىككىمىز تەڭلا كۈچ ئۇلاپ يوگۇرىدىغان ئوخشايمىز . ياشاش يەنە بىر ئادەم بىلەن بەسلىشىش ئەمەس ، بەلكى ئۆزى خالىغان نۇقتىغا قاراپ ئىلگىرىلەش ، مەن بۇنى باشتىلا سىزگە دېگەن . سىزنىڭ باشقىلارنى دورايمەن دېگىنىڭىز ، مەن باشقا ئادەم بولىمەن دېگىنىڭىز . ئادەم ئۆزىدە قالدۇرۇپ قېلىشقا تېگىشلىك بىرقىسىم نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ قويمىسا ، ئاسانلا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ . قىممىتىنى يوقىتىپ قويۇش دېگەنلىك ئۆزىنىڭ خۇشال ـ خۇرام ، ئازادە مۇھىتىنى تارايتىۋەتكەنلىك دېگەن گەپ . ئادەم ئۆزىنىڭ خۇشال ـ خۇرام مۇھىتىنى تارايتىۋەتكەندە ئۆزىنى ئۆزى ئازاب ، سىقىلىش ، زېرىكىش ، كەمسىتىش چەمبىرىكى ئىچىگە سولىۋالىدۇ . بۇنىڭدىن قۇتۇلماق ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس.

— سىز زىيالىي تۇرۇپ نېمىشقا توغرا چۈشەنمەيسىز؟ ئۈرۈمچىدىكى ئاياللارمۇ ئىچىدىكەنغۇ . ھەتتا ئاقتىنىمۇ يانمايدىكەن.

— مەن زىيالىي دەپ ، ھەممە نەرسىنى توغرا چۈشىنىشىم كېرەكمۇ؟ زىيالىينى باشقىلار بوزەك قىلسا كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇشى كېرەكمۇ؟ بىز تېخى غەربلىشىپ كەتمىدۇق . بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا ، بۇ مىللەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ دېگەن گەپ . ئادەممۇ

ئۆزى يېتىلدۈرگەن ياخشى ئادەتتىن ئايرىلىپ قالسا ، ئۆزىگە ئوخشىماي قالىدۇ . دۇنيادىكى ھەممە مىللەت تاماق يەيدۇ ، بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى ئارقىلىقلا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ . سىز قانداق ھالەتتە دۇنياغا كەلگەن بولسىڭىز ، ئاشۇ خىل ھالىتىڭىزنى ساقلىيالمىسىڭىز ، ياشاۋاتقان مۇھىتىڭىزدىن چەتنەپ كەتمەكچى بولسىڭىز ئۆزىڭىزگە ئوخشىماي قالىسىز . بۇ ياشىمىغان بىلەن باراۋەر دېگەنلىك . ئېشەك ھەرگىز ئات بولالمايدۇ . ئاتمۇ ھەرگىز ئېشەك بولالمايدۇ . ھەممىسى ئۆزىنىڭ تەبىئىتى بويىچە ياشايدۇ . سىز ئۇرۇمچىلىك ئاياللار ئىچىدىكەن دەيسىز ، ئۇرۇمچىلىك ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئىچمەيدىغاندۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايال كىشى دېگەن ئۆزىگە خاس نازاكەتنى ساقلاپ قالمىسا ، ئۇ ئۆزىنىڭ جەزىبدارلىقىنى ، سېھرىي كۈچىنى يوقىتىدۇ . سېھرىي كۈچى يوقالغان ئادەمنىڭ قىممىتى قانچىلىك بولىدۇ . بىز ئادەم بولغاچقىلا ھەممە نەرسە بولالامدۇق؟ بويتۇ ، خۇشاللىقىڭىزدا بىر ـ ئىككى رومكا ئىچىپسىز . ئىشكنى ھاڭدەك ئېچىپ قويۇپ ، ناخشىنى بولۇشىغا قويۇۋەتسىڭىز قوشنىلار نېمە دەيدۇ؟

—— نېمە دېسە دېمەمدۇ ، ئۆي ئۆزىمىزنىڭ تۇرسا...

—— نېمانداق تەتۈرلۈك قىلىسىز؟ بىز بۇگۈنلا قىلغۇلۇقنى قىلىپ تەركىدۇنيا بولۇپ چىقىپ كەتمەيمىز ، يەنىلا مۇشۇ يەردە ياشايمىز . ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسىز ، كوچىپ كەتكەن ھېلىقى جېدەلخور قوشنىمىز دائىم ئۆيىدە سورۇن تۈزۈپ ، تاڭ ئېچىلگىچە ئولتۇرۇش قىلغاندا سىز خاپا بولۇپ نېمىلەرنى دېمىگەنىدىڭىز . ئادەمنىڭ چەكتىن ئاشقان سۆز ـ ھەرىكىتى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە پىتنە ـ پاسات تېرىشتىن باشقا ئىش ئېلىپ كەلمەيدۇ . سىز ھەممە ئادەمگە ئۆزىڭىزنى مەن ئاق دەپ كۆرسىتەلمەيسىز . سۆزۈمنى ھەرھالدا ئويلىنىپ كۆرۈڭ.

سەن ئارتۇق گەپ قىلمىدىڭ . مېنىڭ كېلىشتۈرمەچىلىك تۈسنى ئالغان سۆزلىرىمگە ئېھتىمال سەن قانداق جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلمەي قالغانسەن . كىشىلىك دۇنيا تولىمۇ قىزىق ، سېنىڭ خۇشاللىقىڭ چۆمگەن چاغلىرىڭنى كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالغان ئادەم كۆرسە سېنى «ساراڭ» ، «كاللىسىنىڭ سۈيى بار» ، «ئېزىپتۇ» دەپ قىلىشى ، سېنىڭدىن بىزار بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى ، ئادەمنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا ، بىر ئادەم قايغۇغا چۆمگەندە باشقىلارمۇ ، ھەتتا پۈتكۈل دۇنيامۇ قايغۇغا چۆمۈلۈشى كېرەك . ئۇ خۇشال بولغاندا سەنمۇ ، ئىشقىلىپ ، ھەممىمىز خۇشال بولۇشىمىز كېرەك . ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى شۇنداق بولغاچقا ئارىمىزدا نۇرغۇنلىغان ئۇقۇشماسلىق ، چۈشەنمەسلىك ، ئۆچمەنلىك ، بىزارلىق كېلىپ چىقىدۇ . ئادەملەر بارلىق ئىشلارنى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ چۈشىنىۋالىدۇ . بولسا ھەممىمىز خۇشال ـ خۇرام ، ئېچىل ـ ئىناق ياشىساق كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولاتتى . بىراق ، كىشىلەرنىڭ رازى بولۇش تۇيغۇسى ، تۇرمۇش تەلىپى ۋە ئېھتىياجى نۇرغۇن ـ نۇرغۇن تەرەپلەردىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . بۇ خىل پەرق بىزنى خىلمۇخىل كويلارغا ، سەۋدالارغا سالىدۇ . ئۆزىمىزدىن چەتنەپ كېتىشكە ، ئۆزىمىزگە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئادەم بولۇشقا قىستايدۇ . ھەتتا بارلىق نەرسىلەردىن كېچىپ يىراق ـ يىراقلارغا كەتمەكچى بولۇپمۇ قالىمىز . بۇ سىر پەقەت ئۆزىمىزگىلا تەۋە . ھېچكىمگە تىنمايمىز . بىز قىسىلىش ئىچىدە ياشايمىز . نېمىلەردىندۇر ۋاز كېچىپ ، نېمىلەرگىدۇر ئېرىشمەكچى بولىمىز . مانا بۇ بىزگە قالغان دۇنيا! مانا بۇ بىزگە قالغان ئازاب! مانا بۇ بىز قوغلىشىۋاتقان بارسا كەلمەس يول! مانا بۇ بىزنىڭ روھىمىزغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئۆزىمىزدىن باشقا ئادەم بىلمەيدىغان سىر! مانا بۇ بىزنىڭ ئاجىزانە ھالىتىمىز! پەرىخە ، بىز ئۇنچىلىك قۇدرەتلىك ئەمەس . بىزدىكى قۇدرەت روھىي ھالىتىمىزنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ، تەمەدىن خالىي ھالدا دۇنيانىڭ نېسىپ بولمايدىغان نەرسىلىرىنى ئويلىماي ، ئۆزىمىزنى ئەركىن ـ ئازادە ھالدا تۇتۇپ ياشاشنى بىلىش . بەزىدە بۇنداق خۇشاللىقلارغا پادىشاھلار ، پۇلدارلار ئېرىشەلمەي قېلىشىمۇ مۇمكىن . سەن كۆڭلۈڭدىكى تەمەلەرنى ، دېلىغۇللۇقىڭنى ئىچىڭدىكى خىياللارنى ، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ كەت . روھىڭدىن چىقىرىپ تاشلا! شۇنداق قىلالىساڭلا ئۆزۈڭنى بەختلىك ھېسابلىيالايسەن! ئىنسانچىلىقنىڭ مەقسىتىمۇ يەپ ـ ئىچىشلا ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنى تەڭشەش ئارقىلىق ئۆزىگە قايتىش ، ئۆزىگە ئايلىنىش ، ئۆزىنى پىششىقلاش ، يېتىلدۈرۈش ، تاكامۇللاشتۇرۇش! ئېتىقادنىڭ نىشانىمۇ شۇ!... ئادەملەر ئۆزىنى ھەقىقىي تاللىيالىغاندىلا ئاندىن رىۋايەتلەردىكى پەرىشتىگە ئايلىنالىشى مۇمكىن . ئېھتىمال پانىي ئالەمدە بىز بىلەن تەڭ ياشاۋاتقان نۇرغۇن پەرىشتىلەر باردۇر . پەرىشتىلەر ياش ـ قېرى ، چىرايلىق ـ سەت دەپ ئايرىلمايدىغاندۇ . ئۇ پەقەت بىر ئادەمنىڭ دۇنيانى ، ئۆزىنى ، باشقىلارنى ، ئىنسانلىق تەبىئىتىنى بىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن ، بەلكى پاكىز روھىي ھالەت ، ياخشى مىجەز ـ خۇلق ، سەممىيلىك ، چىداملىقلىق ، مېھرىبانلىق ۋە ئەقىل قوشۇلغان بىر پۈتۈن ھاسىلات! پەرىخە ، ھەرقانداق بىر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئازابى ، جاراھىتى ، نىشانى ، مەخپىيىتى بولىدۇ . بۇنى شۇ ئائىلىدىكى ئەر ـ ئايالدىن باشقا ھېچكىم ئوقۇشىيالمايدۇ ، ھەل قىلالمايدۇ! مېنىڭ

نۇرغۇنلىغان ئاغىنىلىرىمنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار . بەزىلىرىنىڭ خوتۇنلىرى ئەرلىرىنىڭ ئاشنا تۇتۇۋالغانلىقلىرى توغرىسىدا زارلانسا ، بەزىلىرىنىڭ خوتۇنلىرى ئەرلىرىنىڭ قىمار ئويناپ ، هاراق ئىچىپ كېچە ـ كۈندۈز ئۆيگە كىرمەيدىغانلىقلىرى توغرىسىدا زارلىنىدۇ . بەزىلىرى ئىقتىسادىي ئىشلاردىكى بېخىللىقلار توغرىسىدا زارلىنىدۇ . مەن بۇلارغا قاراپ بىز يەنىلا ياخشى ئۆتۈۋېتىپتۇق دەپ ئويلايتتىم . بىراق ، بىزنىڭ ئائىلىمىزدىمۇ يېڭىدىن بىر جاراھەت پەيدا بولۇۋاتاتتى . سەن تەتىل مەزگىلى توشۇپ ئۇرۇمچىگە ماڭىدىغاندا ، مەن ساڭا «كۆپرەك نەرسە ئۆگىنىپ كېلەرسىز» دەپ تەنە قىلدىم . سەن مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەندىڭمۇ ، چۈشەنمىدىڭمۇ مىيىقىڭدا كۈلۈپ قويدۇڭ . ئېهتىمال نېمە ئۈگەنسەم ئۆزۈمنىڭ ئىشى دەپمۇ ئويلىغانسەن . شۇنداق قىلىپ سەن ئۇرۇمچى دېگەن يەرگە يەنە سەپەر قىلدىڭ . بۇ سەپەرنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى هېچ كىشى بىلمەيتتى . سەن كېتىپ خېلى كۈنلەردىن كېيىن پەرۋەر «ئانامنى كۆرگۈم كەلدى» دەپ تۇرۇۋالغاچقا بىر كەچلىكى ساڭا تېلېفون بەردىم . ئەپسۇس ، سەن ياتاقتا يوق بولۇپلا قالماي ، مەن ئۆزۈمگە باشقىلارغا دېگىلى بولمايدىغان كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋالدىم . مەن ساڭا تېلېفون بەرگەندە باشقا بىرسى تېلېفوننى ئالدى . ئۇنىڭ ئاۋازى هازىرمۇ قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىن كەتمەيدۇ.



— ۋەي ، ياخشىمۇسىز ، كىمنى ئىزدەيسىز؟

— خاپا بولماي ، پەرىخەنى چاقىرىپ قويغان بولسىڭىز.

— سىز ئادىلما؟ پەرىخە هازىرلا سىز بىلەن كۆرۈشىمەن دەپ چىقىپ كەتكەن . مەكتەپنىڭ ئالدىدا سىزنى ساقلاۋاتامدىكىن.

— بولدۇ ، رەھمەت سىزگە.

مەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قانداق قويغانلىقىمنى بىلمەيمەن . جايىمدا ئولتۇرۇپ قالدىم . كۆڭلۈم چۈشۈپ يەۋالغاندەك غەشلىككە تولدى . ئادىل دېگىنى كىم بولغىيدى؟

— دادا ، ئانام يوقمىكەن ، — سورىدى پەرۋەر مېنىڭ جىم بولۇپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ.

— هەئە ، سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ . بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كىرىدىكەن.

— بەڭۋاش ، — دېدى پەرۋەر ، خۇددى مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېيىشنى ئۆگىتىپ قويغاندەك خاپا بولۇپ.

— بولدى قوزام ، ئەمدى ئۇخلاڭ ، ئەتە يەنە تېلېفون بېرەيلى.

پەرۋەرنىڭ سۆزى مېنى تېخىمۇ ئازابلىدى . ئۇ خېلىغىچە تورۇسقا قاراپ كۆزىنى پارقىرىتىپ ياتتى . ئېهتىمال سېنى ئويلىغاندۇ ياكى باشقا ئىشلارنى ئويلىغاندۇ ، خېلىدىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى . مەن ساڭا يەنە تېلېفون بېرىشنى ئويلىدىم . بىراق ، سېنىڭ ياتاقتا يەنە بولماي ، ئۆزۈمنىڭمۇ ، سېنىڭمۇ ئوسال ئەهۋالغا چۈشۈپ قېلىشىڭدىن ئەنسىرىدىم . مېنىڭ كاللامغا خىلمۇخىل گۇمانلار كېلىۋېلىپ مېنى قىينايتتى . مەن ئۆزۈمنى يىراقتىن سەل كېلىۋاتسىمۇ ، ئۆيىنى سۇ ئېلىپ كېتىشتىن ئەنسىرىمەي خاتىرجەم ئولتۇرغان هاڭۋاقتى هورۇن دېهقانغا ئوخشىتاتتىم . ھەتتا ئۇرۇمچى يېقىنراق جايدا بولسا سېنىڭ ياتاقتا سائەت قانچىدە ، كىم بىلەن قايتىدىغانلىقىڭنى ماراپ بولسىمۇ بىلىۋالاتتىم . پەرىخە تۇگىشىپتۇ ، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئەمدى ئۇزۇنغا بارمىغۇدەك ، ئۇ بىر يەرلەردە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغاندۇ ھەرقاچان دەپ ئويلايتتىم . مەن ئۆيدە نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئايلىنىپ يۈرەتتىم . ئۆلگۈدەك دەرىجىدە هاراق ئىچىپ ئۇخلاپ قېلىش نىيىتىگىمۇ كېلىپ باقتىم . بىراق ، بۇنىڭ بىر بىمەنىلىك بولىدىغانلىقىنى پەملەپ ، بۇ نىيەتتىنمۇ ۋاز كەچتىم . ئادەمنىڭ كاللىسىغا گۇمان كىرىۋالسا ئۇنى ئاسان يوق قىلىۋېتەلمەيدىكەن . بۇنىڭغا مەلۇم بىر جەريان كېتىدىكەن . شۇ كۈنى كېچىچە كىرپىك قاقمىدىم . خىيالىمغا تۈرلۈك رەزىل ئىشلار كىرىۋالغانىدى . ئەتىسىمۇ قولۇم زادىلا ئىشقا بارمىدى . مەن تېلېفوندا تېلېفون ئالغۇچىغا «مەن پەرىخەنىڭ ئېرى» دېسەم بوپتىكەن دەپ پۇشايمانمۇ قىلدىم . چۈنكى ، شۇنداق دېسەم سەن هېچ بولمىسا قايتىپ كىرگەندە بولسىمۇ ماڭا تېلېفون قايتۇرۇپ ، يالغان ـ ياۋىداق باهانە ـ سەۋەبتىن بىرنى توقۇپ ، مېنىمۇ ، ئۆزۈڭنىمۇ خا-

تىرجەم قىلاتتىڭ . مەن شۇ كۈنى كەچتە ياتاقتا سىنىڭ قايتىپ كىرگەن ـ كىرمىگەنلىكىڭنى بىلمەيمەن . ئەتىسى كەچتە ساڭا يەنە تېلېفون بەردىم . تەلىيىمىزگە ، ياق ، بالىلارنىڭ تەلىيىگە سەن ياتاقتا بار بولۇپ چىقتىڭ . مەن ئۆزۈمنى ھەرقانچە بېسىۋالىمەن ، ئاخشامقى ئىشنى دېمەيمەن دەپمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم.

ــ ئاخشام نەگە كەتكەنتىڭىز؟

ــ نېمە بولدى؟

ــ تېلېفون بەرسەم سىزنى يوق دەيدىغۇ؟

ــ كۇتۇپخانىغا چىقىپ كەتكەن.

ــ مەن ئۇنداق ئاڭلىمىدىم . ئادىل دېگەن بىرسى بىلەن كۆرۈشكىلى چىقىپ كەتتى دەيدىغۇ . مەن باجىلىق بولۇپ قالماي ، پەرىخە.

ــ ۋاي ئانام ، سىز نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز . بىزنىڭ ياتىقىمىزغا يېڭىدىن ئۈرۈمچىلىك پەرىخە ئىسىملىك يەنە بىر قىز كىردى . ئادىل دېگىنى ئۇنىڭ ئاكىسى . سىز چوڭ پەرىخەنى ئىزدەيمەن دېسىڭىز بولمامتى.

ــ مەن ياتىقىڭىزدا ئىككى پەرىخەنىڭ بارلىقىنى نەدىن بىلەي ، نېمىلا بولسۇن ياتاقتا ئولتۇرۇشنى ئۆگىنەرسىز.

ــ مەن ياتاقتا بولمىسام كۇتۇپخانىدا.

ــ سىز نەدىلا بولۇڭ ، مەن كەچلىرى قەرەلسىز ھالدا تېلېفون بېرىپ ، سىزنى يوقلىما قىلىپ تۇرىمەن.

ــ سىز ماڭا ئىشەنمەيدىكەنسىز ـ دە!؟ مەن ياتاقتا بولمىسام كۇتۇپخانىدا دېدىمغۇ.

ــ ئىشەنگەچكە خەقنىڭ شەھىرىگە ئەۋەتكەندىمەن.

ــ ئەمدى دەيمىنا.

سىنىڭ ياتىقىڭدا راستىنلا يەنە بىر پەرىخە ئىسىملىك قىزنىڭ بار ـ يوقلۇقى ماڭا نامەلۇم بولسىمۇ ، مەن سۆزۈڭگە ئىشەندىم . ئادەمنىڭ شۇنداق بىر ئاجىزلىقى باركى ، ئۇ بولسىمۇ كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشقا قارىتا بۇنداق ئىشنى يۈز بەرمىدى دەۋېلىش . بۇ بىزنىڭ رېئاللىقىقا كۆز يۇمۇۋالىدىغان ئەڭ چوڭ بىچارىلىكىمىز! ئۆزىمىزنى قەستەن بەزلىشىمىز! ئەلۋەتتە ياتىقىڭدا يەنە بىر پەرىخەنىڭ بارلىقىنى ياتاقداشلىرىڭدىن سورىسام مەن ئۆتۈپ كەتكەن كۆنلەمچى ، گۇمانخور ئەرگە ئايلىنىپ قالىمەن . بۇنداق ئاھانەتكە قېلىش مېنى تېخىمۇ ئاجىز ، تېخىمۇ بىچارە ، قەدىرسىز ئەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقى ئۆزۈمگە ئايان . بۇ مەن ئۈچۈن تېخىمۇ ئازابلىق! مەن سەندىن ئېرىشىشكە تېگىشلىك جاۋابقا ئېرىشكەنىكەنمەن ، كۆڭلۈمدىكى گۇماننى ئەسكى چاپاننى چۆرۈۋەتكەندەك يىراققا تاشلىشىم كېرەك . مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئارتۇق يۈك ، گۇمان ، ئازاب يۈكلىۋېلىشتىن ئەنسىرىدىممۇ قانداق ، ئارىلىقتا ئاخشاملىرى ساڭا تېلېفون بېرىپ قېلىشتىن ئۆزۈمنى تارتتىم . تووۋا ، بۇ ئىشنى ھازىر ئويلىسام ، مەن تولىمۇ خەتەرلىك ئادەمگە ئايلىنىپ قالغىلى تاسلا قاپتىكەنمەن دەپ قالىمەن . چۈنكى ، سەن كۈندىلا «كۇتۇپخانىغا چىقىپ كەتكەن» بولۇپ قالساڭ ، مەن زەردىگۆش بولۇپ ، ئۆزۈمنىڭ گۆشىنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ كەتمەمدىم . قارىغاندا ، شۇ مەزگىللەردە سېنى بەكلا ياخشى كۆرسەم كېرەك . مەن كېيىنچە بىرنەچچە قېتىم ئىككى بالامنىڭ ھەقىقى ـ ھۆرمىتى سۈپىتىدە ساڭا تېلېفون بەردىم . سەن بەزىدە ياتاقتا بار بولۇپ چىقتىڭ ، بەزىدە «كۇتۇپخانىغا چىقىپ كەتكەن» بولدۇڭ . بىراق ، مەن شۇ چاغدا سىلەرنىڭ مەكتەپىڭنىڭ كۇتۇپخانىسىنى كەچتە قانچىدە تاقايدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن . راست ، سەن تەتىلدىن قايتىپ كەلگەندە ، سىلەرنىڭ مەكتەپىڭنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈدەك سەن بىلەن قانچىلىك مۇڭدىشالىدىم ، قانچىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولالىدىم؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن قېشىڭدا بولمىغاندىكىن ، كەچتە ياتاقنى تاقايدىغانغا ئۇلگۇرۇپ ياتاققا قايتىپ ، ماڭا «كۇتۇپخانىغا چىقىپ كەتكەن» دەپ قويساڭ ئىش تۈگىمەمدۇ؟ ئىشقىلىپ ، شۇ چاغدا مېنىڭ كاللامدىن ئىككى پەرىخە توغرىسىدا نۇرغۇن خىياللار كەچتى . ھەتتا ياتىقىڭدىكىلەرنى شەيتان ئويۇنى ئويناۋاتامدۇ نېمە؟ دەپمۇ قالدىم . ئىككىمىز خالاپ ئېلىپ ـ تېگىشكەن . ھەرگىزمۇ بىر ـ بىرىمىزنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ ، يېلىنىپ تېگىشكەن ئەمەس . بىراق ، ۋاقىت ، مۇھىت ، يېڭىچە «ساختا مەدەنىيەت» ئامىللىرى نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئەقىدە ، ھۆرمەت ، مېھرىبانلىق ، ياخشى كۆرۈش ، مۇھەببەت ، شۇنداقلا كۆنۈپ كەتكەن ياخشى ئادەت قاتارلىقلارنى ئارقىغا تاشلاپ كېتىۋېرىدىكەن . سەن ئۇنى توسۇپ قالالمايدىكەنسەن . توسۇپ قالماقچى بولۇپ تىركەشسەڭ ، ئىشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈپ قويىدىكەنسەن ـ دە ، ئۆزۈڭنىڭ ئەرزىمەس ، چاغلىق ، كىچىككىنە بىر ئىشقا تىركەشكەنلىكىڭنى كېيىن پۇشايمان ئىچىدە ئېتىراپ قىلىدىكەنسەن . بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بىپەرۋالىق ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تۇرمۇش رىتىمىدىن تەۋرەنمەي ، ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك مېڭىش ئىكەن . تۇرمۇشتا تاشلاپ كېتىشكە تېگىشلىك نەرسىنى تاشلىۋېتەلمىسەڭ ، ئۆزۈڭنىڭ يولىغا ئورا قازغان ، تىكەن تاشلىغان بولۇپ قالىدىكەنسەن . پەرىخە ، بۇلار پەقەت مېنىڭلا ھازىرقى تۇرمۇش تەجرىبەم ، ئۆزۈمگە خاس ھالەتتە جۇغلىغان ھاسىلاتىم . بۇ خىل ھاسىلاتنىڭ كىملەرگە ماس كېلىدىغانلىقىغا مەن بىر نەرسە دېيەلمەيمەن.

پەرىخە ، پەرىخە ، يەنە پەرىخە... سىنىڭ ئۈرۈمچىدە قانداق ئويۇن ئوينىغانلىقىڭنى مەن بىلمىسەممۇ ، بىراق سەندىكى ئۆزگىرىش مەندە بىرسىگە دېگىلى بولمايدىغان تولىمۇ مەۋھۇم ، ئېنىقسىز گۇماننى قوزغاپ قويدى . ئادەمدىكى دىلىغۇلچىلىق ، خۇدۇكسىرەش ، ئەندىشە تەبىئىي ھالدىلا ئادەمنىڭ روھىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ، ئۈمىد ، ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ، ئادەمنى چۈشكۈنلۈك ، بەرباتلىق ئېقىنىغا سۆرەپ ، ھەممە نەرسىدىن ئايرىپ تاشلىماقچى بولىدىكەن . بۇ سېنىڭ ئىرادەڭنى ، ئۆزۈڭگە بولغان ئىشەنچىڭنى ، ئەقلىڭنى سىنايدىغان ، ھەر بىر ئادەم بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئەڭ نازۇك بىر جەريان ئىكەن . مەن بۇ جەرياندىن ئۆزۈم يالغۇز ، ساق ــ سالامەت ، بىمالال ئۆتۈپ كەتتىم . دېمەك ، بىز ئاخىر ئاجرىشىپ كەتتۇق . بۇ ئىش كىشىلەرگە ھەرگىزمۇ يېڭىلىق تۇيۇلمايدۇ . بۇ خۇددى قورسىقى ئاغرىپ قالغان ئادەم دوختۇر ئىزدىگەندەك ياكى ھاجەتخانىغا بارغاندەكلا بىر ئىش ، خالاس! نىكاھتا ئۇتتۇۋېلىش ، ئۇتتۇرۇۋېتىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ، بەلكى خالاش ــ خالىماسلىق ، رازى بولۇش ــ بولماسلىق مەسىلىسىلا مەۋجۇت! مۇھەببەت مۇناسىۋىتىدە پايدا ئېلىش ــ پايدا ئالماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ، بەلكى ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا ياخشى كۆرۈپ ، ئورتاق بەدەل تۆلەش ، قۇربان بېرىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان تەسەللى ، خۇشاللىق تۇيغۇسىلا مەۋجۇت!...

سەن مېنىڭ ئاخشاملىرى ياتىقىڭغا تېلېفون بېرىپ تاپالماي قېلىشىمنى باھانە ــ سەۋەب قىلىپ ، يېڭىدىن پەيدا بولغان ئالاقىلىشىش قورالى ــ چاقىرغۇ سېتىۋالماقچى بولدۇڭ . مەن قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق دېسەممۇ ، سەن يەنىلا ئىككى مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ سېتىۋالدىڭ.

ــ چاقىرغۇ سېتىۋېلىپ نېمە قىلىسىز؟

ــ سىلەر ئىزدەپ قالساڭلار سىرتتا بولۇپ قالسام ، سىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشقا قۇلايلىق بولارمىكىن دېگەنىدىم.

ــ سىز يا بىر ئالدىراش ئادەم بولمىسىڭىز ، ئۇنىڭ نېمە كېرىكى؟

ــ ئۈرۈمچىدە ھەممە ئادەم ئېسىپ يۈرىدىكەن.

ــ سىزنىڭ ئۈرۈمچىلىك بولغۇڭىز كېلىپ قاپتۇ ــ دە.

سېنىڭ ئەركىلىشىڭگە قارىتا مەن ساڭا ئازراق دەرس ئۆتۈشنى ئويلىدىمىيۇ ، بوپتۇ ، خەقنىڭ شەھىرىدە بوينى قىسىلىپ قالمىسۇن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەماللىققا ئىش چىقىپ قالسا ئىزدەپ تېپىشقا ئاسان بولىدۇ ، دەپ ئويلاپ تەلىپىڭگە قوشۇلدۇم.

ــ قانچە پۇل ئىكەن؟

ــ ياخشىراقىنى ئىككى مىڭ يۈەن دەيدۇ.

ــ پاھ! ئالتۇندىنمۇ قىممەت نەرسىكەنغۇ.

ــ مېنىڭ خەجلىمەي يىغىپ قويغان ئازراق پۇلۇم بار ، قالغىنىغا سىز ياردەم قىلىسىڭىزلا بولىدۇ.

ــ سىز تىرىشچانلىق ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىگىلىك تىكلەۋېتىپسىز ــ دە ، بولىدۇ ، كېمىنى ئەۋەتىپ بېرەي.

بىز شۇنداق پۈتۈشتۇق . دېمىسىمۇ بىزنىڭ ئىزدەشكەندە دەماللىققا تېپىشىشىمىز ئاسانغا توختىدى . بىراق ، چاقىرغۇ دېگەن گۇيغا مەندىن باشقىمۇ ئادەملەرنىڭ تېلېفون بېرىدىغانلىقىنى مەن كالۋا ئويلىماپتىمەن . سەن ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چاقىرغۇ دېگەن بۇ «خاشو دەللال» بېشىمغا بالا بولدى . ئۇ كۈندۈزلىرى سايرىغاننى ئاز دەپ ، ئاخشاملىرىمۇ ، ھەتتا يېرىم كېچىدىمۇ تاتلىق ئۇيقۇمىزنى بۇزۇپ ، يۈزسىزلىك بىلەن سايرايتتى . سەن يېرىم كېچە دېمەي ئاكتىپلىق بىلەن ئالدىراش تېلېفون قايتۇراتتىڭ . سېنىڭ نېمىگە شۇنچىلىك ئالدىراشلىقىڭنى مەن زادىلا چۈشىنەلمىدىم . تېلېفون قايتۇرۇپ بەزىدە غۇدۇراپ قوياتتىڭ . بەزىدە ئۆيدە سەندىن باشقا ئادەم يوقتەك ، بىرسى ساڭا نەسىردىن ئەپەندىنىڭ يۇمۇرلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتىڭ . مەن كىملىكىنى سوراپ بېقىشنى ئويلىساممۇ ، سەن زۇۋان سۈرمىگەندىكىن ، بىرنەرسە دېيەلمەيتتىم . پەرىخە ، مەن ئەنە شۇنداق دىلىغۇلچىلىق ئىچىدە ياشىدىم . مانا ئەمدى باللارغا بولغان مېھىر ــ مۇھەببەت ، رازىلىق تۈسىنى ئالغان شەرەپ تۇيغۇسى مېنى ئازادىلىككە ، خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈردى . مەن پەرۋەرنى يەسلىدىن ئېلىپ ماڭغان ، ئۇنىڭ ئالدىمدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىنى ، توختىماي سوئال سوراشلىرىنى ، مېنى ئات قىلىپ ئۈستۈمگە مىنىۋېلىشلىرىنى ، ئەلپەرنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرگەنلىكلىرىمنى ، ئۇلار بىلەن باغچىدا كۈلۈشۈپ ئوينىغانلىقلىرىمىزنى ئويلىسام ، ئۆزۈمنىڭ ئەڭ بەختلىك ئادەم ئىكەنلىكىمدىن سۆيۈنىمەن . بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلىمەن! ئۆزۈمدىن رازى بولىمەن . ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭگە رازى بولۇپ تۆلىگەن بەدەل ھامان ئادەمنى بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ!... ھاياتتا گەرچە تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتسىمۇ ، سەن ئايرىلىپ قالغىنىڭنى ئەمەس ، بەلكى ئېرىشكىنىڭنى ئويلىساڭ ئۆزۈڭنى ھۇزۇرلۇق ھېس قىلىدىكەنسەن! بۇلارنى ئەسلەپ قالىدىكەنسەن! مانا بۇنداق سۆيۈنۈش تۇيغۇسى شاھلارمۇ ، پېقىر ، غېرىب ــ مىسكىنلەرمۇ ئوخشاشلا بەھرىمەن بولالايدىغان ئاجايىپ سېھرىي

كۆچكە ئىگە تۇيغۇ ئىكەن . مەن ساڭا باشتىلا دېگەن ،
ئادەمنىڭ ئېرىشىدىغىنىدىن ، ئايرىلىپ قالىدىغىنى كۆپ
بولىدۇ . بىراق ، سەن ئېرىشكەنلىرىڭنى ئويلىساڭ ،
ئۆزۈڭنىڭمۇ بەختلىك كۆڭلىرىنىڭ بولغانلىقىدىن سۆ-
يۈنمەي قالمايسەن! بىز ھەممىگە ئېرىشكۈچى ئەمەس ،
شۇنداقلا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىگۈچىمۇ ئەمەس! كى-
شىلىك تۇرمۇشتا بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق نېسىۋىمىز ،
ئېرىشىدىغىنىمىز بار . ئۇ بولسىمۇ خۇشاللىق . ئۇ بول-
سىمۇ بىزنى سۆيۈندۈرىدىغان بىرەر قېتىملىق بەختلىك
مىنۇتلار! بۇ خىل خۇشاللىقنىڭ ئىچىدە مۇھەببەتمۇ ،
مەئىشەتمۇ ، كىيىشمۇ ، ئائىلىمۇ ، پەرزەنتمۇ ، دوستمۇ ،
خىزمەتمۇ بار!... سەن ئۇ مېنى بەختلىك قىلالمىدى دەپ
ئويلىما! قەدىمكى يۇنانلىق پەيلاسوپ پروكلوس : «ئا-
دەمنىڭ روھى پەقەت تەننىڭ كىشىنىدىن قۇتۇلغاندىلا
ئاندىن ھەقىقەتنى كۆرەلەيدۇ» دەيدۇ . مېنىڭچە ، بۇ ئۆ-
لۈم يولىنى ئۆزلىرى خالاپ ، بۇرۇنلا تاللاپ ماڭغانلار ئۈ-
چۈن ئاقىلانىلىق بولسا ، ئۆلۈمنى خالىمايدىغانلار ئۈچۈن
ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك ھېسابلىنىدۇ . تارىختا روھ-
نىڭ ھەقىقەتكە يېتىمەن دەپ ئۆزىنى قۇربان قىلغانلار
زادى قانچىلىك؟ ئېھتىمال تايىنلىقتۇر . چۈنكى ، سەن
قانداق ھەقىقەتكە يېتىشنى ئۆزۈڭ بەلگىلەيسەن . ئۆ-
زۈڭنىڭ ھەقىقەتكە تايىنىپ ياشايسەن! ھەربىر شەخس-
نىڭ ئىرادىسىنىڭ ئۆزى بىر ھەقىقەت! سەن ئۆز ھايات-
لىق ئېقىنىڭنىڭ ھەر بىر دەقىقىسىدىكى ھالىتىگە
دىققەت قىلساڭ ، بەزىدە كۆۋەرەپ سۇر ـ ھەيۋە بىلەن
ئاقىدۇ . بەزىدە شىلدىرلاپ ئاقىدۇ؛ بەزىدە تېۋىشسىز
ئاقىدۇ . بەزىدە بۇ ئېقىنغا ئەخلەت ـ چاۋارلارنىڭ قو-
شۇلغانلىقىنى ، سۇنىڭ ئۆز رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ ، لاي ـ
لاتقا بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن . سېنىڭ
ھاياتىڭ ئاشۇ خىل ئېقىندەك ئۆتىدۇ . بىراق ، ساڭا ھا-
ياتلىقنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى كوچىدا قالغان يېتىم بالا
كۆزىنى پارقىرىتىپ ، ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرغاندەك قاراپ
تۇرۇشتىن ، ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن باشقا ئامالىڭ يوق! سەن
ھەممىنى سېزىپ تۇرىسەن ، كۆرۈپ تۇرىسەن ، ئاڭلاپ
تۇرىسەن! ئىشەنمىسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ھاياتلىق ئېقىنىغا نە-
زەر سېلىپ باق ، قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا!...

پەرىخە ، سەن مەڭگۈلۈك بەخت دېگەن سۆزگە ئى-
شەنمە ، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك ئازابقىمۇ ئىشەنمە! دۇنيانىڭ
ئىشلىرى ئەزەلدىن ئۆزگىرىشچان ھالەتتە داۋاملىشىدۇ .
سەن بۈگۈن خۇشال ـ خۇرام ، بەخت ئىچىدە ياشاۋاتقان-
لارنىڭ سەن كۆرگەن ۋاقىتتىكى بەختلىك ھالىتىنىلا
ئويلاپ ، ئۇنىڭغا كۆزۈڭنى قىزارتما ، ئۆزۈڭنى بەختسىز
ھېسابلىما . ئەتە ئۇنىڭمۇ بەختسىز كۆڭلىرىنىڭ بول-
دىغانلىقىنى ياكى بۇرۇن بولغانلىقىنى نەزىرىڭدىن سا-
قىت قىلىۋەتمە . بەخت ، نېسىۋە ، خۇشاللىق بىرنەچچە
ئادەمگىلا باقىمەندە نەرسە ئەمەس . شۇنداقتىمۇ بۇ سې-
نىڭ قانائەت قىلىش ـ قىلماسلىقىڭغا باغلىق! ئاچ كۆز-
لۈك سېنى ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ .
چۈنكى ، سەن مەلۇم نەرسىگە ئاچ كۆزلەرچە يېپىشقان-
كەنسەن ، ئۇنىڭغا تۆلەيدىغان بەدىلىڭمۇ ئاز بولمايدۇ .
ئاچ كۆزلۈك بىلەن تۆلەنگەن بەدەل سېنى ھەقىقىي رازى
قىلالىشى ناتايىن . ئۇنىڭغا ئاچچىق ھەسرەت ، كۆز يېشى
ئۆچمەنلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ . سەن بۇنىڭدىن قانچىلىك
خۇشاللىق ھېس قىلالايسەن؟ زورلاپ ئېرىشىدىغان خۇ-
شاللىق بىردەملىك ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس .
سەن زورلاپ ئېرىشكەن بىردەملىك خۇشاللىققا قانائەت
قىلامسەن ، ئۇنىڭدىن رازى بولامسەن؟ ناتايىن . سەن
«زۇلۇم بىلەن ئېلىپ يېگەن نەرسە گەرچە تاتلىق بول-
سىمۇ ، ئاخىر غايەت زور ئاچچىققا ئايلىنىدۇ» دېگەن
ھېكمەتنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟...

خۇشاللىق قانچە تەبىئىي بولغانسېرى سېنى شۇن-
چىلىك ھۇزۇرلاندۇرىدۇ . كۆڭلۈڭگە ئارامبەخش ئاتا قى-
لىدۇ . سەن بۇنداق خۇشاللىقنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالماسلى-
قىڭ مۇمكىن.

پەرىخە ، سەن ئوقۇشنى تاماملاپ يېنىپ كەلگەندىن
كېيىن ، باشقا بىر يولغا — ئۆزۈڭمۇ باش ـ ئاخىرىنى
بىلمەيدىغان يولغا قەدەم باستىڭ . سېنىڭ بۇ قەدەملى-
رىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مېڭىش رىتىمىنى بۇزۇپ
مېڭىۋاتاتتى . سەن پىيادىلەر يولىدىن ھالقىپ كەتكەن-
دىڭ . بۇ شەھەرنىڭ يوللىرى ئۈنچىلىك راۋان ئەمەس .
سېنىڭ مېڭىشىڭ ئاسانلا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوز-
غاپ قويىدۇ . سېنىڭ بۇ قېتىملىق ياسىنىشىڭ مېنى
تېخىمۇ ساراسىمىگە ، ئەندىشىگە ، ئىزتىراپقا سېلىپ
قويدى . سەن چاچلىرىڭنى ئوغۇللارنىڭكىدەك قىسقا
كەستۈرگەننى ئاز دەپ ، ئالدىنى سىرىققىمۇ ئەمەس ،
بەلكى «غەرىبكە ساياھەت» فىلىمىدىكى جىن ـ ئالۋاستى-
لاردەك قىزىلدا بوياپ ، ئەسلىدىنلا چوڭ كۆزۈڭنى چو-
ڭايتىمەن دېدىڭمۇ قانداق ، قاپاقلىرىڭنى كەستۈرۈپ
چىرايىڭدىكى ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان جەزىبىلىك تە-
بىئىي ھالىتىڭ بىلەن پۈتۈنلەي خوشلاشقانىدىڭ .
قەرزگە كىيىم ئالغانلىرىڭچۇ؟ قەرز ئېلىپ كىيىم كىيىش
بىزگە شۇنچىلىك زۆرۈرمۇ؟ بۇمۇ مەيلى ، سېنىڭ سۆزۈڭ
بىلەن «مودا» بولسۇن . بىراق ، ساغرىڭنى ئاران يېپىپ
تۇرىدىغان كالتە يوپكاڭ بىلەن كوچىغا چىقىپ ، ئاممۇۋى
سورۇن دېمەي سېغىزنى ئېشەك بوغۇز يېگەندەك پاقىل-
دىتىپ چايناپ ، پۈۋەپ شار پەيدا قىلىشلىرىڭ ، مىلتىق

ئاتقاندەك ئاۋاز چىقىرىشلىرىنىڭ سەن ئۈچۈن ھۇزۇرلۇق تۇيۇلغان بىلەن مەندە سەندىن بىزار بولۇش ، نەپرەتلىنىش ، يىرگىنىش ، سېنىڭدىن ۋاز كېچىش تۇيغۇسىنى قوزغايتتى . «ئاغرىق كىشى ساقايمىغۇچە يېمەكلىكتىن لەززەت تاپالمايدۇ» دېگەندەك ، مەنمۇ ئاللىقانداقتۇر بىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانىدىم . بۇ كېسەلنى ئۆزۈم داۋالىمىسام ھېچ كىشى داۋالىيالمايتتى . ئادەم ئۈچۈن روھىي ۋەيرانچىلىقتىنمۇ ئېغىر ئازاب بولمىسا كېرەك . بىر ئىش كاللامغا كىرىۋالسا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئاسان ئەمەس ئىكەن . پەرىخە ، يېرىم كېچىدە چاقىرغۇ قايتۇرغان ھېلىقى كۈنى ئېسىڭدە باردۇر . سەن مېنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىمنى خىيالىڭغا كەلتۈرمىگەندەك يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلغانىنى ئاز دەپ ، توختىماي قاقاقلاپ كۈلەتتىڭ . مەن سېنى ھېلى تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويىدۇ دەپ خېلىغىچە ساقلىغان بولسامۇ ، سەندە ئۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلمىگەندىن كېيىن ، ئۆزۈمنىڭ ئۇخلىمىغانلىقىنى ساڭا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن زورلاپ ھاجەتخانىغا چىققان بولدۇم . بىراق ، سېنىڭ گەپلىرىڭ ، كۈلۈشلىرىڭ توختايدىغاندەك ئەمەس . مەن ئاخىر بولماي:

— پەرىخە ، ئەتە دېيىشسە بولمايدىغان قانداق مۇھىم ئىش ئىكەن ئۇ؟ — دېدىم . سەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ تۇرۇپ:

— مانا ھازىر ، — دېدىڭ ـ دە ، يەنە بىردەم سۆزلىشىپ ئاخىر قارشى تەرەپ بىلەن خوشلاشتىڭ.

— يېرىم كېچىدە چاقىرغۇ قىلغان كىم ئىكەن ئۇ؟

— ئۇرۇمچىدىكى دوستلىرىم ئىكەن.

— ئېلىشىپ قالغان بىرنېمىلەرمۇ نېمە . ئەتە كۈندۈزدە چاقىرغۇ قىلسا بولىدىغۇ.

— بىرنەچچە ساۋاقداشلار يىغىلىپ قاپتىكەن ، مېنى ئەسلەپ چاقىرغۇ قىلىشىپتۇ.

— كېچىسى ئۇخلىمامدۇ ئۇ خەق ، جۆيلۈپ قالغاندەك يېرىم كېچىدە سىزنى سېغىنىپ قاپتۇمۇ؟ باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىش كېرەكقۇ . سىزمۇ قىزىقكەنسىز ، باللار ئۇخلاۋاتقاندىكەن گەپنى قىسقىراق قىلسىڭىز بولىدىغان گەپ.

— ئۇلار گېپىنى تۈگەتمىسە مەن قانداق قىلىمەن.

— قىزىق گەپ بولدىغۇ بۇ ، قانداق قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم تېلېفون قايتۇرمىسىڭىز بولمامدۇ.

— نېمىشقا تېلېفون قايتۇرمايدىكەنمەن؟

— سىزنىڭچە ، ئۆزىڭىزنىڭ قىلغىنى توغرىكەن ـ دە . مەنغۇ مەيلى ، باللارنى بولسىمۇ ئويلاپ قويسىڭىز بولمامدۇ.

— باللار بىر بەلەن ئۇخلاۋاتامدۇ.

— باللار ئۇخلاۋاتىدۇ دەپ كېچىچە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ پاراڭ سالسىڭىز بولاتتىمۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ قىلغىنى ئۆزىڭىزگە بىلىنمەي قالغان ئوخشىمامدۇ؟

— مەن نېمە قىپتىمەن؟

— كېچە ـ كېچىلەپ قاتار چاي ، ئولتۇرۇش ، توي دەپ ئۆيگە كىرمەي لالمىلىق قىلىپ يۈرىسىز . باللارنىڭ قورسىقى بىلەنمۇ چاتىقىڭىز يوق ، يەنە قانداق قىلسىڭىز بولاتتى؟ ئويۇن دېگەننىڭمۇ يولى بار.

— مەن ئويۇن دەپ تېخى كوچىغا چىقىپ كەتمىدىمغۇ!

— كوچىغا چىقىپ كەتكۈڭىز كېلىۋاتامدۇ ، بالدۇرراق مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويارسىز . سىز نېمىڭىزگە شۇنچىلىك چوڭچىلىق قىلىسىز؟ سىز پادىشاھنىڭ مەلىكىسى ئەمەس ، بەلكى مېنىڭ خوتۇنۇم . سىزگە ھەممە نەرسە تەل بولمايدۇ ، ئىككىمىز تەڭ قىلىمىز.

— چىدىمىسىڭىز سىزمۇ ئويناڭ.

سېنىڭ بۇ سۆزۈڭگە مەن راستىنلا چىدىماي قالدىم . ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئالدىڭغا بېرىپ تەستىكىڭگە بىرنى سالاي دەپ بولۇپ يەنە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

— قېنى نوچى بولغاندىكىن ئۇرمامسىز ، دادام بىلەن ئانامدىن يېمىگەن تاياقنى سىزدىن يەي.

— بىشەملىك قىلماقچىمۇ ، مېنىڭ قولۇمنى بۇلغىۋالغۇم يوق.

— مەن ناپاكمىكەنمەن.

— خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ.

— دادا ، ئاپا ، ئۇخلىساڭلار بولمامدۇ.

بىزنىڭ تاكاللىشىشىمىزدىن ئەلپەرمۇ ئويغىنىپ كەتكەنىدى . مەن تولىمۇ ئوسال ، ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدىم . قانداق قىلىشىمنى بىلمەيتتىم . ئۆيدە تۇرۇۋەرسەم سەن بىلەن يەنە گەپ تەگىشىپ قالىدىغانلىقىم ئېنىق ئىدى . شۇنىڭ بىلەن كىيىملىرىمنى كىيىپ سىرتقا چىقتىم . كېچىلىك بازارغا بېرىپ بولۇشىغا ھاراق ئىچەي دەپ ئويلىدىم . بىراق ، ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ ، مەستلىكتە يەنە سەن بىلەن جېدەللىشىپ ، رەسۋا بولۇشتىن ئەنسىرەپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم . مەن شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندىم . خۇداغا شۈكۈر ، ھەرنېمە بولسا تونۇش ـ بىلىشلەردىن بىرەرسىمۇ ئۇچراپ قالمىدى . مەن سەن بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇشنىمۇ ئويلىدىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە باللارنىڭ يېتىم ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ، مېنى تولىمۇ ئارامسىزلاندۇردى . مەن ئۆزۈمنى تۈگىشىپ كەتكەندەك ، دۇنيادا ئىككى بالامدىن باشقا ھېچنەرسەم يوقتەك شۇنداق غېرىب ، بىچارە ھالەتتە سېزەتتىم . مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسە مە-

نىسىز تۈيۈلۈشقا باشلىدى . بالىلار چوڭ بولسا ئۆزىنىڭ دۇنياسىدا ياشايدۇ . خۇددى ئاتا ـ ئانىمىز بىزنى چوڭ قىلىپ قويسا ، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ دۇنياسىدا ياشىغاندەكلا بىر ئىش . توۋا ، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزمۇ ئۆزىنى غېرىب ـ مىسكىن ھېس قىلامدىغاندۇ؟ مەن ئويلايمەن ، ئۇلار بۇنى چاندۇرمىسا كېرەك . ئۇلارنىڭ بىزگە ئاتا قىلىدىغىنى ئۈمىدۋارلىق ، چىدام ـ غەيرەت بىلەن ياشاشنى ئۆگىتىش . بالىلارنىڭ خۇشاللىقى ، بىزنىڭ تەسەللىلىرىمىز . ئۇلار ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ غېرىبلىقىنى ، بىچارىلىكىمىزنى ئۇنتۇش! پانىي ئالەمدىكى ھەر بىر ئادەم بىر غېرىب . ئۇنىڭ روھىغا ئىچكىرىلەپ كىرەلىسەڭ ، ئۇنى چۈشىنەلىسەڭ بۇنداق غېرىبلىقنى بايقىيالايسەن! سەن ئاشۇ غېرىبلىقنى ئۇنتۇپ ، تەسەللىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تاللاش ئېلىپ بارىسەن! مەن ئاشۇ كېچىسى ئۆزۈمنىڭ ئەسلىدىنلا غېرىب ، تەنھا ئىكەنلىكىمنى ، پەقەت ئائىلە ، خىزمەت ، پەرزەنت ۋە سېنىڭ مۇھەببىتىڭ ئارقىلىق ئۆزۈمگە تەسەللى ئىزدەپ ئەخمەقلەرچە ياشاۋاتقانلىقىمنى بايقاپ قالدىم . مەن تولىمۇ بىئارام بولدۇم . ئازابلاندىم ، يىغلىغۇم كەلدى . تامغا ئۇسۇۋېلىشنى ، ھارغۇچە يۈگۈرۈشنى ، ئاۋازىمنىڭ بارىچە ۋارقىراشنى ئويلىدىم . مەن ئۇنداق قىلسام بولمايتتى . چۈنكى ، مەن بىر كېچىدىلا ھەممە نەرسىنى ھەل قىلالمايتتىم . مەن ۋاز كېچەلمەيدىغان يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىدى . پەرىخە ، مانا بۇ ئادىمىيلىك ، مانا بۇ ياشاشنىڭ تاتلىقلىقى ، مانا بۇ ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرۇپ جاھىللارچە ياشاش! مانا بۇ بىزنىڭ بىچارىلىكىمىز!... ھايات ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىكى ئۈمىدكە ، ئۈمىدۋارلىق ئىچىدىكى ئۈمىدسىزلىككە تولغان! بىزنىڭ ھاياتلىق چىرىغىمىز تولىمۇ غېرىب ھالەتتە يېنىپ تۇرىدۇ . بىز ئاشۇ ئاجىزانە نۇرغا تايىنىپ ئۈمىدۋار بولۇپ ياشايمىز . چىراغ نۇرىنى ئۇلغايتىش ياكى ئۇنى مەلۇم بىر مەنىگە ئىگە قىلىش بىزنىڭ ئىجادچانلىقىمىزغا باغلىق . چۈنكى ، ئىجادچانلىق ئىنسانلارنى غەم ـ قايغۇدىن خالاس قىلىدىغان ، دۇنيانىڭ ئازدۇرۇشلىرىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان ياخشى ۋاستە! پەرىخە ، مەن بۇ يەردە ئادەم مەلۇم بىر كەشپىياتنى يارىتىشى كېرەك ، دېمەكچى ئەمەسمەن . بالىلارمۇ بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىز . ئۇلار بىزنىڭ ئەمگىكىمىزنىڭ ھاسىلاتى . بىزنىڭ بۇ ھاسىلاتىمىزدىن ، ئىجادىيىتىمىزدىن ، ئەرمىكىمىزدىن ۋاز كەچكۈمىز يوق . ئىنسان ھامان بىلىپ ـ بىلمەي ئىجادچانلىق يولىغا مېڭىپ قالىدۇ . چۈنكى ، سېنىڭ ئىزدەۋاتقان تەسەللىرىڭ ئاشۇ ئىجادچانلىقنىڭ ئىچىدە بولىدۇ . سېنىڭ باشقا بىر ئەرنى تاللىشىڭمۇ ئۆزۈڭنىڭ بىر خىل ئىجادچانلىقى ، ئۆزۈڭگە تەسەللى ئىزدەشىڭ يەنە بىر يولى . ئادەم ئىجادچانلىقنى قوغلىشىپ ، بىر خىل ئىزتىراپلىق ئىچىدە ياشايدۇ . تۇرمۇشىمىزدا بۇرۇن يۈز بەرمىگەن ، ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ھامان بىزنى يېڭى بىر ھاسىلاتنى پەيدا قىلىشىمىزغا سۆرەيدۇ ، ئازدۇرىدۇ . بىز بۇنىڭدىن قۇتۇلالمايمىز... مەن شۇ كېچىسى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارغا ئاغرىنىپ ، ئازابلىنىپ ، تولا ئويلاپ نېمە قىلاي ، پەرىخە ناھايىتى كەلسە مەن بىلەن ئاجرىشىپ كېتەر دەپ ئويلىدىم . مەن بىر ھەقىقەتنى — دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن ئازابلىنىپ يۈرۈشنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدىم . مەن ئۆيگە قايتىپ كىرگەندە ، سەن مېھمانخانا ئۆيدىكى كرېسلودىلا ئۇخلاپ قالغانىدىڭ . سېنى كۆرۈپ «چىدىمىسىڭىز ، سىزمۇ ئويناڭ» دېگەن سۆزۈڭ ئېسىمگە كېلىپ ، يەنە جۇدۇنۇم تۇتتى . كانىيىڭدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغۇممۇ كەلدى . يىغىدىن ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرىڭغا ، شۇمشىيىپ بىچارە ھالەتتە ياتقان تۇرقۇڭغا قاراپ ساڭا ئىچىممۇ ئاغرىپ قالدى . مەن «سۇرە ئەئراف»تىن بۇنداق بىر جۈملىنى بىلىمەن : «ئەپۇنى دوست تۇتقىن ، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن» . ئېھتىمال مەن مۇشۇ سۈرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن بولسا كېرەك ، سېنىڭ ئۈستۈڭگە ئەديال يېپىپ قويۇشنى ، ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاڭ ، دېيىشنىمۇ ئويلىدىم . بىراق ، ئۇنداق قىلسام ساڭا يالۋۇرغاندەك ، بويسۇنغاندەك ، ئۆزۈم يۇمشاق باش بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ، بۇ نىيەتتىن ياندىم . مەن ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئاچچىقنى مېھىر ـ مۇھەببەت ھەم كۆيۈنۈشنىڭ كېسىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلدىم . مەن ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلىغان بىلەن پەرىخە نېمىلەرنى ئويلىدى ، ماڭا يېلىنىۋالىدۇ دەپ قالسىچۇ؟ ئۇ كىچىك بالا ئەمەسقۇ ، دېگەنلەرنى ئويلاپ ، ياخشى نىيىتىمدىن يېنىۋالدىم . پەرىخە ، مانا شۇ ئىشتىن كېيىن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھۆرمەت ، كۆيۈنۈش بارغانسېرى سۇسلىشىشقا باشلىدى . بىز پەقەت ئائىلە قۇرغانلىقىمىز ئۈچۈنلا بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتاتتۇق . بۇنداق ئائىلىلەر ئېھتىمال ئەتراپىمىزدا شۇنداق كۆپتۇر ، ئۇلارنىڭ پەقەت بىزنىڭ بىلمىگەن ، چاندۇرمىغانلا يېرىمىز بار . ئىككىمىزنىڭ ئۆيدە دەرقەمدە تۇرىدىغان ۋاقىتلىرىمىز تولىمۇ ئاز بولغاچقا يۈزتۇرا ئۆز سەۋەنلىكلىرىمىزنى دېيىشەلمىدۇق . بۇمۇ بىزنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان تەرىپىمىز بولسا كېرەك . شۇڭلاشقا ، ھەر ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ يېلىنىشىنى ياكى ئاجرىشىپ كېتىش تەلىپىنى قويۇشنى كۈتەتتۇق . بۇنداق قىلساق ، بىز خەقلەرگە ئۆزىمىزنى پاك ، ئۆي تۇتىدىغان قىياپەتتە كۆرسىتىپ ، كىشىلەرنىڭ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدىن

www.uyghurkitap.com



قۇتۇلۇپ قالاتتۇق . كاۋاپمۇ ، زىخمۇ كۆيمەيتتى . ئادەملەر
هامان ئۆز سەۋەنلىكلىرىگە قىل سىغمايدىغان سەۋەبلەرنى
ئىزدەيدۇ . خاتا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشقا ، باشقىلارنىڭ
توغرا دەپ قارىشىغا ئېرىشىشكە ئۇرۇنىدۇ . پەرىخە ،
ئېهتىمال كېيىنكى كۈنلەردە مەنمۇ ئاخشاملىرى هاراق
ئىچىپ ، ئۆيگە كەچ قايتىپ خاتا قىلغاندىمەن . بۇ بىر
قېيداش ، سېنى ئائىلىگە ، باللارغا قارامدۇ ـ قارىمامدۇ ،
دەپ سىناش ئىدى . بىراق مېنىڭ بۇ سىنىقىم ، «ئو-
سۇرۇققا ئارپا نېنى باهانە بولدى» دېگەندەك ، ساڭا نىس-
بەتەن سەلبىي رول ئوينىدى . ئىككىمىز بەسلىشىپ
قالدۇق . مېنىڭ بۇ ئىشلارنى بىرەرسىدىن قانداق قىلىش
توغرىسىدا مەسلىهەت سوراش نىيىتىممۇ يوق ئىدى .
«كىشىنىڭ يارى بولمىسا ، ئۇ بىماردۇر» دېگەن سۆز
راست بولسا كېرەك . مېنىڭ تۇساتتىنلا باشقا بىرسىنى
ئىزدىگۈم كېلىپ قالدى . مەن شۇنداق قىلساملا هەممە-
دىن قۇتۇلۇپ كېتىدىغاندەك هېس قىلاتتىم . راستىنى
ئېيتسام ، قىز دوستلىرى كۆپ ئاغىنىلەر بىلەن ئالىلقاند-
داقتۇر قاۋاقخانىلارغا ، ئايرىمخانىلارغىمۇ بېرىپ باقتىم . ئۇ
يەرلەردە مەن ئىزدەۋاتقان كىشى كۆرۈنمەيتتى . ئۇنىڭ
ئۈستىگە سورۇندا ، ئايرىمخانىلاردا تونۇشقان «سەنەم»
لەرنىڭ ماڭا ئاش ـ نان بولۇشىغا كۆزۈم يەتمىدى . ئۇلار-
نىڭ سورۇندىكى لاۋزا ، تېتىقسىز سۆز ـ هەرىكەتلىرى ،
ئاغىنىلەرنىڭ بولمىغۇر قىلىقلىرى ماڭا دۇنيادا ساق ،
پاكىز روهىي هالەت بىلەن ياشايدىغان ئادەم قالمىغاندەك
تۇيۇلۇپ كەتتى . مەن ئۆزۈمنى دۇنيادا يالغۇز قالغاندەك ،
هېچنەرسە ماڭا تەسەللى بېرەلمەيدىغاندەك هېس قىلاتتىم .
مەن بىردەملىك كۆڭۈل خۇشى ياكى باشقا بىر قىتىملىق
مۇناسىۋەت ۋە هەرىكەتلەرگە قىزىقمايتتىم . مەن بىرەرسى
بىلەن تەبىئىي هالدا تونۇشۇپ قېلىشنى ، ئۇنىڭ بىلەن
خالىغان تېمىدا مۇڭدىشىپ ، ئۆزئارا تەسەللى بېرىشىپ
يورۇشنى ئويلايتتىم . ئاغىنىلەر هاراق سورۇنلىرىدا ئۆزئارا
قىزىق گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرغان بىلەن ، قىزلار بىلەن
ئولتۇرغاندا باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى
ئويلىماپتىكەنمەن . ئۇلار چىرايلىقراق قىزلارنى كۆرسە
ئۆزلىرىنى توي قىلمىغان ، ياكى نىكاهتىن ئاجرىشىپ
كەتكەن دەپ تونۇشتۇراتتى . هەتتا خوتۇنلىرىنىڭ غەي-
ۋەتلىرىنىمۇ قىلىپ بېرىشكە ئۈلگۈرەتتى . بىر ـ بىر-
سىنىڭ ئەيىبلىرىنى ئېچىپ ، ئۆزىنى دۇنيادا ئۆزىدىن
باشقا يەنە ئەر يوقتەك تونۇشتۇراتتى . پۇل خەجلەشكە
قىيىق ، بېخىل ئاغىنىلەر تېخىمۇ مەردلىشىپ ، بىر
يەرلىرىگە تىقىپ قويغان پۇللىرىنى چىقىراتتى . مانا مەن
دەپ مەيدىسىنى چىقىرىپ يۈرگەن ئەركەكلەرنىڭ بۇنداق
ئاجىز هالىتى مەندە بىز شۇ دەرىجىدە تۆگىشىپ كەت-
تىقمۇ دېگەندەك تەگسىز ، باش ـ ئاخىرى يوق خىياللارنى
قوزغايتتى . ئۆزۈممۇ شۇنداق بولۇپ قالدىممۇ نېمە دەپ
ئۆز ـ ئۆزۈمدىن گۇمانلىنىپ قالاتتىم . هەر ئىككى تەرەپ
بىر ـ بىرىنى شۇنداق ئالدايتتىكى ، ئالدىنىۋاتقانلىقىنى
بىلىپ تۇرۇپ ئۆزئارا ئالدىشاتتى . توۋا ، ئۇلار بۇنداق جاپا
تارتىپ زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ مەن ئاغىنىلىرىمنىڭ
چىرايلىق خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئويلاپ قالدىم . بىردەم-
لىك كۆڭۈل خۇشى ئۇلارنى قانچىلىك راهەتكە ئېرىش-
تۈرەر؟ ئەخلاق يالغۇز بىر ـ ئىككى ئادەم ئۈچۈن مۇهىم
دەپ قارالمىغاندەك قىلغىنى بىلەن ، بىر پۈتۈن جەمئى-
يەتكە نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدۇ . بىز ئەخلاقنى بۇ-
لۇڭ ـ پۇچقاقلاردا دەپسەندە قىلغىنىمىز بىلەن ئاشكارا
دەپسەندە قىلالمايمىز . بۇ يەردە دەپسەندە قىلىنىدىغىنى
يەنىلا ئۆزىمىز . بىز بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتىمۇ ، جامائەت ئال-
دىدىمۇ نېمىشقا ئوخشاش ياشيالمايمىز؟ ئۆزىمىز ئۈچۈن
ياشاپ تۇرۇپ يەنە نېمىدىن قورقىمىز؟ بىراق ، بىزنىڭ
ئاجىزلىقىمىزغا تەن بەرگۈمىز كەلمەيدۇ . بىر شەخسنىڭ
ماهىيىتىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە مەسئۇل بو-
لۇش مەجبۇرىيىتى يوقتەك بىلىنىدۇ . بىراق ، سەن مەلۇم
بىر جەمئىيەتتە ياشىغانىكەنسەن ، سېنىڭ زىممەڭگە بۇ
خىل مەسئۇلىيەت تەبىئىي هالدا يۈكلىنىدۇ . سەن ئۇنى
ئىرغىتىپ تاشلىيالمايسەن . ئىرغىتىپ تاشلىماقچى بول-
ساڭ ئۆزۈڭنىمۇ ئىرغىتىپ تاشلايسەن! چۈنكى ، سېنىڭ
تەسەللىلىرىڭ ، سېنىڭ خۇشاللىقىڭ ، سېنىڭ ئېرىش-
مەكچى بولغانلىرىڭ ئاشۇ جەمئىيەتتە ، ئاشۇ جەمئىيەتتە
ياشاۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا! ۋەهشىي هايۋان تىمساهمۇ
ئۆز بالىلىرىنى زىيانداشلىرىنىڭ يەپ كېتىشىدىن ساق-
لاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۈچ ياشقا كىرگۈچە قوغداي-
دىكەن . بىراق ، بىز ئۆزىمىزنى مېهرىبان ، ئەقىللىق
دەۋالغان ئىنسانلار ئالىلقاچان ئىنسانىيلىقتىن هالقىپ
باشقا بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالدۇقمۇ نېمە؟ بىز تۇخۇ-
منى قۇملۇققا كۆمۈپ قويۇپ ، قالغان ئىشلار بىلەن
چاتىقى يوق دېڭىزغا كېتىپ قالىدىغان تاشپاقا ئەمەسقۇ!
تۆگە قۇشنىڭ مېكىيانلىرى تۇخۇملىسا ، ئەركەكلىرى
بېسىپ چىقىرىدىكەن . بۇ بىر ئورتاق بەدەل ، هەر ئىك-
كى تەرەپ خالاشتىن كېلىپ چىققان رازىلىق ۋە بەخت ،
قەدىرلىكىم! ئادەمگە نىسبەتەن بىر ئادەمنىڭ سېنى ياخ-
شى كۆرمەسلىكى ، سېنىڭ ئالدىنىپ قېلىشىڭ بەك ئا-
زابلىق . بىراق ، مەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى ، مەن ئال-
دانمىدىم ، بەلكى پاكىز هالەتتە ئاجرىشىپ كەتتىم .
شۇنداقتىمۇ ، تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئېهتىياج بىزنى
ئۆزئارا ئالدىشىپ ياشاشقا مەجبۇر قىلىدىكەن . ئاجرىشىپ
كەتسەك ، ئۆزىمىزنى باقالمايدىغاندەك تارتىشىدىغان يەر-

لىرىمىزمۇ بار ئىكەن . بىرىمىزنىڭ قولىدا پۇل ، مال ـ دۇنيا بولسا ، يەنە بىرىمىزدە سەمىمىي ـ ساداقەت بىلەن يۇغۇرۇلغان مۇھەببەت بولىدىكەن . بىزنىڭ بۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكۈمىز كەلمەيدىكەن . چاندۇرماي ، ھەر ئىككىسىنى تەڭ ئېلىپ ماڭغۇمىز كېلىدىكەن . بىزنىڭ ئامالسىز قالغان ۋاقىتلىرىمىز بەك كۆپ بولىدىكەن ، ئال-



دىراپ بىر نەرسىدىن چەتنەپ كېتەلمەيدىكەنمىز . ئۇنداقتا ، ئىنسانىيلىقنىڭ بەلگىسى ھەركىم خالىغان سەنەمگە ئۇسسۇل ئويناشمۇ ، خالىغان ناخشىنى ئوڭ ـ تەتۈر توۋلاشمۇ؟ قالايمىقان يۇگۇرۇشمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى كىم بېرەلەيدۇ؟ پەقەتلا ئىگىسى ، خالاس.

پەرىخە ، تۇگمەس قاتار چايلىرىڭنىڭ ، نەگە بېرىپ ، نەدە تۇرغانلىقلىرىڭنىڭ گېپىنى قىلمايلا قوياي ، سېنىڭ مەن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن توپلىغان بارلىق ھاسىلاتلىرىڭ ئۇرۇمچىدە بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇش بىلەن گۇمران بولدى . ساپ نىيەتلىك ، نومۇسچان ، غۇرۇرلۇق ، نازاكەتلىك خىسلىتىڭ بىر يىللىق ئوقۇش ئارقىلىق پاچاقلىنىپ تاشلاندى . مەن سەۋەنلىكنى كىمگە ئارتىشنى بىلمەيمەن . ئېھتىمال مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئاۋلالماي قالغاندىمەن . تۇرمۇشىمىزنى رومانتىك تۇسكە ئىگە قىلالمىغاندىمەن . سېنىڭچە ، مەن قانداق قىلسام ئائىلىنى ساقلاپ قالالايتتىم؟ بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم . ئېھتىمال سەن بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ يۇگۇرۇشمىز شۇنچىلىك بولسا كېرەك . بىر ئۆيدە ياشىغان ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرسىنىڭ كۆڭلىنى يۇز پىرسەنت ئالالىشى بەك مۇشكۇل ئىش ئىكەن . بەزىدە ئۆيگە تېلېفون كەلسە ، مەن ئالسام قارشى تەرەپ تېلېفونى قويۇۋېتىدۇ . بۇنداق چاغدا كېسىلىپ قالىمەن . ھەتتا پەرىخە بىرەرسىگە تېلېفون بېرىپ ئېرىمنى ئەخمەق قىلىڭلار دەپ ئۆگىتىپ قويغانمىدۇ دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن . بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى . تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئېلىپ «ۋەي» دېيىشىمگە قارشى تەرەپ بىردەم تۇرۇۋېلىپ:

ــ ۋەي ، لاۋۋاڭ بارمىدۇ ، ــ دەپ سورىدى ، خەنزۇچىنى بۇزۇپ سۆزلەپ . مەن دەرھال:

ــ خاتا ئۇرۇپسىز ، ــ دەپ تېلېفونى قويۇۋەتتىم . كېيىن كۆتى قىچىشىپ قالغان گۇيدىن بىرەرسى «مەن تېلېفوننى ئالسام چىپىپ قالىسۇن دەپ ، قەستەن مېنى كولدۇرلىتىۋاتامدۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالدىم . چۈنكى مېنىڭ بىرقىسىم ئەل ـ ئاغىنىلىرىمنىڭ دېيىشىچە ، ئۇلار قىز دوستلىرىغا تېلېفون بەرگەندە ، قارشى تەرەپنىڭ تېلېفوننى ئەر كىشى ئېلىپ قالسا ئۇلار دەرھال خەنزۇچە سۆزلەپ ، ياكى باشقا بىر ئەرنىڭ ئىسمىنى سوراپ ، چاتاق چىقىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن . بىزمۇ كازراپلىشىپ كېتىپتۇق . ئۆز سەۋەنلىكلىرىمىزنى يوشۇرۇپ ، شۇنداق پاكىز ھالدا ئەخلاق چەمبىرىكىدىن چەتنىمەي ياشاۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ مەيدىمىزنى كېرىپ ياشاۋېرىدىكەنمىز.

پەرىخە ، ئادەمنى روھىي جەھەتتىن قىستىشتىنمۇ چوڭ جازا بولمىسا كېرەك . سەن كۆرۈنۈشتە نورمال ئادەملەردەك مېڭىپ يۈرگىنىڭ بىلەن ئەمەلىيەتتە ھېچ كىشى بىلمەيدىغان بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشايدىكەنسەن . سىرتىڭدىن قارىسا ساقەتەك ، ئىچىڭگە قارىسا ، ئىچىنى قۇرت يەپ سېستىۋەتكەن ياغاچقا ئوخشاپ قالىدىكەنسەن . ئېھتىمال مەن قۇرت يەپ كەتكەن كېرەكسىز ياغاچتۇرمەن . ئۇنداقتا مېنى ئىشلەتكىلى بولامدۇ ، ھېچنەرسىگە يارىمامدىم؟ يەنە باشقا بىرەر قىزنىڭ سۆيۇشىگە ، ھۆرمىتىگە ، مۇھەببىتىگە نائىل بولالامدىم؟ ئەپسۇس ، دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ھېچكىم ئالدىن بىرنەرسە دېيەلمەيدۇ . بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز ئېرىشىش بىلەن ئېرىشەلمەسلىكتەك ئېنىقسىزلىك ئىچىدىكى ئېھتىماللىق . شۇنداقلا ، ۋاقىتلىق دۇنيا ــ پانىي بىلەن خوشلىششتەك ئۆلۈم ھادىسىسىنىڭ ھامان يۈز بېرىدىغانلىقىدەك ئېنىقلىقتىن ئىبارەت . بىزنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بىلىدىغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئوڭ كېلىپ قالسا ئۆزىمىزگە خۇشاللىق ، تەسەللى ، شان ـ شۆھرەت ۋە بەخت تۇيغۇسى ئاتا قىلىدىغان ، تەتۈر كېلىپ قالسا ئۆزىمىزنى ئازابقا ، ئاۋارىچىلىققا قويىدىغان ئىشلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس . بىز مۇشۇنداق دۇنيادا ياشايمىز . مۇشۇنداق دۇنيا ئۈچۈن بىر ـ بىرىمىزدىن ئاغرىنىمىز ، كەملەردىندۇر قېيدايمىز ، ئۆزىمىزنىڭلا دەردىمىز باردەك ئېغىر ئۇھسىنىمىز ، رەنج تارتىپ يۈرىمىز . «تەڭسىز دۇنيا» دەپ

تۇۋلىغىمىز ، ياقا يىرتىپ يىغلىغۇمىز كېلىدۇ . بىراق ، بىز ھېچقايسىسىنى قىلالماي تەڭقىسلىقتا ياشاۋېرىمىز . شۇنداق ، بىزنىڭ مىسكىنلىكىمىز يۈرىكىمىزنىڭ ئاللىقانداقتۇر يېرىدە ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ.

پەرىخە ، سەن جەمئىيەت بىلەن ، يەنە باشقا نۇرغۇنلىغان مەن تونۇمايدىغان ئاللىقانداقتۇر كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا ئۆزۈڭدە بىر خىل نەرسىنىڭ — ئايالار ئەركىنلىكىنىڭ كەملىكىنى ، سىلەرنىڭمۇ ئەرلەردەك نۇرغۇن ئىشلارنى قىلساڭلار بولىدىغانلىقىدەك بىر ھەقىقەتنى غۇۋا ھېس قىلغان بولساڭمۇ ، بىراق سەن ئىنسان ئۈچۈن ئەخلاقتىن ، ئېتىقادتىن ، غۇرۇر ھەم شەرم ـ ھايادىن ، پاكىز مۇھەببەتتىن ، ئاياللىق نازاكەتتىن ھالقىغان ئەركىنلىكنىڭ ئۆزۈڭنى خانىۋەيران قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدىڭ . ئائىلىدە تاماق ئەتمەسلىك ، ئەرلەر بىلەن تەڭ ئىشلەش ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلمەي مەي ـ شاراب ئىچىپ ، ئەيش ـ ئىشرەت قىلىپ ، ئۆي ۋە بالىنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەملەر بىلەن بەسلەشكەنلىكىڭ سېنىڭ نەقەدەر چاكىنا ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىڭنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر جەمئىيەتنىڭ ، ھەربىر مىللەتنىڭ ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەخلاق ئەندىزىسى ، ئەركىنلىك ئۆلچىمى بولىدۇ . بۇنى سەن ئۆزۈڭ ئارىلىشىۋاتقان بىرنەچچە دوستلىرىڭ بىلەن ئۆزگەرتىشكە ، يوق قىلىۋېتىشكە قادىر ئەمەس . بۇ مەلۇم بىر تۈزۈلمىگە ، كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ بىردەك بولۇشىغا باغلىق بولغان ناھايىتى ئۇزۇن بىر جەريان!...

سەن بىلەن مەن ئائىلە ئىشىنى قىلىش توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىشقىنىمىز ئېسىڭدە بولسا كېرەك . شۇ كۈنى مەن ئىشتىن چۈشۈپلا ئۆيگە قايتىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ چارەكلىك ئىمتىھان قەغەزىنى تەكشۈرۈپ ئولتۇراتتىم . سەن ئىشتىن خېلىلا كېيىن قايتىپ كەلدىڭ . سومكاڭنى يان تەرىپىمگە كۆچەپ «پوككىدە» تاشلىدىڭ . مەن سېنىڭ كەيپىياتىڭنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى پەملەپ ، «تۇتۇپ قالغان» بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ، ئۆز ئىشىم بىلەن مەشغۇل بولۇۋەردىم . سەن بىردەم تۇرۇۋېتىپ ماڭا:

— باللارغا تاماق قىلغاچ تۇرسىڭىز بولامدۇ ،— دېدىڭ.

— ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان قەغەزىنى تەكشۈرۈپ ، ئەتە ئەتىگەندىلا ئىلمىي بۆلۈمگە تاپشۇرۇشىمىز كېرەككەن . بولمىسا مۇكاپات پۇلىنى تۇتىدىكەن...

مېنىڭ گېپىمنىڭ ئاخىرى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا سەن بىردىنلا كۆكلەپ كەتتىڭ.

— مەن بولمىسام بۇ ئۆيدە ھېچقانداق بىر ئىش يۈرۈشمەيدۇ.

— نېمانداق گەپ قىلىسىز ، سىز بولماي قايسى ئىش يۈرۈشمەي قاپتۇ؟ ھەممىمىز تەڭ قىلىۋاتىمىزغۇ.

— قايسى ئىشنى قىلىۋاتىسىز؟

— مەن قايسى ئىشنى قىلماپتىمەن؟

— قاچان قارىسا كىتابقا قاراپ ئولتۇرىسىز . بىر پىيالىنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۆتكەپ قويماي دېمەيسىز.

— مېنىڭ كىتابقا قاراپ جان باقىدىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامسىز . ھەممە ئادەم سىزدەك بىكار ئەمەس.

— مەن بىكارما؟ ھېلىمۇ ئۈچىلىڭلارغا قۇل بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن . يەنە قانداق قىلسام بولاتتى.

— قىلسىڭىز ئىككى بالىڭىزغا قىلىسىز.

— سىزگە قىلمىدىممۇ؟

— قىلغۇڭىز بولمىسا ئۇمۇ ئىختىيارىڭىز.

— سىزگە بەرگەن مائاشنى ماڭىمۇ بېرىدۇ . تېخى سىزنىڭكىدىن كۆپرەك . ئائىلىدە ئەر ـ ئايال باراۋەر.

— مەن تېخى باراۋەر ئەمەس دەپ سىزنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلمىدىمغۇ . تاماق قىلغۇڭىز بولمىسا بۇنداق سېسىق گەپ قىلغۇچە ، گەپىنىڭ ئوچۇقىنى قىلسىڭىز بولمامدۇ.

— نېمە گەپنى ئوچۇق قىلىدىكەنمەن.

— ئۆزىڭىز بىلەرسىز ، خەقنىڭ خوتۇنلىرىمۇ ئارتۇق گەپ قىلماي ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىۋېرىدىكەنغۇ . سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىككى ـ تۆت تال مائاشىغا بەك تەمەننا قويۇپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— خەقنىڭ ئەرلىرىمۇ ئۆيدە تاماق ئېتىپ ، كىر ـ قات يۇيۇپ ئۆتىدىكەنغۇ.

— مەنمۇ سىز يوق چاغدا قىلغان.

— باللارغا كوچىدىن تاماق ئېلىپ بېرىپ ، كىر ـ قاتلىرىنى دۇكاندا يۇدۇرغانغىما؟

— بۇ ئىش ئەمەسما؟

— ئۆزىڭىز قىلسىڭىز ھېساب.

— ئەمدى مەن ئۆزۈم قىلدىم دەپ ئۈلگە كۆرسىتىشىم كېرەكما؟ ھەر كىم ئۆزى قىلالىغان دائىرىدىكى ئىشنى قىلىدۇ.

— شۇنداق بولغاندىكىن ئارتۇق گەپ قىلماڭ.

— سىز مەن بىلەن دېيىشمەكچى ئوخشىمامسىز؟

— دېيىشسەك دېيىشتۇق.

— نېمىنى دېيىشىمىز؟

— نېمىنى خالىسىڭىز شۇنى دېيىشىمىز.

— كەچۈرۈڭ ، مېنىڭ سىز بىلەن دېيىشكۈدەك

ۋاقتىم يوق . مېنى زادى ئىش قىلغىلى قويامسىز ، قويـ
مامسىز.

— مەن قولىڭىزغا ئېسىلىۋالمىدىمغۇ.

— بولسا شۇ قالغان ، ھېرىپ قالغان بولسىڭىز يېـ
تىۋالسىڭىز بولىۋېرىدۇ . تولا چېشىمغا تەگمەڭ مېنىڭ .
ئىشخانىغا چىقىپ كەتسەملا بولىدىغۇ.

مېنىڭ سەن بىلەن تاكاللىشىپ سېنى قايىل قىلىـ
دىغانىغا كۆزۈم يەتمەي ، ئاخىر ئىشخانىغا چىقىپ كەتتىم .
ئويلىسام ـ ئويلىسام بۇ ئىش زادىلا كاللامدىن ئۆتمىدى .
سېنىڭچە مەن ئۆيدە ھېچنەرسە قىلماي يەپ ياتىدىغان
بىكار تەلەپكە ئايلىنىپ قالغانىدىم . شۇنداقتىمۇ سېنى
«بۈگۈن ئىشلەپ ھېرىپ قالغاندۇ ، ياكى كەيپىياتى ياخـ
شى ئەمەستۇ» دەپ ئويلىدىم . ئىمتىھان قەغىزى تەكـ
شۈرۈشنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا بۇ ئىشنىمۇ بەك ئويلاپ
كەتمىدىم . كېيىن ئويلىسام سەندە ئايالLAR ئەركىنلىكى
غىل ـ پال باش كۆتۈرۈپ چىققاندەك قىلاتتى . ئارىمىزدا
بۇنداق تاكاللىششلار بەك كۆپ بولۇپ كەتتى . ھەركىم
تۇتسا ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى تۇتىدۇ . بىراق ، بەزى خوـ
تۇنلار ئۆز ئەرلىرىنى قانداق باشقۇرغانلىقىنى ، ئۇنىڭ
ئۆيدە قانداق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى باشقىلارغا ماخـ
تىنىپ سۆزلەپ ، ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا كۈشكۈرتسە
كېرەك . شۇنىڭ بىلەن زىددىيەت تېرىلىدىكەن . شۇنداق ،
ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ چامىسى يەتكەن ، ئۆزىمىز قىـ
لىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىشىمىز زۆرۈر . بىر ـ
بىرىمىزگە پۇرسەت يارىتىپ بېرەلىسەك تېخىمۇ ياخشى بوـ
لاتتى . بىراق ، ھەممىمىز تۇرمۇش ، خىزمەت ھەلەكچىلىكىدە
ئالدىراش يۈرىمىز . چۈنكى ، بىز ئىستىخىيىلىك خىزـ
مەت رىتىمىغا باغلىنىپ قالغاچقا كۆڭلىمىزدە قىلىشقا
تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن ئىشلار ئارقىغا تاشلىنىپ قېلىـ
ۋېرىدۇ . بىر نەرسىگە ئالدىرايمىز . بىرسىمىزلا بەدەل
تۆلەۋاتقاندەك ، قۇربان بېرىۋاتقاندەك ئۆزىمىزنى خورلۇق ،
بىچارىلىك ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلىۋېلىپ باشقىـ
لاردىن رەنجىپ كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلىۋالىمىز . بۇ
بىزنىڭ روھىي جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىقىمىزنىڭ ،
ئاجىزلىقىمىزنىڭ ئىپادىسى.

پەرىخە ، ئويدانراق ئويلاپ باقساڭ ، بىز بىلەن يا-
شاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزگە ئاللىقانداقـ
تۇر بوشلۇق ئىزدەپ ، كىملەر بىلەندۇر دوستلىشىپ ،
كىملەر بىلەندۇر دۈشمەنلىشىپ ياشايدىكەنمىز . جاھان
ساڭىمۇ ، ماڭىمۇ تاردەك بىلىنىدىكەن . بىلەمسەنكىن ،
ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا غەرب ئەللىرىدە ئاـ
ياللار ھوقۇقچىلىقى ئەۋج ئېلىپ ، نۇرغۇن ئاياللار «بىز
ئائىلىنىڭ قۇلى ئەمەس» دېيىشىپ ئائىلىسىنى ، پەرـ
زەنتلىرى تاشلىۋېتىپ چىقىپ كەتكەنىكەن . ئۇلار دۇنيا
تەڭسىزلىككە تولغان ، ھايۋانلار جېنىدا جۇپلىشىپ بوـ
لۇپلا ئىككىسى ئىككى تەرەپكە كېتىپ قالىدىكەن ، ئادەم
بالىسى بولغان ئاياللار نېمىشقا ئائىلىگە ، ئەرلەرگە باغـ
لىنىپ قالىدۇ؟ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بالا بېقىش بولغاندىـ
كىن كىم بىلەن جۇپلەششەك جۇپلىشىپ ، بالىمىزنى
بېقىۋەرسەك ياكى بولمىسا پەرزەنتلىك بولماي ياشاۋەرسەك
بولىدىغۇ دەپ قاراشقانىكەن . سەن ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىنى
قوبۇل قىلالامسەن؟ بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز تەرەققىي
قىلىپ شۇ دەرىجىگە — ھايۋاندىنمۇ بەتتەر دەرىجىگە
يېتىپ كەتتىمۇ؟ بىزنىڭ ئىنسانىيلىقىمىز بۇنداق بىـ
تايىن قاراشلار بىلەن ئۆلچەنسە ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى
يەر بىلەن يەكسان قىلغان بولمامدۇق! بۇ بىر پارچىلىـ
نىپ كەتكەن روھىي دۇنيا ، بۇ ئەقىدە ـ ئېتىقادنىڭ
بۇلغىنىشى . پارچىلىنىپ كەتكەن روھىي دۇنيادا ، بۇلـ
غانغان ئەقىل ـ ئىدراكتا ئۆزىدىن ھەم باشقىلاردىن
سۆيۈنۈش ، رازى بولۇش ، خۇشاللىنىش ، لەززەتلىنىش
تۇيغۇسى مەۋجۇت بولمايدۇ ، بەلكى باشقىلارغا ئۆچمەنـ
لىك بىلەن قاراش ، ئادەملەردىن قېيداش ، ئىچى سىـ
قىلىشلا مەۋجۇت بولىدۇ . سەن بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزۈڭـ
نى يەڭگىل ھېس قىلالامسەن؟ سەن ئۆز ئەركىنلىكىڭنى
ھەممە ئادەم ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ئادەتكە ئايلاندۇـ
رالامسەن؟ ناتايىن! يۇنان رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا ، قەـ
دىمكى زاماندا ئۆزلىرىنىڭ ئوۋچىلىق ۋە ھەربىي يۇـ
رۇشكە ماھىرلىقى بىلەن نام چىقارغان ، يۇناننىڭ شەرقىي
شىمالىدا ياشايدىغان بىر ئاياللار دۆلىتى بولۇپ ، مەملىـ
كەت ئىچىدە ئەرلەرنىڭ تۇرۇپ قېلىشى مەنئى قىلىنىـ
دىكەن . ئۇلار ئەۋلادىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن دائىم
ئەتراپىدىكى كاۋكاز تاغلىق رايونلىرىنىڭ ئەرلىرى بىلەن
ۋاقىتلىق جورا بولۇشۇپ ، تۇغۇلغان قىز بالىلىرىنى
ئۆزلىرى ئېلىپ كېتىشىدىكەن . بۇ قىزلار چوڭ بولغاندا
ئەسكەرلىككە قاتنىشىدىكەن . ئۇلار ھەربىي ماھارەتكە
پىششىق بولۇپ ، غەربىي ئاسىيا ۋە ئىگەي دېڭىزى بوـ
يىدىكى بەزى شەھەر ، يېزىلارنى تارتىۋالغان ھەمدە كۆپ
قېتىم يۇنانلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانىكەن . بىراق ،
ھازىرقى بارغانسېرى كۆپ قۇتۇپلىشىۋاتقان دۇنيادا ،
روھى پارچىلىنىپ ئۆزىگە ئوخشىماي قېلىۋاتقان كىشىـ
لەر ئارىسىدا سەن نېمىنى ئىزدەۋاتىسەن؟ ئۆزۈڭنى
ئىزدىگەن بولساڭ ، سەن ئاللىقاچان پانىي ئالەمگە كۆز
ئېچىپ بولدۇڭ . سەن مۇشۇ ياشقا كېلىپ قالدىڭ ،
ئەمدى ئارقىغا يانالمايسەن . سېنىڭ ئەمدى ئىزدەيدىغىـ
نىڭ ئۆزۈڭمۇ ھەم سەن ئۈچۈن بەدەل تۆلەۋاتقان باشقا
بىرسىمۇ ئورتاق راھەت ھېس قىلىدىغان ، رازى بولىدىغان ،

تەڭ خۇشال بولۇپ ، تەڭ يىغلىيالايدىغان ، ئورتاق تەسەللى بېرەلەيدىغان — پانىي ئالەمنىڭ نورمال ياشاش ھەقىقىتى ، خالاس! ئۇلۇغلىرىمىز «جىسمانىي ھالاۋەت بىلەن روھىي ھەقىقەتنىڭ لەززىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ» دېيىشىدۇ . سەن ھېسسىياتلىق ، ئەقلى جايىدا ، نورمال ئىنسان بولساڭلا ئايالدىن ئىبارەت بۇ نامنى چۆرۈپ تاشلىيالمايسەن! ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر بولىدىغانلىقىنى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىكى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلاردىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ . ئېھتىمال ياراتقۇچىنىڭ ئەركەك ـ چىشى دەپ ئايرىپ ، تەڭگە بېرىلگەن تەقسىماتى سېنى ئويلىنىشقا ، تىركىشىپ بېقىشقا مەجبۇر قىلغاندۇر . سەن ئېرىڭگە ئەمەس ، پەرزەنتىڭگە قارىغىنىڭدا ئۆزۈڭنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلغان ، ئۇنىڭدىن سۆيۈنگەن بولاتتىڭ ، قەدىرلىكىم . ناۋادا بۇ تەقسىمات ساڭا تەئەللۇق بولماي قالغان بولسا ، سەن تېخىمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتىڭ . سېنىڭ ئانىلىق مېھرىڭنىڭ بۈيۈكلۈكى ، سېنىڭ قىلغان نۇرغۇن گۇناھلىرىڭنى يۇيۇۋېتىشقىمۇ يېتىدىغاندۇ . مەنمۇ ئانامغا بالا بولۇش سۈپىتىم بىلەن بالىلىرىمنىڭ نامىدىن سېنى كەچۈرۈۋېتىمەن . سەن يەنىلا ئۇلارغا ئانا! مەڭگۈ ئانا! بىراق ، بۇ مېنىڭ سېنىڭ بىلەن يارىشىۋېلىش ، ئائىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىش نىيىتىمنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ . مەن پەقەت ئانا ـ بالىلىق مۇناسىۋەتنى بۇزغىلى بولمايدىغانلىقتەك ھەقىقەتنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق دەۋاتىمەن . ھەييار سودىگەرمۇ بىر قېتىم زىيان سالغان چۆپقىتىنى ئىزدىمەيدۇ . ئەلۋەتتە ئائىلە قۇرۇپ بەختلىك بولىمىز دەپ نۇرغۇن ئويلىنىش ، سىناقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ بىر ئۆيگە كىرگەن ئەر ـ ئايالنىڭ نۇرغۇن دەتالاش ، جېدەل ـ ماجىرادىن كېيىن ئۇزاق ئويلىنىش ئارقىلىق قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئاجرىشىپ كېتىشى بەك تەسكە توختىغىنى بىلەن ، يارىشىپ قېلىشى تېخىمۇ تەسكە توختايدۇ . بۇنى شۇ ئادەم ئۆزى بەلگىلەيدۇ . چۈنكى سودىگەر زىيىنىنى باشقا بىر ئادەمدىن تىرىلدۈرۈۋالغىنى بىلەن ھېسسىيات جەھەتتىكى زىياننى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ . ئادەم ئىچ ـ ئىچىدىن تۈگىشىپ كېتىدۇ . ياخشى مەزگىللەرنىڭ بىر نامەرد ئۈچۈن سەرپ قىلىنىپ كېتىشى ئادەمنى تېخىمۇ ئازابلايدۇ . زورلۇق ، ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن قۇرۇلغان ئائىلە لىڭشىپ قالغان تامغا ئوخشايدۇ. ئازراق شامال چىقىپ قالسا تام ئۆزلۈكىدىن قىيسىيىپ ، ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ . بۇنى يۆلەپمۇ ، يېنىغا غوجى تام قوپۇرۇپمۇ جايىدا تۇرغۇزالمايسەن . بۇ تام ۋاقتى كەلسە سېنى بېسىپ نابۇت قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن . سەن ئۆزۈڭنىڭ بىر ھارامزادىگە ئالدىنىپ ياشىغانلىقىڭنى ، ئۇنىڭ نەقەدەر تايىنى يوق ئادەم ئىكەنلىكىنى ، سەندىن پايدىلىنىپ ئاخىرى سېنى كۆزگە ئىلمايدىغان ھالەتكە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ھېس قىلالىغىنىڭدا ، ئاچچىق بىرئەلەم سېنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ ، يۈرىكىڭنى مۇجۇپ ـ مۇجۇپ قىينايدۇ . سەل دىققەت قىلمىساڭ ، ئۆزۈڭنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلىۋېتىشىڭمۇ مۇمكىن . ئېھتىمال مەنمۇ نەزىرىڭدە بىر ھارامزەدىدۇرمەن . شۇنداق بولغاچقا سېنىڭ بىلەن چىقىشالماي قالغاندىمەن.

پەرىخە ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى مەن ئۆزۈمنى ئالدىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغاندىم . سېنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىڭگە قوۋلۇق ـ شۇملۇق يوشۇرۇنغاندەك ، مەن بىلەن باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن قورقۇپلا ئۆي تۇتۇپ ياشاپ كېلىۋاتقاندەك ئىدىڭ . بالىلارغا ئۆزىڭچىلا ئورۇنسىز ۋارقىرايتتىڭ . ئېھتىمال بۇنداق ۋاقىتلار سېنىڭ بۇرۇقتۇرما بولۇپ ، تۇرمۇشنى زېرىكىشلىك ، ياشاشنى بىسىم ھېس قىلىپ كەيپىياتىڭنى تەڭشىيەلمىگەن ۋاقىتلىرىڭ بولسا كېرەك . ئادەم ئۆزئارا ئازارلىشىپ قالغاندا كۆڭلىدىن ئاجايىپ گۇمانلار كېچىدىكەن . باشلىقىڭ مېنى مەمۇرىي خىزمەتكە ئالماشتۇرۇپ قويياي دېگەندە ، ئىككىمىزنىڭ قىلىشقان سۆزلىرى ئېسىڭدە باردۇ؟ شۇ كۈنى سەن بەك خۇشال ھالدا بالدۇرلا ئىشتىن قايتىپ كەلدىڭ.

— سىز بىلەن مەسلىھەت قىلىشىدىغان بىرئىش بار ئىدى ، — دېدىڭ ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن . مەن سەن بىلەن ئائىلىدە ئۇزۇندىن بۇيان بۇنداق پاراڭلىشىپ باقمىغاچقىمىكىن ، سەل غەلىتىلىك ھېس قىلدىم ھەم ھەيران بولدۇم.

— نېمە ئىش توغرىسىدا؟

— باشقا ئىدارىغا يۆتكىلەمسىز؟

— ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ ، ئەمىلىڭىز ئۆسۈپ قالدىمۇ نېمە؟

— بىزنىڭ باشلىق ، «قولۇمدا ھوقۇق بار چاغدا تونۇش ـ بىلىشلەرنى ئازراق رازى قىلىۋالسام» دەيدۇ . ئويلاپ باقسام ، سىز بەكلا ئالدىراش ئىشلەيدىكەنسىز . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئۆمۈر ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئۆتىدىغان ئىشكەن . يا تەتىلىڭلارنىڭ تايىنى بولمىسا ، شۇڭلاشقا سىزنى مەمۇرىي خىزمەتكە ئالمىشىۋالسۇنمىكىن دەپ ئويلىغاندىم.

— بۇ ئويىڭىزغۇ ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىكەن . بىراق ، بۇنىڭغا تۆلەيدىغان بەدەلمۇ ئاز بولماس ، ھەرقاچان.

— نېمە بەدەل تۆلىگۈدەكمىز؟ باشلىق ئۆزى دەۋاتسا.

— ھېچبولمىغاندا ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن

بولسىمۇ سوۋغا ـ سالام بېرىپ ، ياخشىراق رېستورانغا باشلاپ مېھمان قىلمىساق بولماس . تېخىمۇ چاتاق يېرى سىزنىڭ باشلىقىڭىزنىڭ مېنىڭ دادامغا ئايلىنىپ قېلىشىنى خالىمايمەن.

— سىززە ، ئۆزۈمنىڭ راست دەپ تۇرۇۋالسىز ، بىرەر قېتىم باشقىلارغا ئېگىلىپ قويسىڭىز نېمە بولىدۇ . بىزنىڭ ئىدارىدىكىلەر سىزنى «بەك ھالى چوڭ ، قاپىقى يامان» دېيىشىدىكەن.

— مەن ھەممە ئادەمگە ئۆزۈمنىڭ سەممىيلىكىمنى ، ئاق كۆڭۈللۈكىمنى چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن ـ دە.

—«ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيتۇ» دېيىدىغان گەپ بار . بولدى ، بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭە ، ئۆزۈم توغرىلايمەن.

— سىز توغرىلىسىڭىز ، ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتەرمىكىن ، مېنىڭچە يېپىقلىق تۇۋاق يېپىقلىق پېتىچە قېلىشىۋەرگىنى ياخشى.

— جاھىللىق قىلمىسىڭىز بولمامدۇ.

— بولدىلا ، ئۇقۇتقۇچىلىق قىلىپ كۆنۈپ قاپتىمەن . قېرىغاندا كەسىپ ئالماشتۇرىمەن دەپ نېمە جاپا ، ياخشى كۆڭلىڭىز تېگىل بولدى.

— مەيلى ، بۇمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى.

سىنىڭ يەنە ئارتۇق گەپ قىلىشقا رايىڭ بارمىدى بولغاي ، جىم بولۇپ قالدىڭ . توغرا ، مەن ساڭا ئوقۇتقۇچى بولۇشنىڭ تەسلىكى توغرىسىدا بۇرۇنلاردا ئانچە ـ مۇنچە قاقشاپ بەرگەنىدىم ، كېيىن ئويلاپ باقسام ، ئوقۇتقۇچىلىقمۇ بىرىدىغان كەسىپكەن . ئائىلىدە ياكى خىزمەتتە كۆڭۈلۈك يېرىم بولۇپ قالغان مەزگىللەردە سەبىي ، توختىماي سوئال سورايدىغان ، خىلمۇخىل مەسىلىلەر توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى كۆرگىنىمدە مېڭەمنى يەپ ، ئارامىدا قويمايدىغان ئارامسىز خىياللار ئاللىقاياقلارغىدۇر غايىب بولۇپ كېتىدىكەن . ئۇلاردىن تەسەللى تېپىپ ، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىدىكەنمەن . نۇرغۇن تەرەپلەردىكى قاراشلىرىمنى ئۇلارغا ئېيتىپ ، ئۇلار بىلەن ئورتاقلىشالايدىكەنمەن . سەممىي ئادەملەر بىلەن مۇڭدىشىش بەك ھوزۇرلۇق ئىشكەن . بۇ ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولمايدىكەن...

پەرىخە ، مېنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرماسلىقىمدىكى سەۋەبلەر ئاز ئەمەس . ئىككىمىز ئۇرۇشۇپ قالغاندا سەن ماڭا «دوسكا ئالدىدا بورىغا مىلىنىپ ، ئىتتەك توختىماي كاپشىپ تۇرغان ۋاقتىڭدا ، مەن سېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان» دەپ پېشانەمگە قويساڭ ، بۇ مەن ئۈچۈنلا ئەمەس ، باشقا ئەرلەر ئۈچۈنمۇ ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئازابلىق ئىش . شۇنداق ، مەن شۇ چاغدا «پەرىخەنىڭ كۆڭلى بۇرۇنقىدەكلا ماڭا مايىل ئىكەن ، ماڭا كۆيۈنىدىكەن» دەپ ئويلىغان بولسامۇ ، بىراق مېنى ئەنسىرەتكەن يەنە بىر ئىش — سېنىڭ ئۆز باشلىقىڭنىڭ ئالدىدا تىلىڭنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشى ئىدى . ئۇ چاغدا ئىشلار «ئات ئايلىنىپ ، يول سارىيىغا» بولۇپ ، مەن ئۆتمەس ، يۇمشاقباش ئەرگە ئايلىنىپ قالاتتىم . خىزمەت ئالمىشىش توغرىسىدىكى پارىڭىمىز چىقىشىنىڭ ئالدىدا ئىككىمىز گەپ تالىشىپ نېمىلەرنى دېيىشىپ كەتمىگەن . سەن شۇ مەزگىللەردە ئۇرۇۋالايمەن دەپ قىلمىغانلىرىڭ قالمىدى ، ئالمىغان ئورۇقلىتىش دوراڭ ، چايلىرىڭ ، چېنىقىش ئەسۋابلىرىڭ قالمىدى . ئەمەلىيەتتە سېنىڭ ئورۇقلىشىڭنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى . چۈنكى ، سەن يەنە ئورۇقلىساق ئەرۋاھقا ئوخشاپ قالاتتىڭ . ئادەم ئۆچۈن ئۆزىنىڭ تەبىئىي ھالىتىنى ساقلاش بەك مۇھىم . سەن دائىملا خۇددى مەن سەۋەبچى بولۇپ قالغاندەك:

— مەن توي قىلغاندىن كېيىن بەك سەمرىپ كەتتىم ، كىيىم ياراشمايدىغان بولۇپ قالدى . ماڭا كېلىدىغان كىيىم تاپالمىدىم ، — دەپ زارلىناتتىڭ ، مەن نەچچە قېتىم ساڭا:

— سىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىڭىزنى ، بوي ـ بەستىڭىزنى كىم سېمىزكەن دەيدۇ؟ ئادەمنىڭ بەدىنىدە ئاز ـ تولا گۆش ، كۈچ ـ قۇۋۋەت بولمىسا كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ . ئورۇقلاپ نەگە باراتتىڭىز ، ماڭا يارىسىڭىز بولدى ئەمەسمۇ! — دېدىم.

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن خەقلەر ئادەمنى سېمىزكەن دەپ مازاق قىلىدىكەن.

— سىز خەققە تەگكەنمۇ ، ماڭىمۇ؟ بىزنىڭ نېنىمىز خەقنىڭ ئۆيىدە بولمىغاندىكىن ، پەرۋايىڭىز پەلەك ياشاۋەرمەمسىز . ھەر سېمىز ئادەملەرمۇ ياشاۋېرىدىكەنغۇ ، سېمىزلىكى ئۆزىگە شۇنداق يارىشىدىكەن.

— سېمىزدىن بىرەرنى تېپىۋالغان ئوخشىمامسىز؟

— تۈزۈك گەپ قىلىڭە ، ھازىرچە ئۇنداق نىيىتىم يوق.

— ئۇنداقتا كېيىنچە بىر گەپ بولىدىكەن ـ دە.

— مەن ئۇنداق دېمىدىمغۇ ، تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلارغا ھېچكىم ئالدىراپ بىرنەرسە دېيەلمەيدۇ.

— سىزنىڭ گېپىڭىزدىن شۇنداق مەنە چىقىۋاتىدىغۇ ، ئۇنداق ئىشلىرىڭىز بولسا مەن بالدۇرراق ۋاقىپلىنىپ قالاي.

— بولىدۇ ، مەن ھەرگىز سىزنى ئۇنتۇپ قالمايمەن . بىراق ، سىز يا بىر كىيىم مودېل ئارتىسى بولمىسىڭىز ، ئورۇقلايمەن دەپ نېمە جاپا تارتىپ يۈرىسىز؟

— بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى.

— بۇمۇ مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئىشى . سىز ئۆزىڭىزنى ھەرقانچە پەردازلاپ كۆرسەتسىڭىزمۇ يەنىلا ئىككى بالىنىڭ ئانىسى ، بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ تېنىۋالالمايسىز . كىچىك قىزلارغا تېخىمۇ ئايلىنالمايسىز . ئادەم دېگەن ئۆزىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا بېقىپ ئىش قىلمىسا بولمايدۇ . ئورۇقلىغان بىلەن پەرىشتىگە ئايلىنالىشىڭىز ناتايىن.

— نېمە قايىنايسىز؟

— گەپنى ئۆزىڭىز باشلاپ ، ئەمدى چىدىماي قالدىڭىزغۇ . سىزمۇ شۇنچىلىككەنسىزغۇ.

— سىز قانچىلىكتىكىز ، توي قىلىپ ئادەم قىلىپ قويسام ماڭا دەرس ئۆتكۈدەك بولدىڭىزمۇ؟

— مېنىڭ سىزگە دەرس ئۆتكۈممۇ يوق.

— دەرسمۇ ئۆتەلمەيسىز.

مېنىڭ سەن بىلەن يەنە گەپ تالاشقۇم كەلمىدى . ئىش بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايتتى . شۇڭلاشقا ئۆزۈمنى تارتىپ يان ئۆيگە ماڭغاچ ئۆز ـ ئۆزۈمگە:

— تووۋا ، مەن تازا بىر ساراڭ خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتۇپ قالدىممۇ نېمە؟ — دېيىشىمگە ، سەن بىردىنلا مېنى سەنلەپ:

— ھەئە ، ئەمدى قېرىغاندا كۆزۈڭگە ساراڭ كۆرۈنۈۋاتامدىمەن ، گېپىڭ بولسا ئوچۇقىنى قىلمامسەن؟ — دېدىڭ .

— نېمە گەپنى ئوچۇق قىلغۇدەكمەن . گەپنى ئۆزىڭىز باشلىدىڭىز ، ئوچۇق گەپ قىلغۇڭىز بولسا سىز دەڭ . يەنىلا سىزگە پۇرسەت بېرىمەن.

— ئوغۇل بالا بولغاندىكىن كېسىپ گەپ قىلمامسەن!

— ئۇنداق قىلماڭ ، پەرىخە ، قوشنىلار ئاڭلىسا سەت تۇرىدۇ.

— سەت تۇرسا تۇرمامدۇ ، سەن خەقنىڭ گېپى ئۈچۈن ياشمايدىغان ئادەم ئىدىڭغۇ.

— بولىدۇ ، مەن ئويلىنىپ بولۇپ جاۋابىنى بېرەي.

مەن شۇنداق دەپلا سىرتقا چىقىپ كەتتىم . راستىنلا ئويلاندىم . بىراق ، ساڭا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتىم . سېنىڭ مېنى بىردىنلا سەنلەپ تۇرۇپ «سېنى ئادەم قىلىپ قويدۇم ، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن كېسىپ گەپ قىلمامسەن» دېگەن سۆزلىرىڭنى ئويلاپ ئاجرىشىپ كېتىشنىمۇ ئويلىدىم . بىراق ، ئىككى بالىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ، مېنى گۇناھكار دادىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ئىككىلەندۈرۈپ قوياتتى . ھەتتا مەن «مېنىڭ خوتۇنۇم ساراڭ بولۇپ قاپتۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ساراڭ بولۇپ قالغان مەزگىلدە ئاجرىشىپ كەتسەم ، كىشىلەر مېنى خوتۇنى ساراڭ بولۇپ قالغاندا تاشلىۋەتكەن ۋاپاسىز ئەر ئىكەن» دېيىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن دېگەنلەرنىمۇ ئويلىدىم . مەن ئاجرىشىپ كېتىش توغرىسىدا ئىككىلىنىپ قالسام ، كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئارقىغا يانالماي قېلىشىمدىن تېخىمۇ ئەنسىرەيتتىم . مەن يەنىلا «قېنى ، قاراپ باقاي ، ئاجرىشىش نىيىتى بولسا بىر نەرسە دەيدۇ ، يەنە بىشەملىك قىلسا بىر گەپ بولمامدۇ ، ئۇنىڭ ئەھۋالىغا بېقىپ ئىش كۆرەي» دەپ ئويلىدىم . پەرىخە ، دۇنيادا ھېچكىم ھېچكىمنى ئادەم قىلىپ قويالمايدۇ . بىز ئادەم دەپ يارالغانىكەنمىز ، مەن سەن ياكى باشقا بىر ئادەم بىلەن بىر مەزگىل بىللە ياشىغانغا ئادەم بولۇپ ، باشقا ۋاقىتتا ھايۋانغا ياكى باشقا بىرەر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالمايمىز . ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ نېسىۋىسىنى ئۆزىمىز يەپ ياشاۋېرىمىز . بىر ئادەمنىڭ سۆزى بىلەن ئادەملىك تەبىئىتىمىزدىن ئايرىلىپ قالمايمىز . سەن ئادەم دەپ قارىمىساڭ ، يەنە كىملەردۇر ئادەم دەپ قاراۋېرىدۇ . مەن سېنىڭ بۇنداق بىشەملىكىڭنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن . نېمىدېگەن تەتۈرلۈك ـ ھە! مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ خورلۇققا قالغاندەك ھېس قىلدىم . مېنىڭ مۇلايىم ئايالىم شۇمۇ دەپ زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى . مەن «بۇ خوتۇن بىلەن مۇشۇنداق گەپ تالىشىپ بىر ئۆمۈر ياشىيالارمەنمۇ ، مېنى يەنە قانداق ئاۋارىچىلىق ، دەرد ـ ھەسرەت ، سىقىلىش ، ئىزتىراپلار كۈتۈپ تۇرغاندۇ» دەپ ئويلىدىم . مېنىڭ سېنى غالجىرلاشقان چېشى يولۋاسقا ئوخشاتقۇم كەلدى . مەنمۇ غالجىرلىشىشىم كېرەكمۇ؟ ياق ، ئەرزىمەيدۇ! لېكىن بىز تۇرمۇشتا ئەرزىمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن رىيازەت چېكىپ ، نۇرغۇن نەرسىلىرىمىزنى دوغا تىكىپ ، ئاخىرىدا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەي پۇشايمان ، ئۆكۈنۈش ئىچىدە ياشايمىز . بىز ئۇنى بەك كېچىكىپ ھېس قىلىمىز . قۇربان بەرمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالىمىز . شۇ كۈنى مەكتەپتە ياخشى ئۆتىدىغان خىزمەتدىشىم ئالىمغا تېلېفون بەردىم . مەن ئىچىم سىقىلىپ قالسا ، ئەزەلدىن بىرەرسىگە تېلېفون بېرىپ ، دەرد تۆكۈپ باقمىغان . شۇ كۈنى ئالىم بىر قاۋاقخانىدا بىرنەچچە قىزلار بىلەن ئولتۇرغانىكەن . ئالىم مېنى «ئېغىزى چىڭ ، قىزلار بىلەن ئولتۇرغان ئىشلارنى باشقىلارغا دەپ يۈرمەيدۇ» دەپ ئۆزىگە يېقىن تۇتقاچقىمىكىن ، تېلېفون ئۈلىنىشى بىلەنلا سورۇنغا كېلىشىمنى ئېيتتى . مەن سورۇندا بەك ئېغىر ئولتۇرۇپ كەتتىم . ئالىم پات ـ پات:

— نېمە بولدى ساڭا ، ئېچىلىپ ئولتۇر ، قىزلار يارىمايۋاتامدۇ . يارىمىسا ، قولۇمدا مال كۆپ ، سېنى ئوبدان رازى قىلالايدۇ ، — دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن ، بىر بەلەن ئولتۇرمامدىمەن.

— ئەمىسە تانسا ئويناپ ، پاراڭ قىلىپ ئولتۇرمامسەن . بۇ يەر جىمجىت ئولتۇرۇۋالىدىغان مەسچىت ياكى نەزىر پەتىسى ئەمەس ، ئوغۇل ـ قىزلار ئولتۇرغان سورۇن.

— گرادۇسى توشمىغان گەپ.

— كىم بىلىدۇ ، بىردەمدىن كېيىن شىر ـ يولۋاسقا ئايلىنامدۇ تېخى.

سورۇندىكى قىزلارمۇ مېنى گەپتە چېقىۋالدى . شۇنداقتىمۇ مەن ئېچىلالماي قالدىم . مەن ئازراق ئىچكەندىن كېيىن قىزلارغا ئوغرىلىقچە سەپسېلىشقا باشلىدىم . قىزلارنىڭ ئارىسىدا خېلى چىرايلىق بىر قىزنىڭ كۆزى بىلەن كۆزىمىز ئۇچرىشىپ قېلىپ ، ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم . ئۇ قىزغا ئىككىنچى قارىماسمەن دەپ تۇرۇپ ، يەنە قاراپ كۆزىمىز ئۇچرىشىپ قالدى . گەرچە ئالىمنىڭ يەنە بىر ئاغىنىسى ئۇ قىزغا كۆڭلىنى چۈشەندۈرۈۋاتقان بولسىمۇ ، قىزنىڭ كۆزى مەن تەرەپتە ئىدى . قارىغاندا قىزنىڭ ماڭا مەيلى باردەك قىلاتتى . بىراق ، بىر ئاغىنىمىز ئۇنىڭغا تەلەپ قويۇۋاتسا ، مەن بۇ قىزغا كۆز تاشلاپ يۈرسەم نامەردلىك بولۇپ قالامدۇ دەپ ئويلىدىم . بىراق ، ئائىلىنى ، بالىلارنى ، ئايالىمنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمنىڭمۇ نامەردلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدىم . مەن يەنىلا ئېغىر ـ بېسىق ھالىتىمنى ساقلاپ ئولتۇرۇش نىيىتىگە كەلدىم ـ دە ، بىر خىل پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋالدىم . ھەممەيلەن جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ ، قىزىپ ئويناپتتى . ئالىلقاندافتۇر تېتىمايدىغان گەپلەرگە تېلىقىپ كۈلۈشەتتى . مېنىڭ شۇنداق ئوينىغۇم ، بۇزۇلغۇم بار بولسىمۇ ئاللىقانداقتۇر بىر كۈچ گەپ قىلىشقا ، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ تانسا ئويناشقا توسقۇنلۇق قىلاتتى . «مەنمۇ ئەر ، ئەر بولغاندىمۇ ھېسسىياتى ، قىزلارغا بولغان ئىشتىياقى ئۆلمىگەن ئەرغۇ ، مەن نېمىگە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغۇدەكمەن؟» دېگەنلەرنى ئويلايتتىمىۇ ، ئورنۇمدىن تۇرالمايتتىم . مەن بىر خىل ئىزتىراپلىق ، دېلىغۇللۇق ئىچىدە قىينىلاتتىم . دۇنيادا مەنلا ئېچىلالماي ، ئوينىيالماي قالغاندەك ئۆزۈمنى نېمىگىدۇر ئەيىبلىگۈم كېلەتتى . قانداق بىچارە ھالەتتە ئولتۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن . كۆزىمىز ئۇچرىشىپ قالغان ھېلىقى قىز ھېچبىر تارتىنمايلا ئۇدۇل كېلىپ ، مېنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى . مەن دەرھال ئالىمغا قارىدىم . ئۇ ئويناۋەر دېگەن مەنىدە ماڭا كۆزىنى قىسىپ قويدى . مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قىز بىلەن تانسا ئويناشقا باشلىدىم . قىز ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن:

— قارىسام بەك ئېغىر ئولتۇرۇپ كەتتىڭىز ، بىرەر ئىشقا كۆڭلىڭىز يېرىم بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى . تۇۋا ، بۇ قىز نېمانداق ئەقىللىق ، مېنىڭ ئىچ سىرىمنى بىلىۋالغىنىنى قارىمامدىغان . بىراق ، كۆرۈشكەنلا ئادەمگە دەرد تۆككىلى بولمايدۇ ـ دە . مەن ھېچنەرسىنى بىلمەسكە سېلىپ:

— ئەمدى سىلەر بىلەن تۇنجى قېتىم تونۇشقاندا توختىماي گەپ قىلسام ، مېنى تازا بىر سۆيۈق بىرنېمىكەن دەپ قالامسىلەر . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ئادەمنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ئوخشىمايدۇ ـ دە.

— مەن سىزگە ئوخشاش ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئەرلەرنى ياخشى كۆرىمەن.

— راستمۇ؟ ئۇنداقتا مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلىسام بولغۇدەك . بىراق ، بۇ گەپنى ئاغىنىمىز ئاڭلاپ قالسا خاپا بولۇپ قالمىسۇن يەنە ، — دېدىم مەن ھېلىقى ئاغىنىمىزنى ئىشارەت قىلىپ.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسىز . مەن ھەممىڭلار بىلەن بۈگۈن تونۇشۇۋاتىمەن . بىر ـ بىرسىدىن خاپا بولىدىغان ئىشمۇ يوق.

بىز ئاشۇ پاراڭلار بىلەن بىر مەيدان تانسىنى تۈگەتتۇق . ئۇ قىز سۆزسىزلا مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇردى . ھېلىدىن بېرى ئۇنىڭغا ئىچ ـ پەش تارتقۇسى بار دوستىمىزمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن ماڭا كۆزىنى قىسىپ ئۆتۈنۈۋەتكەنلىكىنى ، مەردلىك قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدى . گەرچە ئالىم قىزلارنىڭ ئىسمىنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرغان بولسىمۇ ، بۇ قىزنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغانىدىم . شۇڭلاشقا ئامالسىز ھالدا ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراشقا مەجبۇر بولدۇم . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى سورىمىسام مەندىن باشقا گەپمۇ چىقمايتتى . راست ، نېمە دەيمەن ئەمىسە.

— ئىسمىڭىزنى سورىسام بولامدۇ؟

—نېمىشقا بولمىغۇدەك ، ئىسمىم شاراپەت.

— ئىسمىڭىز يېقىملىقكەن.

— ئادەمنى مەسخىرە قىلماڭ.

— مەن باشقىلارنى مەسخىرە قىلىپ نېمىگە ئېرىشەرمەن.

— ئۆزىڭىز بىلەرسىز . ئەرلەر قەستەن ئادەم كولدۇرلىتىشقا ئۇستا.

— بىراق ، مەن سىز دېگەن شەھەردىن چىقمىغان.

بىزنىڭ پارىڭىمىز شۇنىڭ بىلەن باشلاندى . مەن ئۆزۈمگە شۇنداق ھەيران قالدىم . تۇۋا ، سەن بىلەن شۇنداق تەستە تونۇشۇپ ، مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغانىدىم . بىراق ، بۇ قىز بىلەن شۇنداق ئاسانلا تونۇشۇپ قالدىم . تۇرمۇشتا ئادەم ھامان نۇرغۇن ئاددىي ئىشلارنى

www.uyghurkitap.com

مۇرەككەپ ئويلىشىپ ئۆزىمىزنى ئازابلايدىكەنمىز ، قىيىنىلىپ يۈرىدىكەنمىز . پەرىخە ، مەن ئۆزۈمنىڭ بولمىغۇر ، ناشايان ئىشلىرىمنى ساڭا دەپ «مېنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئادەم چىقىدىكەن ، مەنمۇ ئوينىغان» دەپ سېنىڭ ئالدىڭدا پەخىرلەنمەكچى ، ماختىنىپ ، ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويماقچى ئەمەسمەن . پەقەت ئۆزۈمنىڭ سەن بىلەن ئەر ـ خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلمىگەن ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ قانداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىمنى ، نېمىدىن تەسەللى ئىزدەپ ياشىغانلىقىمنى ساڭا بىلدۈرۈپ قويماقچىمەن . شۇ كۈنى كەچتە مەن ئۆيگە قايتالمىدىم . مەن شۇ كېچىسى ئاخىر ئۆزۈمنى بۇزۇۋالدىم . بۇ ئىشىم ئۈچۈن ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن ، پۇشايمان قىلمايمەن . چۈنكى ، مەن كۆڭلۈم يېرىم بولغاندا ، ئۇنىڭ تەسەللىسىگە ، سۆيۈشىگە نائىل بولدۇم . مەن ئۆزۈمنى «ۋاقىتلىق ھېسسىياتنىڭ قۇربانى قىلىۋەتتىم» دەپمۇ ئويلىمايمەن . مەن ئۇنىڭدىن مىڭ مەرتىۋە رازى . بىز ئۆزىمىز ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرگە ئېرىشىپ بولۇپلا ، بىزگە بەدەل تۆلىگۈچىنى خارلاپ قويساق ئۆزىمىزنىڭ تايىنى يوق ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى ئاشكارا قىلىمىز . ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا يەنىلا مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ، ھۆرمەتنىڭ بارلىقىنى ئۆزىمىزگە بولسىمۇ بىلدۈرۈپ قويالىساق ، بۇمۇ بىز ئۈچۈن تېخىمۇ ئۇلۇغ تەسەللى ئىكەن . مەن شاراپەت بىلەن ناھايىتى كۆپ پاراڭلارنى قىلىشتىم . ئۇ كۈلۈپ يۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن دەردىمۇ ئاز ئەمەسكەن . ئۇنىڭ ئېرى دائىم ھاراق ئىچىپ ، ئۆيگە كەلسىلا خوتۇنى بىلەن ئورۇنسىز جېدەللىشىپ ، سەۋەبسىز دۇمبالايدىكەن . ئاخىر خروئىن چېكىپ ئىشتىن قوغلىنىپ ، ئۆيدىكى مال ـ بىساتنى سېتىپ تۈگىتىپ ، ئائىلىسىنى قاق سەنەم قىلىپ قويۇپ پانىي ئالەم بىلەن خوشلىشىپتۇ . بۇنداق بەختسىز ئائىلە بىلەن ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز يەنىلا خاتىرجەم ئىكەندۇق . شاراپەت مەندىن:

— خوتۇن ـ بالىلىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىغاندا ، مەن نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قالدىم . ئۇزاق ئويلاندىم . بار ، ئايالىم بىلەن مۇناسىۋىتىمىز تازا ياخشى ئەمەس دېمەكچىمۇ بولدۇم . ئاخىر:

— نېمە دېسەم بولار ، — دېگەن تولىمۇ مۇجمەل سۆزنى قىلدىم.

— يالغان گەپ قىلغۇڭىز كەلمەيۋاتامدۇ ، بولسا بار دەۋېرىڭ ، مەن سىزنى ۋاپاسىزكەن دەپ قارىمايمەن.

— نېمىشقا؟

— بەزىدە ئادەمنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ، باشقىلاردىن تەسەللى ئىزدىگۈسى كېلىپ قالىدىغان مەزگىللىرى بولۇپ تۇرىدۇ . بۇنىڭلىق بىلەن ئائىلىنى ۋەيرانمۇ قىلىۋەتمەيدۇ . خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ئائىلىڭىزنى بۇزۇپ ، سىزگە تېگىۋالماقچى ئەمەسمەن . ھاياتتا ئادەمنىڭ بىر ـ ئىككى يېقىن سىردىشى ، دوستى بولمىسا ئۆزىنى مىسكىن ، بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ . ئائىلە باشقا بىر تەسەللى ، سىرتتىكى مۇھەببەت باشقا بىر تەسەللى.

— بۇنداق بولمىسا ھاياتنىڭ مەنىسىمۇ بولمايدۇ دەڭ . قارىسام خېلى بولۇپ قالدىغان قىزكەنسىز.

— مېنى سورۇنمۇ سورۇن قاتراپ يۈرىدىغان لالما ئادەم كۆرۈپ قالغانمىدىڭىز؟

— مېنىڭ سىز بىلەن ئارىلاشقۇم كېلىۋاتىدۇ.

— خوتۇنىڭىزنى قويۇۋېتىپ مېنى ئەمرىڭىزگە ئالىمەن دېمەيدىغانسىز.

— شۇنداق قىلسام نېمە بوپتۇ.

— ئۇنداق قىلسىڭىز ئىككىمىز ئارىلىشىپ بولالمىغۇدەكمىز.

— نېمىشقا؟

— مېنىڭ يەنە بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلغۇم يوق . ھەممە نەرسە مەن بىلەن تۈگەپ كەتسىكەن دەيمەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئائىلە قۇردۇم دەپ بەك ھېرىپ كەتتىم . مېنىڭ باشقىلارغا بەدەل تۆلىگۈدەك ھالىمۇ يوق . تۇرمۇشتا بىر خىل ئەركىن ـ ئازادە ھالەتتە ياشىغۇم بار . قىزىمنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرسەم بولدى . مېنىڭ يەنە ئارتۇق تەلەپ قىلىدىغىنىممۇ يوق.

شۇ كۈنى مەن گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويدۇم . ئەمما ، مەن شۇ ئارقىلىق ئايالىمدىن قورساق كۆپۈكىمنى چىقىرىۋالغاندەك ، قىساسىمنى ئېلىپ ئەرلىك نومۇسۇمنى ئاقلىغاندەك ھېس قىلدىم . مەن بۇنىڭغا مىڭ مەرتىۋە رازى . بۇ مەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك بۇزۇلۇش بولدى . ھاياتتا ئادەمنىڭ ھالقىلىق مەزگىلدە ئەسقاتقان كىشىسىنى ئۇنتۇپ قالغۇسى كەلمەيدىكەن . مەن ئۇزۇندىن بۇيان بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشاپ ، ئايال زاتى بىلەن تۈزۈك پاراڭلىشىپ باقمىغاچقىمىكىن ، ئۆزۈمنى شۇنداق بەختلىك ھېس قىلدىم . مەن شاراپەت بىلەن بىر كاردۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ سېنى ئويلىدىم . ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ ئاشۇنداق گۈزەل دەقىقىلەر بولغان! بىراق ، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بارغانسېرى يوقاپ كېتىۋاتاتتى . ئۆزۈمنى ھاڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم . ماڭا ئامال قانچە؟ مەن بۇنداق شېرىن تۇيغۇغا چۆمۈلۈپ مۇھەببەتنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغىلى بەك ئۇزۇن بولۇپتىكەن . مەندىكى بىر خىل چاڭقاش ، ئېچىرقاش ، ئاللىقانداقتۇر نەرسىنى زارىقىپ كۈتۈش

مېنى ئۆزۈمگىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى شاراپەتنىڭ قوينىدا يېتىپ تۇرۇپ ھېس قىلدىم. مەندىكى مۇھەببەت، ھېسسىيات ئۆلمىگەندى. دۇنيانىڭ بەزىبىر ئىشلىرىنى ئادەم بەك مۈرەككەپ، سىرلىق ئويلىۋالسا ئۆزىنى قىيناپ قويىدىغان ئىش يۈز بېرىدىكەن. مەن ئۆزۈمنىڭ راستتىنلا بىر قۇرتقا، قۇرت بولغاندىمۇ نىمجان قۇرتقا ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى بىلىپ قالدىم. ئەسلىدە ئادەم نەزىرىنى يىراققا تىكىپ، كۆڭلى ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ ياشىسا ئۆزىنى راھەت ھېس قىلىدىكەن. شاراپەت ماڭا بىر خىل ئۈمىد، بىر خىل ئىرادە، بىر خىل كۈچ بېغىشلىغاندەك قىلاتتى. ھايات دېگەن بۇلا ئەمەسكەن دەپ ئويلىدىم. ئېھتىمال مەن خىزمەت، ئائىلە دەپ پالاقلاپ يۈرۈپ دۇنيانىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىدىن بىخەۋەر قالغاندىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆكۈنۈش ھاجەتسىز. چۈنكى، ياشاش جەريانىدا ئادەم مەلۇم بىر ھەقىقەتنى چۈشەنگەندىلا ئاندىن ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ مەنىسىنى، قىممىتىنى، ماھىيىتىنى چۈشىنىۋالىدىكەن. لېكىن، مەن نېمىنى چۈشەندىم. مەن ھاياتىمدا قانچىلىك نەرسەمنى دوغا تىكىپ ئۇتتۇرۇۋەتكەندىمەن، يوقاتقاندىمەن؟ ئەمەلىيەتتە مەن ھېچنەرسىنى ئۇتتۇرۇۋەتمىدىم، ھېچنەرسەمدىنمۇ ئايرىلىپ قالمىدىم. پەقەت تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى خاتا چۈشىنىپ ياشاپ كەلدىم. مۇشۇنداق خاتا چۈشىنىش ئادەمنى بىر نەرسىسىدىن ئايرىپ قويغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدىكەن. ئويلاپ باقسام، مەن يەنىلا ئۆزۈمگە ئېشىپ قاپتىمەن. بۇ ئەسلىدىنلا ئاشۇنداق بولىدىغان ئىش ئەمەسمۇ!

مەن باللىرىمنى دېمىسەم بىرنەچچە كۈن ئۆيگە كىرمەسلىكنىمۇ ئويلىغاندىم. بىراق، شاراپەت بۇنىڭغا زادىلا قوشۇلغىلى ئۇنىمىدى.

— ئىككىمىز بىر يەرلەرگە بېرىپ ئويناپ كەلمەيلىمۇ؟

— نېمە بوپسىز ئەمدى؟ تونۇشا ـ تونۇشمايلا قىزىق گەپ بولدىغۇ بۇ. قارىغاندا ئائىلىڭىز بىلەن مۇناسىۋىتىڭىز ياخشى ئەمەس ئوخشىمامدۇ.

— نورمال.

— ئائىلىڭىزنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ، ئائىلىڭىزغا قېيداپ شۇنداق قىلىۋاتامسىز؟ مەن دېگەن بويتاق، قانداق ياشىسام بولىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئائىلىنى خارلىغان ئەرلەرگە بەك ئۆچ! ئويۇن دېگەننىڭمۇ يولى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، سىز مۇئەللىم بولغاندىكىن بۇلارنى مېنىڭدىن ياخشىراق چۈشىنىسىز.

— راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ يىراق بىر يەرلەرگە كەتكۈم كېلىۋاتىدۇ.

— قارىغاندا ئىككىڭلار بىرنەرسە دېيىشىپ قاپسى-لەر ـ دە، ئائىلە دېگەندە ئۇنداق ـ مۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، بىرسىمىز كايىپ كەتسەك يەنە بىرسىمىز جىم تۇرۇۋالساق، ھەممە ئىشلار ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ كېتىدۇ. «پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلىغىلى بولماپتۇ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ. ئىككى بالىڭىز بار ئىكەن، ھېچبولمىسا شۇلارنى ئويلىمامسىز.

— شۇلارنى ئويلىغاچقا ھازىرغىچە بىللە ياشاپ كېلىۋاتىمەن. مەن بىرەرسىنى كۆرسەملا ياخشى كۆرۈپ قالىدىغانلاردىن، ھەممە نەرسىسىدىن ۋاز كېچىدىغانلاردىن ئەمەس. ئېھتىمال تۇرمۇشتىكى ئىشلار مەن ئويلىغاندەك ئەمەستۇ. بەدەل تۆلەشكە تېگىشلىك ئادىمىڭىز بولسا، بەدەل تۆلىسىڭىز ئەرزىيدۇ.

— قارىغاندا، سىزمۇ بىر بۇزۇقمۇ نېمە؟

— بۇنداق دېسىڭىز ماڭا ئۇۋال قىلغان بولىسىز. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم باشقا ئايال زاتى بىلەن بىرگە بولۇشۇم.

— قاراشتىغۇ خېلى دۇرۇس ئەردەك قىلىسىز. جەمئىيەت بىلەنمۇ ئارىلىشىپ تۇرمىسىڭىز نۇرغۇن نەرسىدىن خەۋەرسىز قالىسىز. بېشىڭىزغا بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىپ قالسا كۆتۈرەلمەي قالماڭ يەنە.

— مەن ئۆزۈمگە بەك ئىشىنىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

— ھەر ھالدا ئويلىنىپ ئىش قىلغىنىڭىز تۈزۈك. مېنىڭ باشقىلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالىدىغان ئادىتىم يوق. مەنمۇ ئەرنىڭ زۇلۇمىنى بولۇشىغا تارتقان، توي قىلغانغا پەندىيات دېگەن. ياخشى ئەر بولسا كىمنىڭ ئۆي تۇتقۇسى يوق. ئېرىمنىڭ تاياق ـ توقمىقىنىڭ دەستىدىن «ئەر خەق دېگەننىڭ چىرايىغىمۇ قارىماسمەن» دەپ قەسەم ئىچىۋەتكىلى تاسلا قالغانمەن. «سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق، ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق» دېگەن شۇ.

— ئەتراپىمىزدا ئۆزىنى ئادەم دەپ ئاتىۋالغان نۇرغۇن نامەرد، نومۇسسىز بەندىلەرمۇ ئاز ئەمەس. سىز ئۇنى دەسلەپتە ياخشى كىشى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ خاتا تاللىۋالىسىز. ئۇنىڭ ناچارلىقىنى بايقىغان ۋاقتىڭىزدا ئارقىڭىزغا يانالماي قالىسىز. كىچىكلىك قىلىپ ئۇنىڭغا ئالدانغانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرسىڭىزمۇ، ئاشكارا قىلىشقا پېتىنالمايسىز. چۈنكى، سىز ئۇنىڭغا تۆلىگەن بەدىلىڭىزگە ئېچىنىپ، ھامان ئوڭشىلىپ قالىدۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن ياشاۋېرىسىز. قارشى تەرەپ سىزنىڭ بۇنداق ئاجىزلىقىڭىزدىن پايدىلىنىپ، قىلغۇلۇقنى قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ. بۇ خىل قىسمەتكە نۇرغۇنلىرىمىز باغلىنىپ قالغان. بىز قانداق قۇتۇلۇشنى بىلمەي ئاخىر چاندۇرماي گۇناھلىق ئىش قىلىپ، كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇرۇپ باشقا بىرسىدىن تەسەللى تېپىپ ياشاۋېرىمىز.

— بۇنداق تەسەللى ئېيتىشمۇ تاتلىق ھەم شېرىن ئا-زاب ئىچىدە ئۆتىدۇ.

— قارىغاندا ، خېلى تەجرىبىلىكتەك كۆرۈنىسىز.

— بۇرۇن مەن بىرسى بىلەن يۈرۈپ باققان.

— ئېرىڭىز بار چاغدىمۇ؟

— ئۇنى ياخشى كۆرمىسەم قانداق قىلىمەن . كې-چىكلىكىمدە ئىش مۇشۇنداق ئوخشايدۇ دەپ توي قىلىپ قايتىكەنمەن . ئەر ناچار چىقىپ قالسا شۇنداق قىلماي



ئامالىڭىزمۇ يوق ئىكەن.

— ھېلىقى سۆيگۈنىڭىز بىلەن قانداق ئايرىلىپ كەتتىڭلار؟

— چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى . شۇنداق ياخشى يىگىت ئىدى.

— ئەمدى مەن بىلەن ئارىلىشامسىز؟

— رەھمەت ، ئۆمرۈمدە مەن بىرسىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسەملا بولدى . قالغىنى ماڭا ئارتۇقچە.

— ھازىر كۆڭۈل خۇشى يۈرىدىكەنسىز ـ دە.

— بۇ جاھانىنىڭ ۋاي دەپ كەتكۈدەك يەنە نېمىسى بار دەيسىز؟

پەرىخە ، مەن شاراپەت بىلەن ئەنە شۇنداق پاراڭلارنى قىلىشتىم . مەن شاراپەتنىڭ «ئەر ناچار چىقىپ قالسا شۇنداق قىلماي ئامالىڭىز يوق ئىكەن» دېگەن سۆزىنى ئويلاپ «مەنمۇ ناچار ، بولۇمسىز ئەر بولسام كېرەك» دەپ ئويلاپ قالدىم . ئۆزۈمنىڭ سەۋەنلىكلىرىم ئۈستىدە ئويلاندىم . ئەمما مەندىن ھېچقانداق سەۋەنلىك ئۆتۈل-مىگەندەكلا تۇيۇلدى . ئاخىر ھەركىمنىڭ ياشاش يولى ئوخشىمايدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن شۇن-داق دېگەندۇ دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم . بىراق ، ئۇ-نىڭغا سېنىڭ ئاخشاملىرى ۋاقتىدا ئۆيىنى تاپالمايدىغان-لىقىڭنى ، بۇرۇنقى پەرىخەگە ئوخشىماي قالغانلىقىڭنى ، مەنمەنچى ، ئۆزۈمچىل ، بۇرۇنقى ھالىتىڭدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانلىقىنى ئېيتمىدىم . بۇنداق قىلىش سېنى ئۇنىڭغا ئەسكى كۆرسىتىش ئەمەس ، بەلكى ئۆزۈمنىڭ بولۇمسىز ئەر ئىكەنلىكىمنى ئاشكارىلاش بولۇپ قالىدى-غانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى . بىلىمەن ، جەمئىيىتىمىزدە ئەردىن تەلىيى كەلمىگەن نۇرغۇنلىغان ياخشى ئايالالار باردۇر . بۇ شۇنداق جاھان! بىز لېۋىمىزنى مەھكەم چىشلەپ ، ئىچىمىز قان ـ زەرداپقا تولۇپ كەت-سىمۇ ، چاندۇرماي ئۈن ـ تىنسىز ياشايمىز . بىز نۇرغۇن نەرسىگە باغلىنىپ قالغان . بىز كۆڭلىمىزدە بۇنداق باغلىنىپ قالغان نەرسىلەردىن قۇتۇلماقچى بولساقمۇ ، بىزنى بىر خىل سېھرىي كۈچ كونترول قىلىۋالغاندەك ھېچنەرسىدىن چەتنىيەلمەي قالىمىز . پەقەت سەۋر ـ پەيمانىمىز توشقاندىلا بىزنى باغلاپ تۇرغان ئارغامچىنى ئۈزۈپ تاشلايمىز! مەن بىر كېچە ئۆيگە كىرمىگەن كۈن-دىن باشلاپ بىزنىڭ سەۋرى قاچىمىزنىڭ سۈيى بارغان-سېرى تېزلىك بىلەن تولۇشقا باشلىدى . ئىككىمىز بەسلىشىپ قالغاندۇق . بىز ئاجرىشىپ كەتمىسەك بول-مايتتى . چۈنكى ، ئوتتۇرىمىزدا ئاللىقاچان ياتلىشىش پەيدا بولغانىدى . بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇرۇشۇپ قالغانلىقىمىز ئېھتىمال مەڭگۈ ئېسىڭدىن چىقمىسا كې-رەك . سەن شۇ كۈنى ھاراقنى خېلىلا كۆپ ئىچكەندەك قىلاتتىڭ . مېنى سەسكەندۈرگىنى قىزىل ھاراق ئەمەس ، بەلكى ئاق ھاراقنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى ئىدى . ئىككىمىز ئالدىنقى قېتىم ئۇرۇشۇپ قالغاندىن بۇيان ماي تارتىشىپ ، گەپ قىلماي يۈرگەنىدۇق ، سېنىڭ پەيلىڭدىن مەن بى-لەن ھېساب ـ كىتاب قىلىشىدىغانلىقىڭ چىقىپ تۇ-راتتى.

— بۈگۈن ئەجەب ئۆيدە ئولتۇرۇپ قاپسىزغۇ؟

— بۇ خاتا ئىشمۇ؟

— قىز دوستلىرىڭىز بىلەن يامانلىشىپ قالغان ئوخشىمامسىز؟

— زوۋانىڭىزغا نېمە بولدى سىزنىڭ ، سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي دېمەكچىمۇسىز.

— گېپىڭىز بولسا ئوچۇقىنى قىلىڭ . بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسىڭىز ئەنە يول.

— سىز ماڭا يول كۆرسىتىپ بەرمىسىڭىزمۇ مەن

قانداق مېڭىشنى ئۆزۈم بىلمەن . ئىككى بالىنىڭ يۈزىنى قىلىپ گەپ قىلمىغاندىكىن ، ئۆزىڭىزنى بىلىپ يۈرۈڭ . بۇ چىدىغانغا چىقارغان جاھان ، چىدىمىسىڭىز سىزمۇ گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلىڭ . نېمە گەپ قىلمىسام.

— بولمىسا قانداق قىلاتتىڭىز.

— تەستەككە يەيسىز.

— ۋىيەي ، سىزما؟ ماڭا ئاتا ـ ئانامۇ ئالىيىپ قاراپ باققان ئەمەس.

— تولا ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ ، ھېلى بىكار...

— ئۇرۇپ باقە ، قېنى.

سەن ئالدىمغا دېۋەيلەپ كېلىۋەردىڭ . ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشنى ئويلىغان بولسامۇ نەدىن كەلگەن جۈرئەتكىنتاڭ ، سېنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىپ ئوڭداڭغا ئۇچۇرۇۋەتتىم . سەن بىر چىرقىراپلا كرېسلوغا ئۆزۈڭنى تاشلىدىڭ . مەن ئۇرغاندىكىن ئارقا ـ ئارقىدىن مانا دەپ دەسسەپ كېتەي دېدىمىۇ ، يەنە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلپەر يۈگۈرۈپ چىقىپ مېنى تۇتۇۋالدى . پەرۋەرنىڭ يىغا ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى . سەن بىردەم تۇرۇۋېلىپ ، ئورنىڭدىن تۇرۇپ ئېتىلىپ كەلدىڭ ـ دە ، ياقامغا ئېسىلماقچى بولدۇڭ . سەن توختىماي ۋارقىرايتتىڭ.

— ئۇرە لۈكچەك! سەن تېخى مېنى ئۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ قېنى ئۇرمامسەن ، سەن خوتۇن كىشىنى ئۇرىدىغان نوچىغۇ ، قېنى ئۇرمامسەن دەيمەن . بۈگۈن مەن سەن بىلەن نېمە بولسام مەيلى.

— يەنە تاياق يېگۈڭىز بار ئوخشىمامدۇ . سىزگە ھاراقنى مەن ئىچكۈزۈپ قويدۇممۇ.

— ئىچمەن تازا ، قانداق قىلالايتتىڭ ، ئەجەب سەن ئىچسەڭ گەپ يوق ، مەن ئىچسەم نېمە بوپتۇ؟

بىز شۇنداق تاكاللىشىۋاتقاندا يان قوشنىمىز ئىشىكنى چېكىپ تۇرۇۋالدى . مەن ئامالسىز ئىشىكنى ئاچتىم . شۇ چاغدا ئۆزۈمنى رەسۋاچىلىققا قالغاندەك ، ئوغرىلىق قىلىپ ياكى بىرەرسى بىلەن ئويناپ تۇتۇلۇپ قالغاندەك ھېس قىلدىم . يان قوشنىمىز ئەر ـ ئايال ئىككىسى تەڭ كىرگەنىدى . ئايالى سېنى ياتاق ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى . ئەر قوشنىمىز ماڭا بىر تال تاماكا تۇتۇپ:

— ئىناقلىقتا قوشنىلارنىڭ ئالدى ئىدىڭلار ، سىلەرگە كۆز تەگدىمۇ نېمە؟ ئىككى بالا بولغاندا نېمە سەتچىلىك بۇ ، زادى تالاشقۇدەك نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى.

— گەپ تەگىشىپ قالدۇق.

— گەپ تەگىشىپ نېمە قىلىسىلەر؟ چىرايلىق ھەل قىلساڭلار بولمامدۇ.

قوشنىلىرىمىز بىزگە باللارنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى ، سوقۇشۇپ يۈرسەك قوشنىلارنىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدىغانلىقىنى ، كىشىلەر ئالدىدا ئابرۇيلۇق ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتىپ ، خېلى كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن چىقىپ كېتىشتى . سەن ياتاق ئۆيدە خىرتىلداپ يىغلاپ ئولتۇراتتىڭ . مەن سىرتقا چىقىپ كېتىشنى ، شاراپەتكە تېلېفون بېرىپ ھال ـ مۇڭ بولۇشنىمۇ ئويلىدىم . مېنىڭ بۇ نۆۋەت ئۆزۈمگە سەۋەنلىك ھەم ئەيىب قويغۇم كەلمىدى . شۇنداقتىمۇ سېنىڭ «قىز دوستلىرىڭىز بىلەن كۆرۈشكىلى چىقمىدىڭىزمۇ» دېگەن سۆزۈڭ مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى . شاراپەت بىلەن بولغان ئىشىمىزنى بىرەرسى ئېيتىپ قويدىمۇ نېمە دەپ گۇمانمۇ قىلدىم . «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېگەندەك ، ئەل ـ ئاغىنىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنىمۇ بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ ، باشقىلارنىڭ كىچىككىنە سەۋەنلىكلىرىگىمۇ كانىدەك چاپلىشىۋالىدۇ . ئۇلار كۆرۈنۈشتە مەغرۇر ، چىداملىق ، ئاق كۆڭۈل ، سەممىيدەك قىلغىنى بىلەن باشقىلارنىڭ كىچىككىنە غەلىبىسىنى ، تەلىيىنى كۆرەلمەي ، ئازاب ، ھەسرەت چوغىدا پۇچىلىنىپ ، ھامان ئاللىقانداقتۇر تۆكى يوق ئاماللار بىلەن پېيىڭنى قىرقىماقچى ، سېنىڭ ئازابىڭدىن ، كۆز يېشىڭدىن ھۇزۇرلىنىپ ، ئۆزىگە تەسەللى ئىزدىمەكچى بولىدۇ . سەن بۇلارنى ئويلىساڭ بىرەرسى بىلەن دوستلىشىپ ، ئارىلىشىپ يۈرگۈڭمۇ كەلمەيدىكەن.

پەرىخە ، مەن ھېلىقى كۈنى كەچتە ئۆزۈمنى يەنە غېرىبلىق ئىچىدە قالدۇرۇشنى ، كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىشنى زادىلا خالىمايتتىم . مەن ئەمدى ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويسام بولمايتتى . مەن ئۆزۈمگە خاس يولۇمنى تاپمىسام پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇغا كەلدىم . مەن ھاقارەتلەندىم . شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئولتۇردۇم . سۈكۈت ، سۈكۈت ، يەنە سۈكۈت!... بۇلار كىم ئۈچۈن؟! زادى كىم ئۈچۈن؟ مەن يەنە قانچىلىك ياشايمەن؟ يۈز ياشقا كىرىشىم بارمۇ؟ مەن ئادەملەرگە ، تۇرمۇشقا ، كىشىلىك ھاياتقا نېمىشقا ئاددىي كۆزۈم بىلەن ئەركىن ـ ئازادە ھالەتتە قارىيالمايمەن ، نەزەر تاشلىيالمايمەن؟ ئۆزۈمگە نېمىشقا بېسىم پەيدا قىلىۋېلىپ ياشايمەن؟ نېمىشقا ھەممە نەرسە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغاندەك ماڭىلا سىرلىق بىلىنىدۇ؟... ھالقىلىق پەيتتە چاپان سېلىپ ، مەيدىسىنى كېرىپ مەيدانغا چىقالاشمۇ ھەممە ئەركەكنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش بولمىسا كېرەك . بەزىدە قۇرۇق سەپسەتە ، ۋەز ـ نەسىھەت ، كېلىشتۈرمىچىلىك ھېچنەرسىنى ھەل قىلالمايدىكەن ، بەلكى سېنى بەكمۇ ئاجىز ، ئۇسال ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىكەن . دېمەكچىمەنكى ، سەممىيلىك قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم ئىكەن . تەقدىر ـ پېشانە دېگەن نېمە ئۇ؟

www.uyghurkitap.com



تەقدىر ـ پېشانە دېگەن ئامالسىز ئۆزىمىزنى ئالدايدىغان ساختا تەسەللى! مەن سەن بىلەن بۇ نۆۋەت ئوبدانلا دېيىشىپ قېلىپ ئۆزۈمنى بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم . بۇنداق ئىشلار قايسى ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىدا يۈز بەرمەيدۇ . نورمال ئەھۋالغۇ دېدىم ئۆزۈمگە . ئويلاپ باقساڭ ، سەن ئۈزلۈكسىز ھالدا توختىماي سۇ كىرىپ تۇرغان كۆلنىڭ ئەتراپىنى ھەرقانچە قىرلىساڭمۇ سۇ ھامان قىرنى ئېلىپ كېتىدۇ . سەنمۇ قىرلاپ ، قاشنى ئېگىزلىتىپ ھېرىپ ، ئاخىر قىرلاشتىن ۋاز كېچىسەن . ئەمەلىيەتتىمۇ زىددىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان ئائىلە بىلەن سۇ كىرىۋېرىپ تېشىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان كۆلنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق . سەن كۆل سۈيىنى مەلۇم بىر مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن توسۇپ قالماقچى بولغاندەك ، ئائىلىنىمۇ مەلۇم بىر خۇشاللىققا ، تەسەللىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ساقلاپ قالماقچى بولىسەن . بۇ يەردىكى پەرق پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى . بىرسىنى مۇھىم ، بىرسىنى مۇھىم ئەمەس دەپ قارىۋېلىشتا . ھەر ئىككىسىگە بەدەل تۆلەيسەن . بەدەلنىڭ چوڭ ـ كىچىكى بولمايدۇ . ئۇنىڭ قىممىتىگە قارا! سېنىڭ كۆل سۈيىنى ساقلاپ قېلىشتىكى بىردىنبىر چارەڭ ، باشقا بىر كۆل چېپىش ياكى ئۈزلۈكسىز ئېقىپ كىرىۋاتقان سۇنى باشقا ياققا باشلىۋېتىش . ئائىلىدىمۇ ئەنە شۇنداق تاللاش ئىمكانىيىتى يوق ئەمەس ، سەن مۇرەككەپ ئويلىۋالمىساڭلا بولدى!... ئاۋارىچىلىققا يولۇققان ئادەم ئاۋارىچىلىقتىن قايسى يول بىلەن قۇتۇلۇپ چىقسۇن ، ئادەم ھامان ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادە ھېس قىلماي قالمايدۇ . سەن دۈمبەڭگە يۈك ئارتىشنىمۇ ، يۈكنى ئىرغىتىپ تاشلاشنىمۇ بىلسەڭ ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قىيناشتىن ، ئازابلاشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايسەن! يوقىتىپ قويغىنىڭدىنمۇ ئۆكۈنمەيسەن . ئازابلىق ياشلىرىڭمۇ تۆكۈلمەيدۇ! چۈنكى ھايات يىغلاشمۇ ئەمەس ، كۈلۈشمۇ ئەمەس! ھاياتتا ھەر ئىككىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەن! پەرىخە ، مەن راستتىنلا ئۆزۈمنى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم . روھىمدا بىر خىل ساڭا قىيماسلىق ، چىدىماي قېلىشتەك ئوي ـ خىياللار بارمۇ ، يوق دەپ كۆڭلۈمنىڭ ئەڭ ئىچكى جايلىرىنى مالتىلاپ چىقتىم . سەن توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئاللىقاچان ئۆچۈپ كېتىپتۇ . مېنىڭ خاتىرەم ئۆزۈمگە شۇنداق ئاق ، غۇبارسىز كۆرۈندى . شاراپەتنى ئىزدىسەم ئۆزۈمنى مۇشۇنداق پەيتتە ئەڭ ئاجىز ئەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىكەنمەن دەپ ئويلىدىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانام دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاچقا ، باشقا ئىشلارنى ئويلاشقا نەدە چولا دەيسەن؟ ئانام ئاخىر ئۆلۈپ كەتتى . ئانام ياتاقتا يېتىپ قالغاندا سەن بىر ـ ئىككى قېتىم يوقلاپ كەلگەن بولدۇڭ . بۇنىڭ ئۈچۈن مەن سېنىڭدىن رەنجىپ كەتمىدىم . چۈنكى ، ئىككىمىز ئاجرىشىپ كەتسەكلا يات ئادەمگە ، دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالىمىز ئەمەسمۇ! ئانام دوختۇرخانىدا ياتقاندا بىر قېتىم مەندىن:

— بالام ، پەرىخە بىلەن بىرنەرسە دېيىشىپ قالمىغانسىلەر؟ — دەپ سوراپ قالدى . مەن بىرنەرسە دېيىشىپ قالدىم ، دەمىدىمەن.

— قانداق دەيسەن؟ — دېدىم بىر خىل بىئاراملىق ئىچىدە.

— قارىسام ، پەرىخە خاپا چىراي كۆرۈنىدۇ.

— دېيىشىدىغان نېمە بار ، بىز شۇنداق ياخشىغۇ . ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىنى بىلىسەن . ئىشلەپ ھېرىپ قالغاندۇ.

— ئىناق ئۆتۈپ كەتكىنىڭلار ياخشى ، بالام . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈڭلار خالاپ توي قىلغان.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسەن ، سەن خاتىرجەم داۋالىنىۋەرگىنە.

ئانامنىڭ كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ تۇرۇپمۇ مەن ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلۈم بىرقىسملا بولۇپ قالدى . مەن سىرتقا تاماكا چېكىش ئۈچۈن يېنىپ چىقتىم . توۋا ، بۇ ئىشنى ئانامنىڭمۇ سېزىپ قالغانلىقىنى قارىمامدىغان . ئۆلۈپ كەتسە روھى قورۇنۇپ قالارمۇ دېگەنلەرنىمۇ ئويلىدىم . ئادەم شاھى ـ سۇلتان بولۇپ كەتسىمۇ يەنىلا ئاتا ـ ئانىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە موھتاج بولىدىكەن ، پەرىخە.

پەرىخە ، ئاجرىشىپ كېتىش ئالدىدا دېگەنلىرىڭ ئېسىڭدە باردۇ؟ ئەمەلىيەتتە پەرزەنت تەربىيىلەشنىڭ ئۆزى ھەر بىر ئاتا ـ ئانىغا نىسبەتەن بەك كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى . سېنىڭ قولۇڭدىن باشقا ئىشلار كەلمىسىمۇ ، ئاللىقانداقتۇر نەتىجىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىساڭمۇ ، بالا تەربىيىلەشنىڭ ئۆزى بىر خىل ئەمگەك ، بىر خىل مېۋىنى كۆرۈش ، بىر خىل كۆڭۈللۈك خىزمەتنى تاماملاش ، بىر خىل ھوزۇرلىنىش ھېسابلىناتتى . قارىغاندا سەن بۇ خىل ھوزۇرنىڭ لەززىتىنى مەڭگۈ ھېس قىلالمايدىغان ، تېتىيالمايدىغان ئوخشايسەن!

پەرىخە ، بىز ئۇرۇشۇپ قالغانىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ ئون نەچچە كۈن ئاناڭنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتكەن بولدۇڭ . ئەمەلىيەتتە بىر ئائىلىنى ئىككىمىز تۇتقان بولغاندىكىن ، قانداق گەپ بولسا يۈزتۇرا دېيىشكەن بولساق ياخشى بولاتتى . يامانلاپ كېتىشىڭنىڭ قىلچىمۇ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى . بۇ ئىش تۈپەيلى مەن «پەرىخە بىلەن ئاجرىشىپ كەتسەم بولىدىكەن» دېگەن نىيەتكە كەلدىم . سەنمۇ مەندىن بۇرۇنراق ئاجرىشىش نىيىتىگە كېلىپ بولغانىدىڭ . مەن ئاجرىشىش توغرىسىدا بىرەرسى بىلەن كېڭىشىپمۇ باقمىدىم . سەن بىلەن توي قىلغاندا سېنى بىرسى ماڭا زورلاپ ئېلىپ بەرمىگەندىكىن ، ئاجراشقاندىمۇ

باشقىلارنى كېڭىشىشكە تەكلىپ قىلسام بولمايدۇ ـ دە . نەچچە كۈندىن كېيىن ماڭا سوتتىن چاقىرىق قەغەز كەلدى . مەن ھەيران قالمىدىم . سىنىڭ ئەرزنامەڭدىن «ھېسسىيات جەھەتتىن كېلىشەلمىدۇق» دېگەن سۆزۈڭنى ئوقۇپ كۈلۈپ تاشلىغىلى تاسلا قالدىم . «مەن ئەسلىدە پەرىخەنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالماپتىمەن ، ئۆزۈمگە مايىل قىلالماپتىمەن ، ئەرلىكىمنى كۆرستەلمەپتىمەن ، مېنىڭ تېخى ئۆي تۇتۇپ كەتكۈدەك تەجرىبەم ، قابىلىيىتىم يوق ئىكەن . سوتتا يەنە قانداق تاماشا يۈز بېرەر ، پەرىخە يەنە قانداق كومېدىيىلەرنى ئويناپ چىقار» دېگەنلەرنى ئويلاپ سوتقا باردىم . سەن چىرايىڭدىن قار ـ مۇز ياغدۇرۇپ ، كۆزلىرىڭدىن جۇت ـ شۇرغان چىقىرىپ ئولتۇراتتىڭ . سوتچى مەندىن:

ــــ راستتىنلا ئاجرىشىپ كەتمەكچىمۇ؟ ــــ دەپ سورىدى.

ــــ مېنىڭ باشقىلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدىغان ئادىتىم يوق ، ــــ دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

ــــ ئاراڭلاردا ئىككى بالا بار ئىكەن . ئۇنى قانداق قىلىسىلەر؟

ــــ قارشى تەرەپنىڭ ئىلتىپاتىغا باغلىق.

ــــ سەن خىيالىڭدا بالىلارنى مېنى ئالامدىكىن دەپ قالدىڭمۇ ، بىلىپ قوي ، مەن سەن بىلەن توي قىلغاندا ئۆيگە بالا كۆتۈرۈپ كىرمىگەن . باقالمايدىغان ئادەم نېمىدەپ تاپقان؟

سەن بىردىنلا ئەزۋەيلەپ كەتتىڭ . مەن شۇنداق نومۇس ئىچىدە قالدىم.

ــــ خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن ئۇنداق تەخىيگە ئىگە بولمايدىغان ھاڭگا ئەمەس . سوتچى ، بىزنى بالدۇرراق ئاجراشتۇرۇۋەتسىڭىزمۇ بوپتىكەن . مېنىڭ تالاش ـ تارتىش قىلغۇم يوق . پەرىخەنىڭ تەلىپى بويىچە بولسۇن . مەنمۇ ئالىلقاچانلا جاق تويغان . ئويلىنىدىغان يېرىمۇ قالمىدى.

شۇنداق قىلىپ بىز ئاجرىشىپ كەتتۇق . ئۆيدىكى لازىمەتلىكلەرنى تەڭ بۆلۈشتۇق . سەن كۆدە ـ كۆرپەڭنى يىغىشتۇرۇپ ئىدارەڭدىن بەرگەن ئۆيگە كەتتىڭ . ئىككى بالا ماڭا قالدى . مەن ئەسلىدە پەرۋەر قىز بالا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك بولغاندىكىن سېنى ئالارمىكىن دەپ ئويلاپتىكەنمەن . سېنىڭ بۇ دەرىجىدە ئىنساپسىزلىقىڭنى نەدىن بىلەي . سېنىڭ كاللاڭغا نېمىنىڭ شۇ دەرىجىدە تەسىر قىلغانلىقىنى ئويلاپمۇ يېتەلمىدىم . ئائىلە ، ئەر ، پەرزەنت ساڭا دوزاخ تۇيۇلغان بولسا كېرەك . ئاتا ـ ئانىنىڭ ، ئائىلىنىڭ تەربىيىسىدىن ، مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن ئايرىلغان بالىنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالىدىن يۈرەكلىك سۆز ئېچىش ئەقىلغە ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ . خۇدا ئۆمرۈمنى بەرسىلا بالىلارنى پاكىز ھالدا قاتارغا قوشىمەن . بۇ مەن ئۈچۈن بەخت! جاھاندا ساڭا ئوخشاش ئانىلىق مەجبۇرىيەتتىن ئۆزىنى تارتىدىغان ئانىلارنىڭ قانچىسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن . لېكىن ، سېنىڭ ھامان ئۆز پەرزەنتلىرىڭنى ئىزدەيدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن . بىراق ، مەن يەنىلا دادىلىق مەجبۇرىيەتنى بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە ئادا قىلىۋېرىمەن . جاھاندا نامەرد ، مۇناپىق دادىلارمۇ ئاز ئەمەس . ئۆتكەندە مەن گېزىتتىن بىر دادىنىڭ پۇل ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سەبىي ئىككى بالىسىغا زەھەر ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكىم شۇنداق ئېچىشتى . شۇڭلاشقا بالىلىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن.

ئەلپەر ئىككىمىزنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ قالغان بولسىمۇ ، ھېچنەرسىنى ئۇقماسقا سېلىپ يۈردى . بىراق ، پەرۋەر پات ـ پات سېنىڭ غەلۋەڭنى قىلىدۇ . ئۇ بىر كۈنى مەندىن:

ــــ دادا ، ئانام نېمىشقا ئۆيگە قايتىپ كەلمەيدۇ؟ ــــ دەپ سوراپ قالدى.

ــــ ئۈرۈمچىگە كەتتى . خىزمىتىمۇ ئالدىراش.

ــــ يالغان! ــــ دېدى ئۇ دومسىيىپ.

ــــ نېمىسى يالغان ئىكەن؟

ــــ سىلەر ئاجرىشىپ كېتىپسىلەرغۇ؟

ــــ بۇ گەپنى ساڭا كىم دېدى؟

ــــ ئاكام.

ــــ شۇنداق ، بىز ئاجرىشىپ كەتتۇق ، قىزىم.

ــــ ئاجراشسا قانداق بولىدۇ؟

ــــ ئاناڭ بىلەن بىز ئايرىم ئۆيدە تۇرىمىز.

ــــ ئانام يانىدىكى ئۆيدە تۇرسا بولمامدۇ؟

ــــ شۇنداق بولسىغۇ تازا ياخشى بولاتتى . بىراق ، بىز سوقۇشۇپ قالىدىكەنمىز.

ــــ سوقۇشمىساڭلار بولمامدۇ؟

ــــ خاپا بولماڭ قىزىم ، بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قىلايلى . ئەتە مەن سىلەرنى چوڭ داداڭلارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىمەن.

مەن دەرھال گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدىم . مەندە بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ئىدى . بىراق ، پەرۋەر يەنە:

ــــ ئانامنىمۇ بىرگە بارسۇن ، ــــ دەپ تۇرۇۋالدى.

ــــ بولىدۇ ، ئەتە بىز ئۇنى چاقىرىۋالايلى.

چوڭ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئالدىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئالدىنىشقا رازى ئىكەنمىز . بىراق ، كىچىك بالىلار ئالدىراپ بولدى قىلىۋەتمەيدىكەن . مەن ئانامنىڭ نەزىرىسىنى ئۆتكۈزۈشكە باردىم . بالىلار سەھراغا بېرىشقا شۇنداق ئامراق ، ئۇلار شەھەردە بىلەت ئېلىپ كىرىپ كۆرىدىغان ھايۋانلارنى سەھرادا ھەقسىز كۆرەلەيدۇ . كۆرۈش بىلەنلا قالماي ، ئۇلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشالايدۇ . ھارۋا ھەيدەشكە تېخىمۇ ئامراق .

قۇمدا خالىغانچە ئېغىنالايدۇ . سەھرالىق بالىلار بىلەن بەزىدە پادا بېقىشقىمۇ چىقىپ قالىدۇ . ئۇلار ئۈچۈن سەھرا بىر جەننەت! شۇ نۆۋەت پەرۋەر نەۋرە ئاكامنىڭ بالىلىرى بىلەن قۇمدا ئۆي ياساپ ئويناپتۇ . مەن ئۆيدە چوڭلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرسام پەرۋەر ئالايتەن مېنى ئۆزى ياسىغان «ئۆيى» گە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى . بىردەمدىن كېيىن چىقاي دېسەممۇ ئۇنىمىدى . چىقىپ قارىسام ، پەرۋەر قۇمدىن ياسىغان ئۆيگە كىرىسلو ، تاماق شىرەسى ، ئۈستىگە ھەر خىل ئوت ـ چۆپ ۋە يوپۇرماقلاردىن قىلىنغان «قورۇمىلار»نى تىزىۋاپتۇ . تېخى يەنە بىر «ئۆي»نى ئۇيغۇرچە نۇسخىدا ياساپ ، سۇپا ئۈستىگە بىر پارچە كونا قىزىل رەختنى «گىلەم» قىلىپ سېلىۋاپتۇ . مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ مېھمان بولدۇم . ھەتتا پەرۋەر مەندىن:

— دادا ، قورۇمىلار ئوخشاپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بەك ئوخشاپتۇ قىزىم ، شۇنداق مەززىلىك ھەم تەملىك بوپتۇ ، — دېدىم ئۇنىڭغا ئىچىم كۆيۈپ.

بالىلار بەزىدە ئادەمنىڭ دوستىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن . چۈنكى ، ئۇلار بىزنىڭ ئەڭ سەمىمىي كىشىلىرىمىز ئىكەن . سەن سەمىمىي كىشىلىرىڭگە سەمىمىيلىك قىلالمىساڭ ، ئۆزۈڭگىمۇ سەمىمىيلىك قىلالمايدىكەنسەن . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، چەت ئەللەردە خىل نەسىل قالدۇرۇش ئۈچۈن پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى قۇرۇپ ، «تۇغۇت چەكلەش قانۇنى»نى يولغا قويغانىكەن . گېرمانىيە ، نورۋېگىيە قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەردە ساراڭ ، زېھنىي كۈچى ئاجىز ، تۇتقاقلىق كېسىلى بار ، تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزىدىغان ۋە ئەخلاقى ناچار ئادەملەرگە قارىتا تۇغۇت چەكلەشنى يولغا قويغانىكەن . چۈنكى ، يۇقىرىقىدەك كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىك بولۇشى بىر پۈتۈن توپ ئىرسىيىتىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ قارىلىدىكەن . پەرىخە ، بىزنىڭ گەرچە تۇتقاقلىق ، دېۋەڭلىك ، ساراڭلىق ، نېرۋىسى ئاجىزلىق كېسىلىمىز بولمىسىمۇ ، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ نەسلى خىل بولسىمۇ ، بىراق پەرزەنتلىرىمىز تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تەربىيە ناچار بولسا ، سۈپەتتىن چاتاق چىقىپ ، خىل نەسىل يوقىلىپ ، بىر توپ ساراڭ ـ دەلدۈشلەر ، ئەخلاق سۈپىتى بۇزۇلغان ناباب ئەۋلاد پەيدا بولىۋېرىدۇ . بىز ئۇلاردىن قاقشاپلا قالىمىز . مەن باشتا ساڭا دېدىم ، ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشنى بىلىدىغان ، روھى ساغلام ، ئىرادىلىك پەرزەنت تەربىيىلەپ چىقىشمۇ بىر خىل ئىجادىيەت! جەمئىيەت ۋە مىللەت ، ھەتتا ئۆزىمىز ئۈچۈن زور تۆھپە! سەن بۇنىڭ كۈچىگە ھەرگىزمۇ سەل قاراپ قالما!...

پەرىخە ، تاللا ، توختىماي تاللا! سەن قىممەت ياراتماقچى ، ھاياتتا باشقا بىر مەنىگە ئېرىشمەكچى! راست ، ئارىلىقتا بىرنەچچەيلەن ماڭا ئىككىمىزنى ئىككى بالىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ئەپلىشىپ قېلىشىمىزنى ئېيتىشىۋىدى ، مەن ئىككىلەنمەي ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالىدىم . سەن بىلەن بولغان ھاياتنى شۇنچىلىك ياشىسام بولار ، ئۆتكەندە بىر يەكشەنبە كۈنلۈكى بالىلارنى كوچا ئايلاندۇرۇۋېتىپ تۇيۇقسىزلا شاراپەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم . ئۇ:

— قانداق ، ئايالىڭىز بىلەن ئەپلىشىپ قالغانسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئاجرىشىپ بولدۇم.

— نېمانچە تېز؟

— پىشقان قوغۇن ھەرقانچە قىلسىمۇ ساپىقىدا تۇرمايدۇ ـ دە . مەن سىزگە بۇزۇلايمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم.

— توۋا دەڭا.

— ماڭا تېگەمسىز؟

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت ، مېنىڭ قايتا توي قىلغۇم يوق.

— زىيان تارتىپ قالارسىزمىكىن ، ئويلىنىپراق گەپ قىلىڭ.

— ھا ـ ھا ـ ھا! قىزىق گەپ بولدىغۇ بۇ . بولدىلا ، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ بالىسىنى باقايلى . ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالسىڭىز سىز بىلەن كېلىشىپ بولالمايمەن ،ئارىلىشىمىز دېسىڭىز ئۇنىڭ يولى باشقا.

— قېنى ، سىناپ باقمامدۇق.

بىز شۇنىڭ بىلەن خوشلاشتۇق . كېيىن ئىزدىشىدىغان پۇرسەتمۇ بولمىدى . ئۇنى شۇنىڭدىن كېيىن كوچا ـ كويلاردىمۇ ئۇچرىتىپ قالمىدىم . مەن سەن بىلەن بالدۇرراق ئاجرىشىپ كەتمىگىنىمگە ئۆكۈنىمەن . چۈنكى ، مەن ئويلاپ باقسام ياخشى بىر قىزنى قولدىن بېرىپ قويۇپتىمەن . ئۇ قىز شاراپەت ئەمەس ، بەلكى ئېرى قاتناش ھادىسىسىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئوقۇتقۇچى ئىدى . ئۇ ماڭا بەك يېقىنچىلىق قىلاتتى . بىراق ، مەن ئۇنىڭ يېقىنچىلىقىنى دوستانىلىق دەپ قاراپتىمەن . ئايالىم بولغاندىكىن باشقا ئويلاردا بولمايدۇ دەپ خاتا پەرەز قىلىۋاپتىمەن . مەن ئۇنىڭ بىلەن شەھىرىمىزدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۈزلۈكسىز مائارىپ تەربىيىسى كۇرسىدا بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ تونۇشۇپ قالغان . بۇمۇ ئېھتىمال تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسا كېرەك . ئىككىمىز بىرىنچى كۈنى گەپ قىلىشماي ئولتۇردۇق . كېيىن قەيەردە ئىشلەيدىغانلىقىمىز ، ئىسمىمىز ، ئائىلە ئەھۋالىمىز توغرىسىدا سۆزلىشىدىغان ، مۇڭدىشىدىغان بولدۇق . مەن ئۇنى دەسلەپتە كۆرگەندىلا دىلى سۇنۇق كۆرگەنىدىم ، ئىش مەن ئويلىغاندەك چىقىپ قالدى . ئۇ بىر قېتىم مەندىن تۇيۇقسىزلا:

ــ سىز بەختلىكمۇ؟ ــ دەپ سوراپ قالدى.

ــ ھەرھالدا بولىدۇ.

ــ بىر ئوغۇل ، بىر قىزىڭىز ، ئايالىڭىز بار ئىكەن . يەنە نېمىگە بەختلىك بولمايسىز؟

مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلمەي قالدىم . شۇ مەزگىللەردە سەن تازا ياشاۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى . مەن بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ــ ئادەم دېگەن قىزىق نەرسىكەن . ھاياتتا سىز بىر ئىشنى ئورۇنداپ بولۇپ ، ئەمدى ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېسابلاي دەپ تۇرسىڭىز ، تۇرمۇشىڭىزدا يەنە بىر بوشلۇق ، يەنە بىر كەملىك بايقىلىپ قالىدىكەن . شۇنىڭ بىلەن سىز يەنە ئالدىراش بولۇپ كېتىدىكەنسىز.

ــ بۇ دېگىنىڭىزغۇ توغرا . بىراق ، كىشىلىك تۇرمۇشتا سىزچىلىك بەختكە ئېرىشەلمەي زار ـ زار يىغلاپ يۈرىدىغانلار ئاز ئەمەسقۇ.

ــ ئادەملەرنىڭ بەخت قارىشى ، نىشانى ، بەخت ئىزدەش مۇددىئاسى ، ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ . سىز بەختلىكمۇ؟

مېنىڭ بۇ سوئالىمغا ئۇ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

ــ بەختلىك ، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئېغىر تىنىپ تۇرۇپ.

ــ قارىغاندا ، سىزنىڭ دەردىڭىزمۇ يېتىپ ئاشقۇچە بار ئوخشايدۇ.

ــ قانداق دەيسىز؟

ــ سىز بەختلىكمۇ دەپ سوراشنىڭ ئۆزىدىنلا سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنىڭ يېرىملىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ــ تېپىۋالدىڭىز ـ ھە ، ــ دېدى ئۇ ، بىر خىل مەيۈسلۈك ھەم شۇنداق سۆيۈملۈك ھالەتتە تەبەسسۇم قىلىپ . مەن ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىنى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايمەن . ئۇنىڭ تەبەسسۇمىدىن سەممىيلىك ، ئاياللارغا خاس نازاكەت بالقىغانىدى . ئۇ بىر بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىش ئالدىدا سۇسىز قالغان غۇنچىگە ئوخشايتتى . ئۇنىڭغا قانغۇدەك سۇ قۇيالىساڭ ئۇ پورەكلەپ ئېچىلىپ ، سېنى مەست قىلغۇچى پۇراق چاچىدىغان قىزىل ئەتىرگۈلگە ئايلىناتتى . بىراق ، مەن ئۇنىڭغا ھېچنەرسە بېرەلمىدىم . ئېھتىمال سېنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىڭنى دېسەم ئىش باشقىچە بولار ئىدى . مەن سەن توغرىسىدا غەيۋەت قىلسام ، ئۆزۈمنى تولىمۇ ناباب ئەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغاندەك تۇيۇلدى . ئۇ:

ــ مېنىڭ ئېرىم ئۆلۈپ كەتكەن ، ــ دېدى ئۇ خېلىدىن كېيىن.

ــ سىز ئادەملەرنى ئۆلمەي ، مەڭگۈ ياشايدۇ دەپ ئويلىغانمۇ؟ ئۆلمەيدىغان كىم بار.

ــ مەن ئېرىم بىلەن ھايات تۇرۇپ ، ئۇنداق ـ بۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن بولسامغۇ مەيلىدى . بىراق ، ئۇ قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ جان ئۈزدى . جۈپتىڭىز كۆز ئالدىڭىزدا جان ئۈزسە بۇنىڭغا چىدىيالامسىز؟

ــ قانداق قىلىمىز ، ئۆلۈم دېگەننىڭ كۆزى يوق ئىكەن ، ياش ـ قېرى ، بالىسى بار ، ئاجىز دېمەيدىكەن . ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇ خىل رېئاللىقنى قوبۇل قىلماي ئامالىڭىز يوق ئىكەن . شۇڭلاشقا جاھاندارچىلىق ئىشلىرىغا ئۇ بەختلىك ، مەن بەختلىك ئەمەس دەپ باھا بەرگىلى بولمايدۇ . بۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى قانچىلىك دەرىجىدە خۇشال قىلىپ ياشىشىغا باغلىق . دۇنيادا پادىشاھلارلا بەختلىك بولۇپ ، پېقىر ـ مىسكىن ، گادايلار بەختسىز بولىدىغان ، جورىسى بارلار بەختلىك بولۇپ ، جورىسىزلار بەختسىز بولۇپ قالىدىغان ئىش يوق . بەختنى چوڭ ـ كىچىك ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ، باي ـ گاداي ، ئاز ـ كۆپ دەپ ئايرىۋالىدىغانمۇ نەرسە ئەمەس . سىزنىڭ باشقىلارغا قەلب دۇنيایىڭىزنى ئۆزىڭىز خالاپ ، يېشىل ۋادىدەك كەڭ ئېچىۋەتكەن ۋاقتىڭىز ، سىزنىڭ بەخت نۇرىغا چۆمۈلگەن ۋاقتىڭىز . چۈنكى ، سىز ئۇ چاغدا كۆپكۆك سۈزۈك ئاسماننى ، قۇياشنى ، رەڭگا رەڭ گۈل ـ گىياھلارغا تولغان چەكسىز دالىنى كۆرەلەيسىز . قېنىپ ـ قېنىپ ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ ھاياتىڭىزدىكى مەنىنى ھېس قىلالايسىز . لېكىن ، بۇنى سىز مەڭگۈ داۋاملاشتۇرالىشىڭىز ناتايىن . چۈنكى ، ئىشلار داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

ــ سىز ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ، ئەتراپىڭىزدىكىلەرگە قارىسىڭىز ، كۆڭلىڭىز يېرىم بولۇپ قالىدىكەن.

ــ بۇ سىزدىكى خاتا تۇيغۇ . كىم بىلىدۇ ، سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكىلەر سىزنى بەختلىك دەپ يۈرەمدۇ ، تېخى!

ــ بۇمۇ راست.

ئېھتىمال ئۇ مېنىڭ ئايالىم بارلىقىنى بىلىپ ئارتۇق پاراڭ قىلمىغاندۇ ياكى بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلغۇسى كەلمىگەندۇ . بىراق ، مەن سەندىن تەمە كۈتمەي ، ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك ئەھۋاللاشقان بولسام ، ئۇ ھازىرقىدەك ئۆزىدىن بىرنەچچە ياش چوڭ ئەر بىلەن توي قىلمىغان بولاتتى . تېخىمۇ چاتاق يېرى ، مەن ئۇنى ماڭا مەيلى بار دەپ خاتا ئويلىۋالغانىدىمەن . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆكۈنۈش ھاجەتسىز . چۈنكى ، مەن يەنىلا قولدىن كەتكەنگە ئەمەس ، قولۇمغا كېلىدىغىنى ئۈچۈن قۇربان بەرمىسەم ، ۋاقىت بەك كەينىگە سۈرۈلۈپ ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەي قالىدىكەنمەن . ئادەم بىرسىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەمەس ، ئۇنى ئىچكىرىلەپ سۆيەلىسىلا ئۆزىنى ئازادە ھېس قىلىدىكەن . چۈنكى ، قارشى تەرەپمۇ ساڭا ئوخشاشلا ئىچكىرىلەپ سۆيگۈسى بار بولسىمۇ ئېھتىياتچان بولۇۋالىدىكەن . ئارتۇقچە ئېھتىياتچانلىق

ھەر ئىككى تەرەپنى پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈرۈپ ، بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك تەسەللىدىن ، لەززەتتىن ، خۇشاللىقتىن ، ئېرىشىشتىن مەھرۇم قالدۇرىدىكەن.

پەرىخە ، مەن باشتىلا دېدىم ، ئادەم ھامان ياخشى نەرسىسىدىن ئايرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىدىكەن ، قەدرىگە يېتىدىكەن . بۇ ھەرگىزمۇ پەرىخەنىڭ قەدرى ئۆتۈلدى دېگەنلىك ئەمەس . مەن سەن بىلەن ئاجرىشىپ كەتكىنىمگە بەكمۇ خۇشال! مەن بىر جەريانىنى تاماملىدىم . سەن قايتىدىن پېچتا تاۋلانغان پولاتتەك تاۋلىنىپ چىقساڭمۇ ، سەن باشقا بىرسى ئەمەس ، يەنىلا مەن بىلىدىغان پەرىخە ، خالاس! راست، ئۇ قىز توي قىلىۋاپتۇ . قارىغاندا ، «ياخشى نەرسىنىڭ خېرىدارى كۆپ بولىدۇ» دېگەن سۆز راست بولسا كېرەك . مەن سېنى كوچا ـ كويلاردا كۆپ قېتىم كۆزۈمگە سىغمايدىغان قىز ـ چوكانلار بىلەن كۆرۈپ پەرىخەنىڭ ئويۇنى تۈگىمەپتۇ ، توختىماي پەرۋاز قىلغۇدەك دەپ قالدىم . يالىنىشنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ سەر خىل ئىدى . پەرىخە ، ئېھتىمال مەن سېنىڭ ئويلىغان يېرىڭدىن چىقالمىغاندىمەن . نۇرغۇن قۇرۇق نەزىرىيىنى ساتقىنىم بىلەن تايىنىم يوق ئەردۇرمەن . ھەتتا ئۆزۈمنى ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيدىغاندىمەن . تۇرمۇشتىكى ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىمۇ بىلمەيدىغاندىمەن . سېنى ئەيىبلەشكە ھېچقانداق ھەققىممۇ يوقتۇر ياكى نۇرغۇن ئىشلارنى خاتا ئويلاپ ، سېنىڭدىن ئارتۇقچە گۇمانلانغاندىمەن . شۇنداقتىمۇ بىز ھەممىمىز ئۆزىمىزگە ئادەم ، ئۆزىمىزگە سۆيۈملۈك! مەيلىلا ، نېمىلا بولسۇن ، بىز ياشاشنىڭ مەلۇم بىر جەريانىنى تاماملىدۇق . بۇ ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس . بۇنىڭغا تەۋەككۇلچىلىك ، ئىشەنچ ، مۇستەقىل ياشاش روھى ، چىداپ تۇرۇپ ۋاز كېچىشتەك غەيرەت كېتىدۇ . بىلەمسەن ، بېسىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن جەريانلار بىزنى ساقلاۋاتىدۇ! بىز تېخى ھاياتنىڭ نۇرغۇن ـ نۇرغۇن دوقمۇشلىرىدا بىلىپ ـ بىلمەي ئۇچرىشىپ قالىمىز . سەن ھەمىشە بۇنداق ياشىيالمايسەن ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھەمىشە بۇنداق ئۆتۈۋەرمەيسەن . سېنىڭ يىقىلىدىغان ، پۇشايمان قىلىدىغان ، ياش تۆكىدىغان ، بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغان مەزگىللىرىڭمۇ بولىدۇ . ئۇ چاغدا سەن ھەممە نەرسەڭدىن ئايرىلىپ قالغان بولىسەن . «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە» . مېنىڭ سېنى ئايلىنىپ كېلىپ ئوقۇرىنى تاپىدىغان ئات قىلىۋالغۇم زادىلا يوق!...

پەرىخە ، بىزنى تۈرلۈك ـ تۈمەن كويلارغا سېلىپ ، ئالدىرىتىۋاتقىنى زادى نېمە؟ ئېھتىمال بىزنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن پانىي ئالەمگە قايتىدىن تىرىلىپ كەلمەيدىغانلىقىمىز بولسا كېرەك . بۇ پۇرسەتنى ھېچكىمنىڭ قولىدىن بېرىپ قويغۇسى يوق ، ئەلۋەتتە . شۇڭلاشقا بىز ئالدىرايمىز . بىر ـ بىرىمىزنى ئالدايمىز . دۈشمەنلىشىمىز ، ئازابلىنىمىز . ياش تۆكىمىز ، كىملەردىندۇر قىزغىنىپ ، كىملەرنىدۇر كۆرەلمەيمىز . بەزىدە ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتىدىن ھالقىپ ، ئەخلاق ، قانۇن دېگەنلەرنى چۆرۈۋېتىپ ، ئۆزىمىزگە نامۇناسىپ ئىشلارنى قىلىۋېرىمىز . مۇناپىقلىق ، نومۇسسىزلىق قولىمىزدىن كېلىۋېرىدۇ . گەرچە دۇنيادىكى خىلمۇخىل دىنلار بۇرۇندىن باشلاپلا ئادەم بولۇشنىڭ تۈرلۈك مىزانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ ، ئەمەل قىلىدىغانلىرىمىز تولىمۇ ئاز . بىزنى چەكلەپ تۇرىدىغان تۈزۈم بولمىسا ، بىز قانداق قىلىشىپ كېتەردۇق . بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىز زادى قانچىلىك؟ چاتاق يېرى ، تارىختىن بۇيان بىزگە سەن بۇ ئادەمگە ئوخشاش ياشىساڭ ، ھەقىقىي ئادەمگە ئوخشاش ياشىغان بولىسەن دەپ ، ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلىدىغان ئۆلگىمۇ كۆرسىتىپ بېرىلمىگەن . كۆرسىتىپ بېرىلگەنلىرىنىڭ بىر يېرى بىزگە يارىسا ، يەنە بىر يېرى بىزگە يارىمايدۇ . شۇڭلاشقا پەرىخە مەنمۇ بىر ئالەم ، سەنمۇ بىر ئالەم . ھەر بىر ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭلا دۇنياسى . سەن ئۆزۈڭنىڭ دۇنياسىدا ئۆزۈڭلا ياشايسەن . سېنىڭ ئالىمىڭدە بەزىدە سانسىزلىغان يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ ، سېنى مەھلىيا قىلىپ ، سەندە ھاياتنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىدەك تۇيغۇ پەيدا قىلسا ، بەزىدە ئون بەش كۈنلۈك ئاي كۆتۈرۈلۈپ سېنى رومانتىك دۇنياغا باشلاپ ، مەستخۇشلاندۇرىدۇ . بەزىدە تۇيۇقسىزلا قاپقارا ، سۈرلۈك بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ ، سېنىڭ كەيپىياتىڭنى ئارامسىزلاندۇرىدۇ . بۇنداق چاغدا سەن بىر خىل تۇرغۇن ھالەتتە ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىسەن . يۇلتۇزلۇق كېچىلەرنى سېغىنىپ قالىسەن . ھاۋاسى ساپ ، يىراق سەھراغا بېرىپ ، تىپتىنچ ئولتۇرۇپ يۇلتۇز سانىغىڭمۇ ، چەكسىز دېڭىز قىرغاقلىرىدا ئاستا قەدەم بىلەن تەنھا ماڭغۇڭمۇ كېلىپ قالىدۇ . شارقىرىتىپ يامغۇرنىڭ قۇيۇۋېتىشى سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم ياكى سېنىڭ ھەسرەت يېشىڭ . بەزىدە روھىڭدا قۇياش پارلاپ ، ھاياتقا بولغان ئۈمىد ، ئىشەنچ ، غايە ـ ئېتىقاد نۇرلىرى سېنى ئورنىڭدىن دەس تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ! سېنىڭ روھىڭدىكى سىم ـ سىم يامغۇر سېنىڭ مىسكىنلىك ، غېرىبلىق ۋە تەنھالىققا چۈشۈپ قالغان ھالىتىڭ . بۇ چاغدا سېنىڭ ھەممىنى تاشلاپ ، يىراق ـ يىراققا كەتكۈڭ كېلىپ قالىدۇ . ئادەمنىڭ ئەسلى ھالىتىمۇ شۇ! سېنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتلىق سەپىرىڭ مۇشۇنداق جەريانلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ . بىزگە نېسىپ بولغان جەرياننىڭ ھېچقايسىسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز . ئاخىر ھەممىدىن ئايرىلىمىز!...

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**

# ئېتىز

(داستان)

ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم



1

نېمانچە ناتونۇش شەھەر بۇ ،
كۆزۈڭدىن قان ئاقسا باقماس قايرىلىپ .
يۈرگىلى بولمايدۇ ئېتىز ـ قىرلاردا ،
دادا سېنىڭدەك مەغرۇر ئايلىنىپ .
ئورمىلار باشلىنىپ كەتكەندۇر نەۋاق ،
ھېلىمۇ تووۇلاشقا يېتەمدۇ ئۇنۇڭ .
ئايدىڭ كېچىلەردە ناخشىلار بەلەن ،
تاڭ سەھەرلەردە ، قوزا چۇشلەردە .
قوللار ، ئورغاقلار ئۇسسۇلغا چۈشسە ،
كۆيلىرىڭ ئىسسىقتا بېرەمدۇ بەرداش؟
ئاھ ، دادا يەڭ تۈرۈپ ئورما ئورىسام ،
گۈركىرىگەن تويىلاردىن خامان ئالسام تەڭ .
شامال كېلىش بىلەن يۈگۈرۈپ چىقىپ ،
خاماندا توپاننى سورىسام دەيمەن...

ماڭا نېسۋىلەر قالمىدى بەلكىم ،
بەلكىم خامان قۇرۇق قالغاندۇ؟
جان دادا ئالتۇندەك ئالغان چەشلىرىڭ ،
ساڭلاردا سەمرىپ ياتىدىغاندۇ؟
قارىغاي قووۇزىقى
ئورغاقلار بىسى
بەدەنگە چاپلاشقان خەسە كۆڭلەكلەر .
مۈكچەيگەن بەللەرنى تۈزلىمەك مۈشكۈل ،
ئايدىڭدا راھەت بېرەر كۆلچەكلەر...
ئېھ ، گۈزەل ، يېقىملىق غۇلجا شامىلى ،
ئەركىلەپ بوينۇمغا سالىسەن گىرە .
بىر تاتلىق پىچىرلاپ قۇلاقلىرىمغا ،
بىر ئەسەب ئويغاتتىڭ قەلبىم كۆكىدە .
سۆيىمەن قۇچاقلاپ①، سۆيىمەن سېنى ،
غازاڭدەك ، ساماندەك ئۇچقۇم كېلىدۇ .

ماشىنا گۈركىرەپ تۇرغان خاماندا ،
دېھقانلار ئارىسىغا چۈشكۈم كېلىدۇ .
نېمانچە بەختىيار ، ئۆزسەن بۇ يەرگە ،
سىلايسەن يۈرەكنى قوللىرىڭ بىلەن .
ھەركىمنىڭ قوينىغا كىرىپ قۇچاقلاپ ،
قۇتلايسەن باھارنى گۈللىرىڭ بىلەن .
خالىساڭ تاشلاپ كېتەلەيسەن ھەم...
كاۋاپتەك تاۋلىنىپ يانغان بەدەنلەر ،
كۆرگەندە شادلىنىپ ئاچىدۇ قويۇن .
بەدەنگە چاپلاشقان خەسە كۆڭلەكلەر ،
تىزغىچە شۇرقىراپ ئاققان قارا تەر .
قىچىشىپ ، تېلىقىقان ، ھالسىز ۋە جۇنۇن ،
راھەتكە چىقىدۇ ئېگىلگەن بەللەر...

خاماندا ئىشلىدۇق...
ئۆرلەيدۇ توپان
گۈركىرەر يەر ـ ئاسمان
توزۇماقتا جان...
خالىمايدۇ دادام ئوغلىنىڭ دېھقان بولۇشىنى
لېكىن ئۇ خالايدۇ دېھقاننى ھامان .
قانداق مەدھىيىلەشنى بىلمەيمەن ئەمما ،
نېمانچە كۆڭۈللۈك ، پاكىز ئەمگەك بۇ .
شۇڭا بۇ ئېتىزنىڭ ئەھلى بولماق تەس ،
ھەركىم سادىر ئەمەس ، يا دېھقان ئەمەس...

ئاھ ، دادا
مەنچۇ مەن؟... سىلەردىن يىراق
بىپەرۋا ياشايمەن يىراق بىر يۇرتتا .
چۇپۇر يۈز بالىدەك نىقابلىق كەلگەن
شۈبھىلىك قارايمەن دوستلارغا ، ياتقا .
ئەخلەتتاغ ئۈستىگە چىقىپ تاڭ سەھەر ،
قارايمەن
قىمىرلاۋاتقان قۇرتلارغىچە .

① ئارا — دېھقانچىلىق ئەسۋابىنى كۆرسىتىدۇ.

دەرەخلەر ئاستىدا
دالدىسىدا تاشلارنىڭ
يوشۇرۇنۇپ ياتىمەن تىڭشاپ ئۆزۈمنى
ئەسەبىي ، بىرەھىم ئۇۋچىمەن گويا
ئۆزمەيمەن نىشاندىن ۋەھشىي كۆزۈمنى .
سىيرىلىپ تاغلاردىن
سەكرەپ تاشلارغا ،
سەكرەپ چۈشىمەن پاخال ئۆگزىلەرگە .
قوشۇلۇپ كېتىمەن ئاتلارغا...
ھۇۋلايمەن ، ئىڭرايمەن يىرتقۇچلاردەك:
جان دادا ، جان ئاپا ، ئالىمجان ئاكا
كەلگەن بولساڭلار مۇشۇ شەھەرگە
كۆرەر ئىدىڭلار ئۆز ـ ئۆزۈڭلارنىڭ
تېنەپ يۈرگىنىڭلارنى ھەممىلا يەردە .
ئاپتوبۇسقا چىقسام بىلەت ئال دەيدۇ ،
ھاڭۋېقىپ ئەتراپقا قاراپ قالىمەن .
ئامراق بولالمىدىم گۈل ـ چېچەكلەرگە .
بىلمەيدۇ ھېچكىم ،
ئاشىق بولغىنىمنى دەل ـ دەرەخلەرگە...

2

ئەي ، سۆيۈملۈك غۇلجا شامىلى ،
سەن كىملەرنى سۆيدۈڭ قۇچاقلاپ؟
سۆيۈشلەرنىڭ دالدىسىدا
كىم باقار يىغلامسىراپ؟
يۇمران ئوتلار
قاقشال بولغان يۇمران ئوتلارنىڭ
نېمىلەرگە باغلىقلىقىنى بىلمەيمەن .
ئۆسۈك تىرنىقىمغا ھەيران قالىمەن .
قۇرۇپ قالسا قوللىرىم
شۇندىلا ئېتىزلىقنى ئەسلەيمەن .
پىلتىڭلىغان بىلىجان
سۇسىرىغان كۆلچەكتە
قۇتقۇزۇپ قالاي دېسەم
سۇغا ئايلىنالمايمەن .
قەيەرلەردە ياشايدۇ قۇشلار
ئۇ ئىستەمدۇ قەدىم ئورمانىنى ،
تەقدىرىمگە چاتار قېنى كىم
ئۇ قەيەردە؟ ئويلار نېمىنى
ئاقمۇ؟ كۆكمۇ؟ بىلمەيمەن پەقەت
كىم چۈشىنەر مۇھەببىتىمنى...

«بوينى كېسىك» بويىنىدىن
ئەرۋاھلارنىڭ قوينىدىن
كېلەر چىلتەن ئايلىنىپ ،
ئېيتىپ گۈزەل ناخشىسىنى؛
يۈگۈرۈك ئات تولا يۈگۈرۈپ ،
چۆمۈلدى قارا تەرگە .
مايىم تويغا ياسانسا ،
ئايلىنار قىزىل گۈلگە .
مەن بۇلبۇل بىھوش بولدۇم ،
يىقىلدىم ئانا يەرگە .
دەريا سۈيى تاشىدۇ ،
مۇنبەت يەر كۆكەرگەندە .

ئۇزۇن ـ ئۇزۇن سايەم بولدىكى ،
يىپلار ئېشىپ نازۇك ، ئىنچىكە .
ئورىماقتا ئاجىز تېنىمنى ،
قىسىپ ـ قىسىپ چېكىلىرىمنى ،
سۆيۈلدۈرار پىكىرلىرىمنى .
كېكىرتەكتە بىر يۇتۇم بەلغەم
كۆزلىرىمدىن تامچىلايدۇ سۇ ،
قىينىماقتا ھاياجىنىمنى...
دوقمۇشلاردا توپ ـ توپ سايىلەر ،
ئۇ دۇنياغا: خوش ـ خوش دېمەكتە ،
يۆلىنىپ تاملارغا ، رىشاتكىلارغا .
كۆزلىرىمدە ھىجران ئاپتىپى .
ئۆتۈپ كەتتى مەنىسىز دۇنيا
كۈز ياپرىقى تۆكۈلەر ئاستا...

ئېتىزىدا موللىتوختىيۇزىنىڭ
قاينار زېمىن تونۇردەك .
سۆرەپ ساپان ماڭار بىر ئېشەك ،
يەر ھەيدەيدۇ بىر بوۋاي
تەڭ مۇدۇرۇپ ئېشەكى بىلەن...
«ئوغلۇم ئۇچۇپ كەتتى قۇش بولۇپ ،
تىنچ ، گۈزەل جايلارغا .
مومىيىم بىلەن قالدىم
ھەمراھ بولۇپ ئايغا ، يۇلتۇزغا...»
سوك ـ سوك ئېشەك
مۇدۇرۇپ قوپۇپ ،
قوشاقچىنى يېتىلەپ ماڭار
قورۇغانچە بېزەك چىۋىنىنى
ئۇزۇن ، سالپاڭ قۇلىقى بىلەن
تەڭكەش بولۇپ مۇڭلۇق ناخشىغا...
ئالتۇن قۇياش تۆكۈپ نۇرىنى
سايە بەرمەي چاڭقىغانلار
يېپىلىدۇ ھەممىلا يەرگە...

قونۇپ بىر تال يۇلغۇن شېخىغا ،
ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەۋلاد قۇشقاچ

تىنىپ ـ تىنىپ سايرىغىنىچە ،
كۆي تارىتار كەڭ داللارغا...

3

چۈش كۆرۈشكە باغرىڭنى كەڭ قىل ،
ئېھ ، بالىلىق گۈزەل چاغلىرىم!...

ئېھ ، ئېتىز شاملى ، ئېتىز شاملى!
كىرىۋالدىڭ ئەركىلەپ قوينۇمغا قاچان؟
جىم تۇر بىردەم ھۇزۇرلىنايلى ،
نېمانچە كۆكۈللۈك داللار ، قىرلار .
ئەتراپنى كۆزىتىپ خاماندا ياتساڭ...
يېگانە تولۇن ئاي ھەمراھ بولغىلى ،
يۇلتۇز باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ .
ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ ئالما دەرەخلىرى ،
تۇن قۇشلىرى ، ئاي قۇشلىرى ،
يۇمران مايسىلار ھەم نەغمىچى پاقا ،
سىرلىق چۈچەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ .
ئۇيۇنچى ئېشكىمگە ھاردۇق يېتىپتۇ ،
«ئاستىراق چاپساڭچۇ سانجىق تۇردى بەك»
دەپ راسا چۇرقىراپ چېپىپىشۋاپتۇق .
بولدى ناخشاڭنى توختىتىپ ئەمدى ،
سوزۇپ پۈتلىرىڭنى ئۇخلىغىن ، ئۇخلا...
ئۇ... ھوي ، سەنمۇ بارمۇ دوستۇم كالىۋاي ،
نېمانچە كۆشەپ جىم ياتالمايسەن؟
چەشنى بىز ئالىمىز ، سامانلارنى سەن ،
بولدى ئۇخلىغىن...
بۇرۇن مۇشۇنداق تاللىغان ئۆزۈڭ...
ھە ، بۈگۈن دادامنۇ قالدى ئۇخلالماي ،
چەش بىلەن ساڭلارنى توشقۇزۇش كېرەك .
مەن ئۇخلايمەن ، ھەي ، خىزىر بوۋا ،
سەھەر ئويغىنىپ چەش ھەم سامانىڭ ،
ئالمىشىپ قالغىنىنى كۆرۈپ دەي: توۋا...

4

تەۋرىتىدۇ بۆشۈكنى ،
سۇ ئاستىدا خان ئانا .
سايرام سۈيى چايقالسا
چىقار سۇدىن تاش بالا .

يەرگە چۈشكەن ئاسمان
ئەي ، سايرام!
كۆكۈم پەيتى ئۆتتۇق يېنىڭدىن ،
يېنىڭدىن ئۆتتۇق كارۋانلار كەبى ،
جاراڭلاتقان كولدۇرمىسىنى ،

تۆگىلەر بىلەن تەڭ قىلدۇق تەنتەنە .
يەنە بىر ئوغۇلنى قىپسەن تەۋەللۇت .
ئالتۇن بۆشۈكۈم مۇقەددەس سايرام ،
پەپىلەپ لەرزان تەلكە تېغىنى
ئىلاخۇن كۆك كۆز قوشاقلىرىنى
ئېيتىپ ،
ئۆز بالام دەپ ئۆستۈرمەكتە سەن .

ئەتراپىدا قاتمۇ قات تاغلار
ئاي قۇشلىرى سۈيەر خىرامان .
ئاي نۇرىدا يۇيۇنار دالا .
چىققان چاغدا توۋلىغان ئاۋاز ،
سەھەر پەيتى چىللىدى خوراز...
قويدى سايرام سۈيى چايقىلىپ ،
مۇزىكىسى ئۇماق چۈشلەرنىڭ .
سۈيدى يۇمران تاشلارنى كېلىپ...
«ئاياللار ھەم باللار ئۇنى ،
ئاڭلانماقتا سايرامدىن...» دېدى
يېنىمدىكى يوچۇن باللار .

يۈرۈش قىلدۇق سۇنىڭ ئاستىغا
چىقىپ كەلدى سۇدىن تاش بالا .
—كۆردۇڭلارمۇ سادىرنى؟ — دېدۇق
يىتتى بالا ، قالدى ئاۋازىلا:
سادىر سايرامدا چاپتۇرماقتا ئات ،
ئېتى ئاچلىقتىن كىشنەۋاتىدۇ .
ئايالى ئېتىزدا ئىشلەۋاتىدۇ ،
كالىسى ئېغىر كۆشەۋاتىدۇ...

قويۇق توپا توزۇتۇپ ،
چېپىپ كەلدى بىر توپ ئاتلىقلار .
— كۆردۇڭلارمۇ سادىرنى؟
شۇنداق جاۋاب بېرىشتى ئۇلار؛
— قارا ، قۇلاق سال ،
تاغ ئارقىسىدا ياڭرايدۇ ناخشا:

كىمگە ئېيتاي دەردلەرنى ،
ئاڭلارغا قۇلاق بارمۇ؟
ئېيتقىنا نازىم ئۇستاز ،
قايىنامغا تۇۋاق بارمۇ؟

بەيتۇللادىن نازىم ئاۋازى ،
دېرىزىگە ياقتۇق قۇلاقنى...

بىر قازاق چال ئۇچرىدى بىزگە
شۇنداق جاۋاب بەردى ئۇ يەنە:

ـــ بۇل كىشىنىڭ سۆزىن ئېيتاي قوي ،
تاغ ئارقىندا باي بوپ كەتتى بەك
يالغۇز ئېتى مىڭغا يەتكۈدەك .
بەش بالىسىنى تاپالباي
بەرى يەرنى كېزىپ يۈرگۈدەك...

*　*

ئاي قۇشلىرى ئۈچىدۇ ھەريان ،
ئۈستىمىزدىن ئەگىپ كېتەلمەي .
سايرام كۆلى سىر ـ ئەسناغا باي ،
ھارۋىكەشىنىڭ ئۈنى ئاڭلانسا .
قومۇشلۇقلار چالار مۇڭلۇق نەي ،
بىز شىخودىن ئۆتكەن تاڭ مەھەل ،
دۇئا قىلىپ ماڭغان ئۇخلىماي .
بۇ جايلاردا
چېدىرلاردا قىزلار سۇنۇشقان
قىمىزلارنى ئىچتۇق كولۇشۇپ
بىراق ئۆتۈپ كەتتۇق توختىماي...
ئۆتۈپ كەتتۇق توۋلاپ ناخشىلار
ياڭرات ناخشاڭنى ھارۋىكەش بوۋاي ،
كۆچسۇن ئۆيلەر ، كۆچسۇن چېدىرلار
دەل ـ دەرەخلەر كۆچسۇن ، كۆچسۇن دەريالار ،
تاغلار كۆچسۇن
كۆچسۇن ھەي ، بوۋاي ،
ياڭرات ناخشاڭنى ، ياڭرات توختىماي...

ئەجەب سالقىن ، ئەجەب يېقىملىق
ئېھ ، غۇلجىنىڭ ئېتىز شاملى .
مەن قۇش كەبى پەرۋانە بولۇپ ،
ئەتراپىڭدا يۈرىمەن ئۈچۈپ .
يوپيۇرماقتەك باغرىڭ قۇچاقلاپ ،
قۇچاقلايمەن يىراقتىن سىنى...

كەنجى باتۇر مىنىپ ئېتىغا ،
چىقىپ كەلدى تاغنى ئايلىنىپ .
كەلگىنىدە ئېتىز بېشىغا ،
شاھانە تون ، ساۋۇتنى سىلىپ ،
تاشلىۋېتىپ ياراقلىرىنى
ساپانغا قېتىپ ئېتىنى ،
باشلىۋەتتى ئېتىز ئىشىنى...

**5**

21 ـ ئەسىر
كەل بۇ يەرگە
ياڭرىتايلى «كۆچ ـ كۆچ» كۈيىنى .
مەختۇمسۇلا ئاققان دەريادا ،
چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلانسا
بىر ئادەمنى يەيمىش ھەر يىلى .
مۇنبەت ئىلى ئېتىزلىرىدا
ئۆسكەن بەرنا دەل ـ دەرەخلەرنى
بىلمەمدىكىن دەريانىڭ سۈيى؟
ھەي ، تارانچىنىڭ مۆتىۋەر قوشاقچىسى
ياڭرات ناخشاڭنى
ياڭرات توختىماي!...
ئەي...
موللىتوختىيۈزلۈك ئورتاقچى بوۋاي
كەل بۇ يەرگە!
چۇشلەر قونار گۈل ـ چېچەكلەرگە ،
تاش چېچەكلەر تاڭ سەھەرلەردە .
ئۆتكىن باياندا سېپىلنى بويلاپ
كەلگىن سادىرنى باشلاپ .
بەش ئوغۇلنىڭ بىرسى مەن ئىدىم ،
ئۈچۈپ كەتكەن ئوغلۇڭ مەن ئىدىم!
كەل ، بۇ يەرگە!
شاھانە تون ئېپ كەلدىم ساڭا
ساماندىن چەش قىپ بېرەي پەيدا...
خامانلاردىن
پاخال ئۆزگىلەردىن
ئورما ناخشىسىنى ئېيپ بەرگىن ماڭا
سېپىل ناخشىسىنى ئېيتىپ بەر ماڭا
ئىيتالمىساڭ سەن
كېرەلمەيسەن لازىر نۇر بىلەن
بىزنىڭ شەھەرگە...

مەن ، كەنجى باتۇر ، دادام ئۈچىمىز
دالىلارغا كېتىمىز
تەكلىماكانىنى بويلاپ...

ئېيت ناخشاڭنى قوشاقچى يىگىت!
يانبۇلاقتا سادىر ناخشىسى .
ئۇ شالۋۇرنى كاۋاپ ئەتمەكتە .
مېنى ئېتىم بىلەن كۆمۈڭلار ،
ئاۋازى ئۇنىڭ تورۇپ كەتمەكتە...

# يۇلتۇز ۋە تەنهالىق

**ئەنقا**

## ئات كۆندۈرگۈچى ۋە قىز

ياۋايى ئاتسەن ، ئات كۆندۈرگۈچىدۇرمەن
سىلايمەن مۇھەببەت قولىدا تىنماي
كالا بىلەن سوقۇشقۇچى كۈچتۆگگۈر پالۋانمەن گويا
كۈچ ـ قۇۋۋىتىم ئۇرغۇپ تاشىدۇ ، پاتماي .

ئۆزگە بەك ئىشەنگەن ئادەم
تالانتىنى خورىتالماي بولار ئاۋارە
خۇددى شۇنىڭدەك
چىقىرىپ تاشلىيالماي كۈچ ـ قۇۋۋىتىمنى
قەلبىم يارا ، دىلىم سەكپارە .

ئىچىم پۇشۇق
ئىسپانىيىنىڭ بۇقىسى كەبى
تاملارنى ئۇسۇپ ئۆرۈۋگۈم كېلەر
يول بويىدىكى رەت ـ رەت تېرەكنى
بۇيا ئوخشاش يۇلۇۋەتكۈم كېلەر

كۈچ ـ قۇۋۋىتىم جىسمىمنى تەشكەن
ئىتتىك شەمشەر ، شەمشەردۇر شەھۋەت
ھەممە ئادەم قاچىدۇ مەندىن
قورقۇپ شەمشەر ، ئۆلۈشتىن پەقەت
ھەممە ئادەم قاچىدۇ مەندىن
مەندىكى ئېچىرقىغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت
توپاندەك باستۇرۇپ كەلگەچكە دەھشەت...

مۇھەببىتىمنىڭ ۋەيران قىلغۇچ كۈچىگە
بەرداشلىق بېرەلمەي قالىدۇ ھەركىم
(ئۆزگىلەر قېچىشى شۇنىڭدىن بەلكىم)
ئاھ ، خۇدا نېچۈك بەردىڭ سۆيگۈنى ماڭا
ئايىماستىن سېخىيلىق بىلەن
ئالەمدىن چوڭ ، مىڭ پاتمان قىلىپ
بىراق ، سۆيگۈچىنى بەرمىدىڭ نېچۈن؟
غېرىبلىق ، ئېچىرقاش
باغرىمنى كۆيۈ ـ تۆن ئۆتىدۇ تىلىپ .

ئاستىمدا ئات يوقتۇر مىنەي دېگەنگە
قولۇمدا چۇلۋۇر يوق ، تىزگىن سىيرىشكە
يالغۇزلۇق جېنىمغا پاتتى ، مەن ئۆلەي
بىراق ، ھېچكىمىم يوق ئۆلۈپ بېرىشكە!...
ئات كۆندۈرگۈچىمەن ، يايلاق ئوغلانى
شەھەردە ئات يوقتۇر ، مەن ئەمدى نېتەي؟!
غايىبانە ئېتىم يىراقتا
قىيغىتىپ يۈرىدۇ چوقۇم خىرامان
بولدىلا ، «تالاشقان شەلىرىڭ قالدى»
ناتونۇش جايلارغا سەرسان بوپ كېتەي!

## كومپيۇتېر تۇيغۇسى

بەزەن
كومپيۇتېرىم يالىڭاچلانغان قەلبىمدۇر مېنىڭ
كۆرۈۋالمىسۇن ئۆزگىلەر دەپ
يوشۇرۇپ ، بېكىتىمەن مەخپىي شىفىرنى
ياشلىقىمدا مەخپىي خاتىرەمگە قۇلۇپ سالغاندەك

بەزەن
باردۇر بىر كومپيۇتېردا قىرىق قىز ئىشقى
ئاشىق بولارمەن ، بېرىپ ھەممىنى
بىراق ، شوراپ قۇرۇتار يىلىكلىرىمنى

بەزەن
بىلگايتېسنى ئويلايمەن
مەدەنىيەت قىيامىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
ھامان بىر كۈنى ئىنسانلار
ئۇنىمۇ ھەم ئەيسادەك
كرېستقا مىخلىشىپ ئۆلتۈرەرمۇ ، دەپ

بەزەن
چېقىپ كومپيۇتېرىمنى
كۆكۈم ـ تالقان قىلىۋەتكۈم كېلەر
ئون يىللاپ كېچە ـ كۈندۈز
زېھنىمنى ، ۋاقتىمنى ، بارىمنى ھازازۇل خوتۇندەك
ئۇنىڭ شوراپ تۈگەتكىنىنى ئويلىسام ئەگەر

بەزەن
كومپيۇتېردىن ئۆزگە سىردىشىم يوق
يالغۇز ياتىقىمدا غېرىبلىق باسقاندا
ئۇ ئايلىنىدۇ غايىبانە بىر قىزغا
سىرلىرىمنى تۆكۈپ چىقىمەن تاڭ ئاتقۇچە
گاھى قارت ئوينايمەن ، روبىرو ئولتۇرۇپ
گاھى كۈلۈپ كېتىمەن ، بەختىم ئۇچۇن ئۇ پال ئاچقاندا .

بەزەن
مېنىڭ غېرىبانە ھاياتىمدا سەن بىر قىز
تەسەللى بېرىسەن يارا قەلبىمگە
مۆڭداشسام ، يەنە مۆڭداشقۇم كېلەر
زېرىكمەيمەن سېنىڭدىن ھەرگىز.

# كېچە

### چىمەنگۈل ئاۋۇت

## ئويناپدىغان بالا بارمۇ

سۇ ئىچىدە ئۆرۈم ـ ئۆرۈم چاچ ،
گۈل بەرگىدەك يېرىلدى قات ـ قات .
بارمىقىمدا ئۇچۇم ـ ئۇچۇم نۇر ،
ئاپئاق تامغا يازىمەن پەرياد .
ئۆگزىسى يوق ئۆيدىن تولۇن ئاي ،
قارىيالماي بولماقتا چاك ـ چاك .
نەمخۇش پۇتلار سىلكىنەر يېنىك ،
يامغۇردىكى خىيالغا ئوخشاپ .
كېچىكلىكتە ياسىغان ئۆيۈم ،
كېلىپ قالدى يەنە يادىمغا .
ئۇنلىرىم ـ قۇم ، سېيىم ـ يوپۇرماق ،
ئاش ئېتەتتىم بالىلىرىمغا .
كۈلۈپ سىلىپ ئۆزۈمچە غەمكىن ،
ئېچىشەتتىم روجەكلىرىمنى .
ئاينىسۇن دەپ كېچە باغرىدا ،
چېچىشەتتىم چېچەكلىرىمنى .
ئاق تاش ، كۆك تاش ،
دەريا بويى سۈزۈك تاش .
سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش ،
ئويناپدىغان بالا بارمۇ .
بولمىسىمۇ بۇ جايدا بىر تاغ ،
ئەكس سادا ياندى ئاھ دەرھال .
ھايات دېگەن مۇشۇدۇر بەلكىم ،
ئوت ئېچىگە تاشلاندى ئايال .
ئاق تاش ، كۆك تاش .
دەريا بويى سۈزۈك تاش ،
ئويناي دېسەم دەريادا ،
يولۇم تورسا قارا تاش...

## ئۆلگۈرەلمىدىم

يارىلانغان تۈلپاردەك كىشنەيدۇ كېچە ،
باغرىڭدەك بىپايان كۆيەر تەبئەت .
رېئاللىق ۋەسلىدىن كۆكلەيدۇ مېھرىم ،
شۇ قەدەر گۈزەل ھەم شۇ قەدەر دەھشەت .
ھالاللىق ئىچىدە پارلايدۇ يۇلتۇز ،
جېنىممۇ سەن ئۈچۈن بولماقتا پايخان .
قەدرىڭنى قەدرىمگە سىڭدۈرسەم سۇدەك ،
مەڭگۈلۈك دەملەردىن يارالدى ئىمكان .
ئۈلۈغ بىر ئىستەكتەك سۈزۈكتۇر تاملار ،
چېھرىمدەك تاڭ ئاتتى ئاماندۇر ھەممە .
بىر گەپنى دېيىشكە ئۆلگۈرەلمىدىم ،
شەھرىزات ھېكايىسىنى توختاتتى يەنە .

# شېئىرلار

### غوجمۇھەممەت مۇھەممەت

## ئىككى تاش مۆڭدىشىپ ئولتۇرار سايدا

دەريالار سۈپسۈزۈك نومۇس ئىچىدە
چېچىنى تارايدۇ تاغلارغا قاراپ .

ئورمانلار كىرپىكى تۆكۈلەر كۆزدە ،
يۇلتۇزلار گاھىدا قويىدۇ قاۋاپ .

يۆتىلەر دالىدا قېرى گۈلخانلار ،
ئىككى تاش مۆڭدىشىپ ئولتۇرار سايدا .

چىغىر يول ئېزىقىپ قالىدۇ دائىم ،
بىر قىزچاق توختىماي يىغلايدۇ ئايدا .

كۆكسىگە تەگلەنگەن مىلتىقنىڭ ئۇچى ،
سايرايدۇ بىر قۇشقاچ پەرۋاسىز ، خۇشال...
بەلكىم بۇ بىر پارچە رەڭسىز رەسىمدۇر ،
يا چېچى چۇۋۇلغان سەمىمىي ئايال .

## قاشتېشى ئىزدەش

توساتتىن ئويغانغان دەريا بويىدا
ساناقسىز ئاياللار تاشتۇر يالىڭاچ .
چىڭقى چۈش شۇقەدەر قىزغىن ۋە ساختا ،
بىر يوچۇن ئامەتنى ئىزدەشتۇر ياشاش .

كۆنلەر تاش بولسىمۇ قاتتىق ۋە ئېغىر
بار كۆنلەر ئىچىدە قاشتېشى كۆنلەر .
ئۆلۈمنى كۈيلەشمۇ هاياتنى سۆيۈش ،
جۇدالىق ئىچىدە ئېچىلار گۈللەر .

كەلمەس كېلەچەك كۈتكەنچە چاقناپ ،
كېلەر ئۇ توساتتىن ، ئالدىنار يۈرەك .
گۈزەلدۇر قاشتېشى ئىزدەش دەملىرى
گۈزەل هەم بىباها قاشتېشىدىن بەك .

## تىۋىش

بۇ كوچا ، ئۇ كوچا ئوخشاش بىر كوچا
بارغىلى بولىدۇ يارنىڭ ئۆيىگە .

ئۇ ناخشا ، بۇ ناخشا ئوخشاش بىر ناخشا
ئوت قويار بەربىر كۆڭۈل ئۆيىگە .

ئادەملىك كۆلپىتى يىراق يېزىدا
بىر كونا تاغاردىن تۇرار چېچىلىپ .
قىزىل گۈل ۋارقىراپ تورۇش ئالدىدا
ئاداققى چەككىچە باقار ئېچىلىپ .

بىر پاشا ، هەتتاكى ئاشۇ بىر پاشا
ئەڭ مەشهۇر قانخوردۇر نامى تارالغان .
ئادەملەر يوشۇرۇن ماگار ئۆلۈمگە ،
بىلمەيدۇ ، ماشىنا ئۆرۈلەر قاچان؟!

## شەخسىي ئازاب

مەن قېچىپ كېتىمەن ئەينەكتەك چوڭقۇر
ئاي نۇرى ئوت قويغان خىلۋەت ئورمانغا .
چۈنكى مەن قىز بىلەن سۆيۈشۈۋېتىپ
ئايلىنىپ قالىمەن دائىم هايۋانغا .

يالىڭاچ ئېقىۋاتقان دەريا مەلىكە ،
ياكى تاغ شاهزادە ئىسقىرتىۋاتقان
يولۇمنى توسالماس ، توسالماس هامان .
ئاهۇ كۆز تۇغرۇلۇق شېئىر يازمايمەن ،
بار مۇڭلۇق كۆزلەردە كۆرۈنمەس قاپقان .

يۈرىكىمنى يىرتىۋەتتىم
گوياكى سالام خەتنى يىرتقاندەك ، يىغلاپ...
قىزىل گۈل ئەسلىدە قىزىل ئەمەسمىش ،
قومۇش پۆپۈكىدە نە قىلسۇن ئازاب!

# ئىزدىنىه

**سەرۋى**

ئىزدەپسەن مېنى تۈن ـ كېچىلەر ئارا ،
خىيالچان تولۇن ئاي هۆسنىگە بېقىپ .
تۆكۈپسەن سىرىڭنى يۇلتۇزلارغا هەم ،
ئۇنتۇلغان چۈشلەرنى ئۇنىسىز سېغىنىپ .
ئېهتىمال بۇ بەلكىم بىر غېرىب تىلەك ،
تۇرغاندۇر خىلۋەتتە بويىنىنى قىسىپ .

كەچمىشلەر ئەستىلىك ، ئۆتمۈش ـ ئەسلىمە ،
ئۇ ئاچچىق كۆز ياش ۋە هەسرەتتىن پۈتكەن .
چېهرىڭدىن لەپىلدەپ ياغقان قار بىلەن ،
سۆيگۈمىز ۋاقىتسىز ئۇششۇگەن ـ يۈتكەن .
كىملەرنىڭ قەلبىدە قالمىغان بۇ داغ ،
تەقدىردىن بىهېساب ئۈمىدلەر كۈتكەن .

ئىزدىمە خۇش پۇراق باغلاردىن مېنى ،
قىزىل گۈل بەرگىدەك رەڭگىم ئەمدى يوق .
قىسمەتلەر شاملى تۆكتى ياپراقلار ،
سارغايغان ئەقىدە قىلالمايدۇ دوق .
كۆكسۈمدە ئوت ئالماس ئىشق چاقمىقىڭ ،
ۋۇجۇدۇم شۇ تاپتا قىش كەبى سوغۇق .

# ئىزتىراپ بار تىنىقلىرىمدا

نۇرگۈل مىجىت

## ئىككىنچى تىۋىش

بىر ئاچلىق يوپۇرۇلۇپ كېلەر روھىمغا ،
ھەر كۈنى گۇگۇمغا ئوخشاپ تىۋىشسىز .
زارىقىپ ساقلايدۇ ئېغىر سۈكۈتتە ،
يۈرىكىم ئېچىرقاپ ، چاڭقاپ ئۈمىدسىز .

بەلكىم ،
كېلىشى كېرەكتۇر بىرەر پارچە خەت ،
بىلمەيمەن ئۇ زادى كېلىدۇ كىمدىن .
ماڭىلا ئاتالغان بولسا ئەگەردە ،
ئاشۇ خەت بىر ئۆمۈر چىقماس ئېسىمدىن .

قاچاندۇر بىر چاغدا ئۇنتۇلغان ئۇقۇم ،
ئۆتكەندۇر تىۋىشسىز يېنىمدىن شۇتاپ .
ئاھ! شۇنى تاپسام... تاپسام ناۋادا ،
ئاچلىق ھەم ئېچىرقاش كېتەرمۇ يوقاپ .

ئاڭلىشىم كېرەكتۇر قېنىپ ۋە قېنىپ ،
دۇنيادا بولمىغان بىر مۇزىكىنى .
ئوقۇلۇپ باقمىغان مۇڭلۇق بىر ناخشا ،
بار ئىدى ، قېنى ئۇ ، شۇ ناخشا قېنى؟

قەلبىمدە ئورنى بوش قالغان ئۈمىدتەك ،
ئاي نېچۈن چىقــمــىــەن رومكامدىن قاڭقىپ .
مۇز كەبى يۈرەكتەك سوغ رومكىلارغا ،
كەل ئۆلپەت بولايلى ئولتۇر ياندىشىپ .

ئاشۇ خەت ، مۇزىكا ، ئۇنتۇلغان ئۇقۇم ،
ئوقۇلۇپ باقمىغان مۇڭلۇق بىر ناخشا .
قېتىدا بەلكى بار ئاچلىققا مەلھەم ،
ئوخشايدۇ ئېۋەنسىز پارلاق كۆز ياشقا .

## ئىلاھىي كۈيى

ئەلمىساقتىن باردەك بىر كۈيىنى ،
ئەكېلىدۇ سۈكۈت مەن ئۈچۈن .
ئاھ! نېمىگە كېرەك كۆز يېشىم ،
مۇجۇلىدۇ يۈرىكىم نېچۈن؟

كۈي كېلىدۇ ئەجەب يىراقتىن
تەنھا ئۆزى بىر مۇڭنى يۈدۈپ .
ئۆتتى ئەسىر ياكى بىر مىنۇت ،
ۋاقىت بىردىن كەتتىمۇ يوتۇپ .

كۈي كېلىدۇ ئەجەب يىراقتىن ،
يۈرىكىمنى يىغلاتقىلى ئاھ !
ئېقىپ كىرەر قۇلاقلىرىمغا ،
سۈبھى سۈيگەن ئىللىق بىر ساباھ .

ئۆرتىسىمۇ دىللارنى پىغان ،
كۈي ئەۋجىدە تۆكۈلمىسۇن ياش .
زارلانسىمۇ ھەرقانچە يۈرەك ،
توگىمىسۇن مۇڭ باسقان چاڭقاش .

كۈي ئەۋجىدە ئوخچىسۇن قانلار ،
رىتىمىنى تىڭشاي مەن جىم ـ جىم .
توختىمىسۇن لىرىكا زىنھار ،
زەخمەك ئۇرسۇن قوللار بىتىنىم .

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا ، ئەركىن نۇر ، ئەكبەر سالىھ**



# كۆل بويىدىكى چۈش

(ھېكايە)

تۇرغۇن مىجىت



كۈن چۈشتىن قايرىلاي دەپ قالغانىدى . كۈچلۈك ئاپتاپ ئەتراپنى تونۇردەك قىزدۇراتتى . گۈلەپىزخان بېشى ئايلىنىپ ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ سەھەردە قىلغان چىغ ناشتىلىقى بىلەن تا ھازىرغىچە ئاچ قورساق ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى . ئۇنىڭ ئۇزۇن كۆڭلەك ئىچىدىكى بېجىرىم ، چىڭ بەدىنى ئاپتاپنىڭ تەسىرىدە خۇددى قاسقاندىكى ھور نانىدەك كۆپۈشۈپ تەرلەپ كەتكەنىدى . بەدىنىدىن پۇرقىراپ ئۆرلەۋاتقان ھارارەت ئۇنىڭ تىنىقلىرىغا ئۇرۇلاتتى . ئۇ قولىدىكى بىر تۇتام ئوتنى كېۋەز چۆنىكىگە تاشلىدى . ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ ئاندىن ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى يەلپۈدى . ئېتەكتىن كۆتۈرۈلگەن ئارامبەخش شامال ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە ئۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ ئاجايىپ بىر ھۇزۇر ئۇنى ئېيتقۇسىز دەرىجىدە راھەتلەندۈرۈۋەتتى . ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر بىرنى تىنىۋەتتى.

ئۇ بىرھازا ئاشۇنداق يەلپۈنگەندىن كېيىن ، بەدىنىدىكى ھارارەتنىڭ تۆۋەنلەپ ھاردۇقى چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلدى . ئەمما يۈرىكىنىڭ قېتىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەپ چىقىۋاتقان يېڭىچە بىر سەزگۈ ئۇنىڭ تۇيغۇلىرىنى غىدىقلاشقا باشلىدى.

كۆز يەتكۈسىز چەكسىزلىككە سوزۇلغان كېۋەز ئېتىزلىرى يېشىل دولقۇن ئىچىدە يېنىك تەۋرىنەتتى . گۈلەپىزخان ئاچ قورساق ، ماغدۇرسىزلىق ئىلكىدە غۇۋالاشقان كۆزلىرى بىلەن يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى . ئەمما ، كۆزلىرى بىرمۇ ئادەمنىڭ قارىسىنى ئىلغا قىلالمىدى . باشقىلار پۈلغا ئادەم سېلىپ كېۋەزلىرىنى ئاللىقاچان ئوتاپ بولغانىدى . شۇڭا بۇ مەيداندا گۈلەپىزخاندىن باشقا ئادەم قالمىغانىدى.

گۈلەپىزخان ئورنىدىن تۇرغانىدى ، بېشى قېيىپ ، كۆزلىرىگە يەنە قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندەك بولدى . يىراق ، ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ، مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىگەن پېتى قىر تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى . قىر بېشىدا ئۇ چاپىنىغا ئوراپ قويۇپ قويغان بىرنەچچە هورنان بار ئىدى. ئۇ ھورنانلارنى چاپىنى بىلەن قوشۇپ كۆتۈرۈپ ئالدى ـ دە ، ئۆزىدىن ئۈچ ـ تۆت يۈز ماڭدام نېرىدىكى كۆل بويىغا قاراپ ماڭدى.

كۆل ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى . ئەمما ئەتراپىدىكى بۈككىدە سۆگەت تاللىرى ، غۇچچىدە ئېچىلغان مامكاپ گۈللىرى ، يالپۇز يەنە ئاللىقانداق ياۋا ئوت ـ چۆپلەر بىلەن بېزەلگەن نەمخۇش ، ئارامبەخش قىرغاقلىرى قوشۇلۇپ ، تولىمۇ گۈزەل بولغان بىر تەبىئىي باغچىنى ھاسىل قىلغانىدى . كۆكۈش كۆل سۈيىدە كۆپكۆك ئاسمان ، ئاپئاق بۇلۇت ، يېشىل قىرغاق ، تال سۆگەت قاتارلىقلارنىڭ ئەكسى چىرايلىق جۇلالىنىپ ، ئادەمگە خۇددى كۆل ئاستىدا يەنە بىر گۈزەل ئالەم باردەكدەك تۇيغۇ بېرەتتى .

گۈلەپىزخان كۆل بويىغا كېلىپ ، كىچىككىرەك بىر تۈپ سۆگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇردى . كۆل يۈزىدىن ئۆرلەۋاتقان ئارامبەخش سالقىن ھاۋا ئۇنىڭ ھاردۇقىنى كۆتۈرۈپ ، كۆڭلىنى ئېچىۋەتتى . ئۇ كۆلنىڭ سۈزۈك سۈيى بىلەن ئالدىراپ قول ۋە يۈزىنى يۇيدى . ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى ھەر كۈنى كېۋەز ئوتاۋاتقاچقا ، قوللىرى ئوتنىڭ دېغىدا قارىداپ چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتكەنىدى .

ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ، بىردىنلا ئۆزىنى تولىمۇ قەدىرسىز ھېس قىلىپ قالدى . مۇرەككەپ بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ ئەمدىلا ئېچىلىشقا باشلىغان قەلبىنى يەنە داۋالغۇتىۋەتتى . ئەمما بۆرىدەك ھۇۋلاپ قىستاپ كېلىۋاتقان ئاچلىق ئازابى ئۇنى بىرنەرسە يېيىشكە ئۈندەيتتى . يەنە كېلىپ مەيىن شامالدا يېنىك دولقۇنلاپ تۇرغان كۆلنىڭ زۇمرەت سۈيى ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى توختاۋسىز غىدىقلايتتى.

ئۇ چاپىنىنى ئېچىپ ئىچىدىكى ھورنانىنى ئالدى ۋە خۇددى بىرسى تارتىۋالىدىغاندەك ھېچنېمىگە قارىماستىن ، چوڭ ــ چوڭ چىشلەپ يېيىشكە باشلىدى . ئەمما ، بەك تېز يەۋەتكەچكە بىرنەچچە چىشلەم يەپلا ھورنان مەيدىسىدە تۇرۇپ قېلىپ ، ئارقا ــ ئارقىدىن ھېق تۇتۇپ كەتتى . ئۇ سۆزۈك سۇدىن بىرنەچچە ئوچۇم ئىچىپ ئاران ئوڭشالدى ، ئاندىن يەنە يېيىشكە باشلىدى . ئۇ ئارقا ــ ئارقىدىن ھورناندىن ئۈچنى يەۋەتتى ، گۆيۈلدەتتىپ سۇ ئىچتى . ئارقىدىن بىرنەچچىنى كېكىرىپ قويدى . ئۇنىڭ قورسىقى تويغانىدى.

ئەمدى ئۇنىڭ ئىشلىگۈسى كەلمەي قالدى . تارتقان جاپالىرىنى ئويلىدى . نەچچە كۈندىن بېرى ئاغزىغا تېتىغۇدەك تاماق يەپ باقمىغانلىقىنى ئويلىدى . ئويلىغانسېرى كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئىشتىن رايى يېنىپ كەتتى . «يالغۇز ماڭىلا ئەسقاتامتى...» دەپ ئويلىدى ئاخىرى ئۇ؛ «جېنىمنى قىيناپ بۇنچە ئىشلەپ نېمە كەپتۇ ، پاختا ساتقان پۇل يەنە شۇ تازىنىڭ چۆنتىكىگە كىرىدۇ ، ماڭا شۇنچە ئىشلىگىنىمگە ئۇ يىلدىن ــ بۇ يىلغا بىرەر قۇر كىيىم ئېلىپ بەرسە بىرىدۇ ، بولمىسا يوق . قورسىقىمنىڭ ئاچ قالمىغىنىغا ، ئۇچامنىڭ يالىڭاچ قالمىغىنىغا شۈكرى دەپ ياشايدىغان گەپ . قانداق چاغدا چۈشۈپ قاپتىمكىن بۇ تازىنىڭ قولىغا ، ئۆگەي ئاپامنىڭ دەردىنى تارتقىنىم ئاز كەلگەندەك ، ئەمدى ئەرگە تېگىۋىدىم بۇ تازىنىڭ دەردى . ئاھ خۇدا ، قىز بالا دېگەن ئەجەبمۇ ئاجىز بولىدىكەن...»

گۈلەيزخان ئېرىنى ئويلاپ يەنە سەپرايى ئۆرلەشكە باشلىدى . ئۇنىڭ ئېرى زايىت ئۆزىنىڭ كۆرۈمسىزلىكىگە باقماي تولىمۇ قوپال ، كاج ، تەرسا ئادەم ئىدى . گۈلەيزخانغا تولىمۇ ناچار مۇئامىلە قىلاتتى . چۈنكى زايىتنىڭ ھەدىسى زورىخان گۈلەيزخاننىڭ ئۆگەي ئانىسى بولغاچقا ، ئىنىسى بىلەن بىرلىشىپ گۈلەيزخاننى خورلايتتى . ئۇ ھەر كۈنى ئاياغ يامايدىغان چۈلاق ماشىنىسى ۋە باشقا سەرەمجانلىرىنى كونا ۋېلىسىپىتكە ئارتىپ ، ياماقچىلىق قىلىمەن دەپ يېزا بازىرىغا كىرىپ كېتەتتى .

گۈلەيزخاننى بولسا ئېتىز ئىشىغا ھەيدەيتتى ياكى باشقىلاردەك پۇلغا ئادەم سېلىپ بەرمەيتتى . گۈلەيزخان ئەتىدىن ــ كەچكىچە ئېتىزدا ئۆزى يالغۇز ئىشلىگىنىنى ئىشلىگەنىدى . كەچتە ھېرىپ ھالى قالمىغاندا ، ئۆيىگە بېرىپ تاماق ئېتىشكىمۇ ماجالى يەتمەي قۇرۇق ناننى غاجاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتى . زايىت بولسا بازاردىن ئاشخانىدا تاماق يەپ كېلەتتى . گۈلەيزخانغا ھېچنېمە ئالغاچ كەلمەيتتى . ئۆزى توق بولغاچقا ، گۈلەيزخاننىڭ ھالى بىلەن كارى يوق ئىدى . ئەمما ئېتىز ئىشىنىڭ جەريانىنى سوراپ تۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى . گۈلەيزخانغا يېڭىدىن يېڭى ۋەزىپىلەرنى يۈكلەپ تۇراتتى.

ئويلاۋېرىپ گۈلەيزخاننىڭ ئىچى سىقىلىپ كەتتى . دەرد ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى غاجاپ جانىنى قىينايتتى . ئۇ ئاخىر ھېچنېمىنى ئويلىماسلىق قارارىغا كەلدى . پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئۆزىنى چىملىق ئۈستىگە تاشلىۋەتتى . چۈشلۈك ئۇيقۇسىدىن مەئدەپ قېلىپ تۇرۇپلا سايراپ قالغان بىر ــ ئىككى قۇشقاچنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، كۆلنىڭ ئەتراپى ئىمتاسلىقتا چۆمگەنىدى . سۆگەتنىڭ بوستان تاللىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن چوڭ ــ چوڭ ئاق بۇلۇتلار بەئەينى دېڭىزدىكى ئاق پاراخوتقا ئوخشايتتى . گۆيۈلدەپ كېلىۋاتقان يالپۇز پۇرىقى نېرۋىلارنى غىدىقلاپ ، ئۆزگىچە سەزگۈلەرنى قوزغايتتى . گۈلەيزخان ھەممىنى ئۇنتۇپ راسا بىر ئۇخلىۋالماقچى بولدى . ئەمما كۆزلىرى ھېچ ئۇيقۇغا ئىلىنىشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . بۇ ياز كۈنىنىڭ كۈن ئەڭ ئۇزۇن چاغلىرى بولغاچقا ، ھاۋامۇ بەكلا ئىسسىپ كەتكەنىدى . كۆل بويىدىكى سالقىنلىق شالاڭلاپ ، بۇ يەردىكى ھاۋامۇ تىنجىق ھاۋاغا ئالمىشىۋاتاتتى . گۈلەيزخان بەدەنلىرىنى يەنە تەر بېسىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ ئىچى پۇشۇپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى . ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ پۇتىنى كۆل سۈيىگە چىلاپ باقتى . شۇ ھامان سوغۇق ئېقىم ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە تاراپ ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم ھوزۇرلاندۇردى . ئۇ پۇتىنى سۇغا چىلىۋېلىپ خۇددى كىچىك بالىلاردەك توختىماي چولتوكلىتىشقا باشلىدى . كۆل يۈزىدە سانسىزلىغان چەمبەر ھاسىل بولدى . ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىنى سەبىيلىكىگە قايتىپ قالغاندەك ھېس قىلدى . ئۆگەي ئانىسىنىڭ ھازازۇللىقى ، ئېرىنىڭ رەھىمسىز ، قوپاللىقى ، تۈگىمەس مۇشەققەت ، غورىگۈلچىلىك ، ئىشقىلىپ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ھەممە ئىشلار بىردەم بولسىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ ، بىر ئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى.

ئۇنىڭ بىردىنلا سۇغا چۆمۈلگۈسى كېلىپ قالدى . بىراق ، چوپچوڭ بىر خوتۇن مۇشۇنداق كۈندۈزدە ئۆزى يالغۇز قىپيالىڭاچ سۇغا چۆمۈلۈپ يۈرسە سەت ئەمەسمۇ ، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق يەردە ـ ھە؟ ئەمما ئۇنىڭ باشقا ئىشنى ئويلىغۇسى كەلمىدى . ھازىر ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى . كۆڭۈلنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەپ چىقىۋاتقان بىر خىل تۇيغۇ ، بىر خىل ۋەسۋەسە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالىۋاتاتتى . كۆل ئەتراپى تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى . بۇ يەر گۈزەل ، تىنچ ، شۇنداقلا ھاۋالىق بولۇپ ، بەئەينى كىچىك جەننەتنىڭ ئۆزى ئىدى . بۇ كىچىك جەننەت ھازىر ئۇنىڭغىلا خاس ماكان ئىدى . ئەتراپ چەكسىز كەتكەن كېڭەزلىك ، تۆپىدە كۆك ئاسمان ۋە قۇياش ، كۆل بويىدا بولسا ئۇ تەنھا تولغىنىپ ياتماقتا . ھايات مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ ئۇنىڭغا ھېچكىم ، ھېچنېمە دەخلى قىلمىغان بولسا ، ھەتتا ئېرى زايىت ، ئۆگەي ئانىسى زوردىخان ، تاملىرى ئىسلاشقان ، تورۇسلىرى ساڭگىلىغان قاراڭغۇ كونا ئۆي قاتارلىقلاردىن ئۇ مەڭگۈ ـ مەڭگۈ قۇتۇلۇپ ، مۇشۇنداق يەردە جەننەت ھۇزۇرى بىلەن خاتىرجەم ياشىغان بولسا...

ئۇ ئۆزىنىڭ شېرىن خىيالىدىن ھۇزۇرلىنىپ «پىسسىڭگىدە» كۈلۈپ قويدى.

ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھارارىتى بارغانسېرى ئېشىۋاتاتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ نېرىسىغا بېرىپ ئەتراپىغا نەزەر سالغانىدى ، كۆزلىرىگە جىمىرلاپ تۇرغان بىر پارچە يېشىل دولقۇندىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى . ئۇ كۆل بويىغا قايتىپ كېلىپ بېشىدىكى نېپىز گىرىپ ياغلىقنى چىشتىپ چەگدى . ئاندىن ئۇزۇن كۆڭلىكىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ بېشىدىن چىقاردى . باغرىداقسىز ئاپئاق كۆكسى خۇددى بىر جۈپ مۇز چوققىدەك دىڭگىيىپ تۇراتتى . ئۇ ئاخىرىدا تامبىلىنىمۇ سېلىۋېتىپ ئاندىن تۇغما ھالىغا كەلدى ۋە كۆل قىرىدىكى يالپۇزغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ئاستا پەسكە سىيرىلدى . سوغۇق كۆل سۈيى شۇ ھامان ئۇنىڭ ھارارىتى ئېشىپ كېتىۋاتقان ۋۇجۇدىغا ئۇرۇلۇپ ، چەكسىز ھۇزۇر بەخش ئەتتى . سۇ ئۇنىڭ كۆكسىگىچە چىققانىدى . ئۇ ئاستا ـ ئاستا كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا باردى . سۇ سۈزۈك بولغاچقا ئۇنىڭ ئاپئاق بەدىنى سۇ ئىچىدە خۇددى قاشتېشىدەك جۇلالىنىپ كۆرۈنەتتى.

ئۇ بىرنەچچە قېتىم سۇ ئىچىگە شۇڭغىدى . كىچىك چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش پاقىچىلاپ ئۈزدى ، غۇلاچلاپ ئۈزدى . ئىشقىلىپ قانداق قىلغۇسى كەلسە شۇنداق قىلدى . ئۇ ئۆزىنى راستىنلا سەبىي چاغلىرىغا قايتىپ قالغاندەك ھېس قىلدى . ئۇ ھازىر كۆل سۈيىگە ئەمەس ، بەخت دېڭىزىغا چۆمۈلمەكتە ئىدى . ئۇ ھەممە كۆڭۈلسىزلىكنى بىراقلا ئۇنتۇغانىدى.

ئۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن سۇ ئۈزۈشكە بېرىلىپ كەتكەچكە ، قانچىلىك ۋاقىت سۇ ئۈزگەنلىكىنى قىياس قىلالمىدى ، پەقەت قىرغاقتىكى سۆگەت ئارقىسىدىن قانداقتۇر ناتونۇش بىر جۈپ كۆزنىڭ ئۆزىنى مارلاۋاتقانلىقىنى سەزگەندىلا ، قورقۇنچ ئىچىدە تۇرۇپ قالدى . ئىككى ئالىقىنى بىلەن بىر جۈپ كۆكسىنى چىڭ قاماللاپ تۇتۇۋالدى.

ئۇ شۇ تۇرقىدا بايا كىيىمىنى سېلىپ قويغان يەرگە بېرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى . چۈنكى ئۇ بىر جۈپ كۆز دەل ئۇنىڭ كىيىمى تاشلاپ قويۇلغان يەردىكى سۆگەتنىڭ ئارقىسىدا ئىدى . ئۇ كۆلنىڭ چىڭ ئوتتۇرىدا دىر ـ دىر تىترىگەن ھالدا تۇرۇپ قالدى.

سۆگەتنىڭ ئارقىسىدىكى ئادەم ئاخىر ئۆزىنى كۆرسەتتى . ئۇ قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى ، رەتلىك كىيىنگەن ، ناتونۇش بىر ئەر ئىدى . گۈلەپىزخان ئۇنىڭ بۇ يەرلىك ئەمەسلىكىنى جەزم قىلدى . ئۇ بۇ ئادەمنى ئىلگىرى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— نېرى كەتسىلە دەيمەن ، قانداق ئادەم سىلە؟

ئەمما ، ناتونۇش ئەر پەرۋا قىلمىدى . كۆلنىڭ قىرغىقىغا يېقىنلاپ كەلدى.

— سىلە ئادەممۇ ياكى ئاسماندىن چۈشۈپ سۇ ئۈزۈۋاتقان پەرىزاتمۇ؟

گۈلەپىزخان ھودۇقۇش ، قورقۇنچ ئىچىدە ناتونۇش ئەرگە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى.

— نېمە دەيدىغاندۇ ، ئادەم بولماي ئەمسە.

— مەن سىلىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكلىرىگە ئىشەنمەيۋاتىمەن ، سىلىنى مۇشۇ كۆلدە ياشايدىغان سۇ پەرىسىمىكىن دەپ قالدىم.

— ئوغرى مۈشۈكتەك تىمىسقىلاپ يۈرمەي كەتسىلە دەيمەن ، نېرى كەتسىلە.

ناتونۇش ئەر بىزەڭلىك بىلەن ھېجىيىپ تۇراتتى . ئەپتىدىن قارىغاندا ئاسانلىقچە كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— كەتمەيدىغان بولسىلا ۋارقىرايمەن ، ئادەم چاقىرىمەن ، ماڭا يامان نىيەتتە بولدى دەيمەن.

ناتونۇش ئەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— قېنى چاقىرسىلا ، باشقىلارمۇ كېلىپ سىلىنىڭ بۇ چىرايلىق تۇرقىلىرىنى كۆرۈپ باقسۇن . بىراق ئەتراپتا ھېچ ئادەم باردەك ئەمەس.

— بار ، مېنىڭ ئېرىم بار . ئۇ بايا ئاۋۇ تەرەپكە ھا-

جەتكە كەتكەن.

— مۇنداق دېسىلە، ئەمىسە ئۇ ئۆزىنىڭ ھاجىتىگە يېتىپ قېلىپ ھازىرغىچە چىقالمايۋاتقان بولسا كېرەك. خاتىرجەم بولسىلا ئۇ ھازىرچە كېلەلمەيدۇ.

كۆلنىڭ سوغۇق سۈيى گۈلەپىزخانىنىڭ ئۇگە ـ ئۇگىلىرىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇيۇقسىز ناتونۇش بىر ئەر پەيدا بولۇپ قالغاچقا، ئۇنى ئىچى ـ ئىچىدىن تىترەك بېسىپ كەتتى. بارا ـ بارا ئۇ جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى.

ئەر كۆلنىڭ لېۋىگە كېلىپ قولىنى سۇغا چىلىدى.

— كەلسىلە، قوللىرىنى تارتىۋالاي، ياكى مەنمۇ يانلىرىغا چۈشەيمۇ؟

— چۈشمىسىلە، نېرى كەتسىلە. يوللىرىغا كېتىپ قالسىلا ئاستا.

گۈلەپىزخانىنىڭ سۇدا تۇرۇۋەرگىدەك رەغدى قالمىغانىدى. ئىچ ـ ئىچىدىن مۇزلاپ، پەيلىرى تارتىشىپ قېلىۋاتاتتى. ئەمما ناتونۇش بىر ئەرنىڭ ئالدىدا قىپيالىڭاچ ھالدا سۇدىن چىقىشقا ئۇنىڭ غۇرۇرى يول قويمايتتى.

— نې... نې... نېمانداق... ئادەم... سىلە... نې... نې... نېرى... نېرى كەتسىلە... دەيمەن.

ئۇنىڭ كالپۇكلىرى كۆكىرىپ گەپمۇ قىلالماي قالغانىدى. ناتونۇش ئەر بولسا يەنىلا بىزەڭلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. گۈلەپىزخان ئاخىرى يىغلاشقا باشلىدى:

— ئۇ... ئۇنداق... قىلماي... نېرى كەتسىلە... كەتسىلە دەيمەن... مەن... مەن... خۇش بولۇپ قالاي... بۇ يەردىن... كە... كە... كەتسىلە...

ناتونۇش ئەرمۇ گۈلەپىزخانىنىڭ سوغۇق سۇدا تۇرۇۋېرىپ توڭلاپ تۈگۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان شەھۋانىي ئاچكۆزلۈك ئۇنى بۇ يەردىن كېتىشكە يول قويمايتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چاقماق تېزلىكىدە يېشىنىپ، كالتا ئىشتان بىلەن سۇغا سەكرىدى.

گۈلەپىزخان بۇنداق بولۇشنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى.

— هاي... هاي... چۈشمىسىلە... نېرى... نېرى... كەتسىلە... كەتسىلە دەيمەن...

گۈلەپىزخانىنىڭ گېپى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ناتونۇش ئەر ئۇنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ بېرىپ بولدى ـ دە، گۈلەپىزخانىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى. ئۇ ھەقىقەتەن بەك مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئۇ ناتونۇش ئەرنىڭ قۇچىقىدا جانسىز تىپىرلايتتى، ئاۋازىمۇ شۈرىلىغاندەك چىقاتتى.

— مېنى قويۇۋەت... قويۇۋەت... ئوغرى... بۇلاڭچى...

— قورقماڭ، مەن سىزنى يېمەيمەن. بەك مۇزلاپ كېتىپسىز، بۇنداق تۇرسىڭىز ئاغرىپ قالىسىز.

ئەر ھەش ـ پەش دېگۈچە گۈلەپىزخانىنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىپ بولدى. گۈلەپىزخان يەنىلا جانسىز تىپىرلايتتى.

— قويۇۋەت... قويۇۋەت مېنى... ۋوي بۇلاڭچى...

ئەمما، ئەر ئۇنى قويۇۋەتمىدى، ئەكسىچە گۈلەپىزخانغا مەھكەم چىرمىشىپ كەتكەنىدى. گۈلەپىزخان بەدەن ھارارىتىنىڭ يەنە ئېشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. تومۇر ـ تومۇرلىرىدا ئىللىق بىر دولقۇن ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى ... بىر ھازادىن كېيىن ئىش تۈگەپ ھەممە نەرسە ئۆز ئەسلىگە قايتتى. ئەر گۈلەپىزخانىنىڭ يېنىدا — چىملىق ئۈستىدە ئېغىر ـ ئېغىر نەپەس ئېلىپ، پۇشۇلداپ ياتاتتى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

ئاخىر ئەر ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيدى.

— مەن سىزنى يەنە ئىزدەيمەن، ھازىرچە مۇشۇنداقلا خوشلىشىدىغان بولدۇق.

گۈلەپىزخان ئۈندىمىدى، كۆزىنىمۇ ئاچمىدى.

بىر كەمدە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ شىلدىرلىغان، سۆگەت تاللىرىنىڭ قايرىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئەتراپ يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ئىمتاسلىققا چۆمدى. گۈلەپىزخان ناتونۇش ئەرنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى پەملىدى. ئۇ قانداق پەيدا بولغان بولسا يەنە شۇنداق جىمجىت غايىب بولغانىدى. گۈلەپىزخان ھەتتا ئۇنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەيتتى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا گويا بىر چۈشتەكلا تۇيۇلاتتى.

كۈن يانغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما تەپتى تېخى يانمىغانىدى. جاننى قىسىدىغان ئاپتاپ ئەتراپنى يەنىلا تىنىمسىز قىزدۇرۇپ تۇراتتى.

گۈلەپىزخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككىنچى قېتىم كۆلگە چۈشتى. كۆلنىڭ سۈيىدە بەدەنلىرىنى پاكىز يۇيدى. قىرغاققا چىققاندىن كېيىن كىيىملىرىنى ئالدىرىماي كىيىپ، چىملىقنىڭ ئاپتاپ چۈشىدىغان يېرىگە بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ ۋۇجۇدىدىكى ئۆچەي دەپ قالغان چوغقا ئوخشاش غۇۋا پىلدىرلاپ تۇرغان شېرىن بىر تۇيغۇ ئىلكىدە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتتى. مۇشۇ تاپتا تاتلىق بىر ئۇيقۇ ئۇنى ئۆز باغرىغا تارتماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغا-

نىدى . گۈلەپىزخان ئورنىدىن ئالدىراپ تۇردى . تەردىن يۈزلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ كۆل قىرغىقىغا بېرىپ سوغۇق كۆل سۈيى بىلەن يۈزلىرىنى يۇيدى . قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىپ ، قېپقالغان ئاخىرقى بىر ھورنان بىلەن چالا ـ بۇلا قورساق توقلىتىۋالغاندىن كېيىن ، كېۋەزلىككە قاراپ ماڭدى . كەچكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى كېۋەز مايسىلىرى ئۈستىگە چېچىلىپ ، يېشىل يوپۇرماقلار مەگزىدە سۇس جىلۋە بىلەن جىمىرلايتتى . گۈلەپىزخان ئەتىگەن يۇلغان ئوت ـ چۆپلەرنى يىغىپ چېپتىغا تىقتى . ئوتلار ئاپتاپنىڭ تەپتىدە ئاللىقاچان سولۇشۇپ ، قۇرۇشقا باشلىغانىدى . ئۇ ئوت تىقىلغان چېپتىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ ئالدىراپ ئۆيىگە قايتتى.

گۈلەپىزخان ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە قورقۇنچىسىمۇ ، خۇشاللىقىمۇ ئوخشايدىغان ئۆرەككەپ بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ قەلبىگە ئىزتىراپ سالاتتى . ئۇ قەلبىنىڭ كۆل سۈيىدەك يېنىك تەۋرىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . كۆل بويىدىكى ئىشلار يادىغا كەلسىلا ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ باساتتى ، ئارقىدىنلا شېرىن بىر لەززەت سەزگۈلىرىنى غىدىقلايتتى.

بۇ چاغدا زايىت تېخى ئۆيىگە قايتمىغانىدى . بۇگۈن گۈلەپىزخاننىڭ هاردۇقى چىقىپ ، بۆلەكچىلا يەڭگىللەپ قالغانىدى . ئۇ ياخشىراق بىر غىزالىنىش ئۈچۈن لەغمەن ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى.

ئەتراپنى گۇگۇم پەردىسى قاپلىغان چاغدا تاماق تەييار بولدى . زايىتمۇ شۇ چاغدا قايتىپ كەلدى . گۈلەپىزخان زايىتنى كۆرۈپلا ھودۇقۇپ كەتتى . ئەمما زايىت مەست بولۇپ ، گۈلەپىزخاندىكى روھىي ئۆزگىرىشلەرگە زەن سالغۇدەك ھالى يوق ئىدى . ھەتتا ۋېلىسىپىت ، ئاياغ يامايدىغان چۆلاق ماشىنا قاتارلىق نەرسىلەرمۇ كۆرۈنمەيتتى . قارىغاندا بۈگۈن ئىش قىلماي ھاراق ئىچكەندەك قىلاتتى.

زايىت ئۆيىگە كىرىپلا گۈلەپىزخانغا ئېسىلدى.

—— ھە خوتۇن... ئىشلار... قانداقراق؟... بۈگۈن ئاكاڭ قارىغاي ياشىدى... مانا مۇشۇنداق ياشىدى . مەن... مەن يەنە ياشايمەن... مۇشۇ ئۆيۈمدە سەن بىلەن ياشايمەن... كېچىچە ياشايمەن.

ئۇ ھەدەپ گۈلەپىزخاننىڭ كىيىملىرىنى تارتقۇچىلايتتى . گۈلەپىزخان بىردىنلا ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشقا باشلىدى . ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا زايىتنى ئىتتىرىۋەتتى.

—— سەن... سەن... مېنى ئىتتىرىۋاتامسەن... مەن كىم؟... مەن سېنىڭ غوجىكاڭ... سېنىڭ ئېرىڭ... ۋۇ قانجۇق...

—— سىزنى ئىتتەرمىدىم ، نەدە ئىتتىرىپتىمەن . بەك چارچاپ كەتتىم قاراڭ . قورسىقىمۇ تېخى ئاچ.

—— نېمە كارىم . مەن... مەن دېگەن سېنىڭ غوجىكاڭ . قانداق قىلغۇم كەلسە ، شۇنداق قىلىمەن...

—— راست ، سىز مېنىڭ غوجىكام . مەن ئازراق تاماق يەۋالاي ، سىزمۇ يەڭ . قاراڭ ، بۇ ئاش بەك ئوخشاپتۇ.

زايىت گۈلەپىزخاننى تۈزۈك تاماقمۇ يېگىلى قويمىدى . ئۇ بەئەينى قوتۇرىغان بۇقىغا ، غالجىرلاشقان كالىغا ئوخشايتتى . ئۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە گۈلەپىزخاننى يالىڭاچلاپ ، داق يەرگىلا بېسىۋالدى . گۈلەپىزخان ئازابلىنىپ يىغلىدى ، ئەمما ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرەلمىدى.

گۈلەپىزخان بۈگۈن زايىت بىلەن بىرگە بولغان ھاياتىنىڭ تولىمۇ مەنىسىز ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى . زايىتنىڭ ھەرىكەتلىرى ھايۋانغىلا ئوخشايتتى . قىلچە ھېسسىيات دەيدىغان نەرسە يوق ئىدى . ئادەمنىڭ ئەڭ نازۇك تۇيغۇلىرى ئويغىنىدىغان مۇشۇ مىنۇتلاردا گۈلەپىزخان ئۆزىدە قىلچە لەززەت تۇيغۇسى بولمايۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتتى . قەلبىدە زايىتقا قارىتا ئازراقمۇ يېقىنچىلىق ھېسسىياتىنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندى.

زايىت بولسا مۇشۇ تاپتا ئۆز ئىشىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە گاراڭ ئىدى . ساراڭلاردەك جۆيلەتتى ، كىملەرنىدۇر تىللاپ غۇدۇرايتتى . ئۇنىڭدا ئىنسانىي لەززەت دېگەن مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

گۈلەپىزخان ئۆزىنى غالجىر ئىتنىڭ ئالدىدا تويغا ملىنىپ ياتقان بىر پارچە خام گۆشكە ئوخشىتىپ بەكلا ئازابلاندى.

ئۇ ، بۇ كېچىنى ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

قۇياش ئۆزىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا ئوخشاش سەبىي ، بىغۇبار ھۆسنىنى جەۋلان قىلىپ ، زېمىن يۈزىدە زاھىر بولغان چاغدا ئاخشامقى ئىشلار تۈنۈگۈنكى تارىخقا ئايلىنىدۇ . ھايات يېڭى بىر مۇقەددىمىنى باشلايدۇ.

گۈلەپىزخان بۈگۈنمۇ ئىلگىرىكىدەكلا سەھەر ئورنىدىن تۇردى . يۇيۇنۇپ بەدىنىنى پاكلىغاندىن كېيىن ، ھويلا ـ ئارامنى پاكىز سۈپۈرۈپ ، يوللارغا سۇ سەپتى . چالا ـ پىشتىر بولسىمۇ بىرنەچچە ھورنان پىشۇرۇۋالدى . ئوچاق نېنى ئاپتاپتا بەك تېز قېتىۋالغاچقا ، ئۇ يۇمشاق تۇرىدىكەن دەپ ھورنانغا تۇرۇۋالغانىدى . ئۇ ئەمدىلا ئېتىزغا ماڭاي دەپ تۇرۇۋېدى ، زايىت كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى . ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىغان ، يۈزلىرىنىڭ گۆشلىرى تۆۋەنگە ساڭگىلىغان بولۇپ ، بۆلەكچىلا ئىسكەتسىزلىشىپ كەتكەنىدى.

— قوڭ ئورنى يەردىكى كېۋەزنى تېخىچە ئوتاپ بولالماي يۈرەمسەن ، لامزەللە، — دېدى زايىت ئايالىنى يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا سەت ھومىيىپ.

— ئاز قالدى.

— كۈندە شۇنداق دەيسەن ، مېنى ئالداپ كۆل بويىدا ئۇخلاپ كۈننى كەچ قىلىۋاتامسەن يا؟

— ياق ، ھەرقانچە ئىشلىسەممۇ ئۆزۈم يالغۇز بولغاندىكىن...

— ئەمىسە مەنمۇ ساقلىمىنى سۆرەپ ئېتىزغا چىقىپ ، خوتۇن خەقنىڭ قىلىدىغان ئىشىنى قىلىپ يۈرسەم بولامتى؟ گېپىنى كۆرۈڭلا ماۋۇ قانجۇقنىڭ ، بىر تېپەمەن ھېلى.

گۈلەپىزخان دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە جىم تۇرۇۋالدى.

— داشمىيىپ تۇرماي ، بولە چاپسان.

گۈلەپىزخان چالا پىشقان ھورنانى ئېلىپ ، چەكسىز ئازاب ئىچىدە ئېتىزغا قاراپ راۋان بولدى.

بۇگۈن ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى . كېۋەز يوپۇرماقلىرىدىكى شەبنەم تامچىلىرى تېخى تولۇق قۇرۇپ بولالمىغانىدى . ئۇششاق تامچىلار خۇددى كىچىك سۈزۈك مارجاندەك سەھەر قۇياشىنىڭ نۇرلىرىدا جىمىرلاپ تۇراتتى.

ئۇ ئەتراپنى بىرەر قۇر ئايلىنىپ قويۇپ كۆل بويىغا كەلدى . سۆگەتكە قونۇۋالغان قۇشقاچلار ئەتىگەنلىك ناۋاسىنى باشلىۋەتكەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ سايراشلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى . ئۇ تۇنۇگۈن ياتقان يەرگە كەلدى . ئۇلارنىڭ ئاستىدا قىلىپ چەيلەنگەن ياۋا ئوتلار تېخىچە ئۆرە بولالمىغان بولۇپ ، باشقا يەرلەردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى . تۇنۇگۈنكى ئىشلار ئالدىغا كېلىۋىدى ، خىجىللىقتىن ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى . تۇرۇپلا يەنە ھەممە جاھاندىن كەچكۈسى ، ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپ ئۆلۈۋېلىپ ، مۇشۇ كۆلگە مەڭگۈ ھەمراھ بولغۇسى كەلدى.

ئۇنىڭ يەنە ۋارقىرىغۇسى ، كىملەرنىدۇر يىنىغا چاقىرغۇسى كەلدى . يۈرەكلىرى تىنىمسىز تىپىرلاپ كۆكرەك قەپىسىگە پاتماي قالدى . «ئاھ ، مەن نېمە بولدۇم؟ ئۆلۈمۈم يېقىنلاشتىمۇ ياكى كۆكلۈمگە جىن كىرىۋالدىمۇ؟ ئەجەب غەلىتە بولۇپ قېلىۋاتىمنا؟» ئۇ ئالقانلىرى بىلەن كۆكسىنى چىڭ بېسىۋالدى ، بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە ، پۈتۈن بەدىنى قىزىپ تەرلەشكە باشلىدى . ئۇ ئاخىر بولالماي ئۆزىنى چىملىق ئۈستىگە تاشلاپ ئېغىنىشقا باشلىدى . ئىشلەش ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى . ھەر قېتىم زايىتنىڭ دەھشەتلىك چىرايى كۆز ئالدىغا كەلگىنىدە ، ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى . خۇددى ئېتىز بېشىدا زايىت ئۇنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ، ئېتىز بېشىغا بېرىشقا رايى تارتمايتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ بۈگۈن ھېچ ئىش قىلماي كۆل بويىدا كۈن كەچ قىلىپ ئۆيىگە قايتتى . گېلىدىنمۇ تۈزۈك بىرنەرسە ئۆتمىدى.

ئۇ كېچىچە چۈش كۆردى . چۈشىدە ئۇ يالىڭاچ ھالدا كۆل بويىدا تۇرغۇدەك ، ھېلىقى ئەر ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتقۇدەك . ئاجايىپ بىر تۇيغۇ ، ئاجايىپ بىر لەززەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى توختاۋسىز غىدىقلاۋاتقۇدەك . ئۇلار يەنە كۆلدە بىرگە سۇ ئۈزۈۋاتقۇدەك . ئۈزە – ئۈزە ئاخىر ئىككىسى بىر جۈپ ئاققۇغا ئايلىنىپ ، كۆككە كۆتۈرۈلۈۋاتقۇدەك...

گۈلەپىزخان شېرىن چۈشىدىن ئويغانغاندا ئۆزىنى يەنە تاملىرى ئىسلىشىپ ، تورۇسلىرى ساڭگىلاپ قالغان كونا ئۆيدە كۆرۈپ ، چەكسىز ئازاب ئىچىدە تولغاندى . زايىت بولسا ئۇنىڭ يېنىدا بۇرغىدەك خورەك تارتىپ خىرامان ئۇخلاۋاتاتتى . گۈلەپىزخاننىڭ شۇ ھامان بۇ ئۆيدىن چىقىپ كۆل بويىغا قېچىپ كەتكۈسى كەلدى . بۇ يەردە ئۆزىنى خۇددى قاراڭغۇ غارغا سولىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

يەنە يېڭى بىر تاڭ باشلاندى . گۈلەپىزخان كۈندىكىدەك زايىتنىڭ تاپا – تەنىلىرى ، تىل – ئاھانەتلىرىدىن كېيىن ھور نانلىرىنى قولتۇقىغا قىسىپ ، ئېتىز بېشىغا قاراپ ماڭدى.

كۆل بويى ئاۋۋالقىدەكلا قۇشقاچلارنىڭ نەغمە – ناۋالىرى بىلەن جانلىنىپ كەتكەنىدى . گۈلەپىزخان كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ يەنە شېرىن خىياللارغا غەرق بولغانىدى . ئەتراپتا بىرەر شەپە بولۇپ قالسىلا بىرسى كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ، ئۇنى جىددىيلەشتۈرۈۋېتەتتى . ئەمما ، چەكسىزلىككە سوزۇلغان دالىدا بىرەر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى . ئاپتاپ ئەتراپنى تونۇردەك قىزدۇراتتى . ئىسسىقنىڭ دەستىگە چىدىغىلى بولمايتتى . ئۇ بەدەن ھارارىتىنىڭ بارغانچە ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى . تولغان چىڭ بەدىنى بەئەينى قاسقانغا تىزىپ قويغان ھورناندەك كۆپۈشۈپ ، تەردىن چىلىق – چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ ئاخىر چىداپ تۇرالماي كېيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ كۆلگە سەكرىدى . كۆلگە چۈشكەنىدىن كېيىن ، بىرسى ئۆزىنى مارىلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ئەتراپىغا ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسېلىپ چىقتى . بىراق ، جىمىرلاپ تۇرغان بىر پارچە يېشىل دولقۇندىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى . ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە لاسسىدە بولۇپ قالاتتى . ۋۇجۇدىدىكى سىرلىق بىر لەز-

زەت ئۇنىڭ قەلبىگە ئىزتىراپ سالاتتى . ۋۇجۇدىدا ئۆ- چۈرگىلى بولمايدىغان بىر ئوت باردەك ، دائىم يۇقىرى هارارەت هېس قىلاتتى.

ئۇنىڭ يەنە كۆلگە چۆكۈپ ئۆلۈۋالغۇسى ، بۇ تەش- ۋىشلىك خىياللاردىن بىر يولىلا قۇتۇلغۇسى كېلەتتى . بىراق ، كۆل سۈيى ئۇ چۆكۈپ كەتكىدەك چوڭقۇر ئەمەس ئىدى . چوڭقۇر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ راستىنىلا ئۆلۈۋالغۇسى يوق ئىدى . پەقەت قەلبىدىكى ۋەسۋەسى- لەرنى بېسىش ئۈچۈنلا شۇنداق يوقىلاڭ خىياللارنى قى- لىپ قوياتتى.

كۆنلەر شۇنداق تەقەززالىق ئىچىدە كۆتۈش ، ئازاب- لىنىش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى . ئۇ هەر كۈنى ئۆيىدىن چىققان پېتى كۆل بويىغا كېلەتتى . چىملار ئۈستىدە يېتىپ تولغىناتتى ، نەچچە رەت سۇغا چۆمۈلەتتى . سۇغا چۆمۈلۈۋېرىپ خۇددى ئۆردەككە ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇ سۇغا چۆمۈلگەنسېرى ئىچىدە گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقاندەك قىزىپ چىديالماي كېتەتتى.

كېۋەز مايسىلىرىنىڭ ئوتال- مىغان تەرەپتىكىلىرىنى ئوتلار چىرماپ كەتكەنىدى . ئەمما ، بۇلار گۈلەپىزخاننىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى . ئۇ ئۆز دەردى بىلەن ئاۋارە ئىدى . بىر هەپتە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى.

كۈن چۈشتىن قايرىلغانى- دى . ئاپتاپ ئەتراپنى تونۇردەك قىزدۇراتتى . گۈلەپىزخان كۆچ- لۈك هارارەت ئىچىدە شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . ئۇ بىر- سىنىڭ ئاستا تىمىسقىلاپ ئۆ- زىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى قىلچە سەزمەيتتى . كۈچلۈك قوللار بارماق چوڭلۇقىدىكى سۆگەت تايىقى بىلەن ئۇنىڭ قىزىپ كەتكەن بەدەنلىرىگە ئۇرۇشقا باشلىغاندىلا ، ئاندىن ئۇ ئاچچىق ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي چىرقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— ۋۇي هۇرۇن قانجۇق ، ئىش قىلماي بۇ يەردە چۈش كۆرۈۋېتىپسەن ـ دە . قاراپ باقە كېۋەزلەرگە ، ئوت دېگەن چىرماپلا كېتىپتۇ.

زايىت ئۇرۇشتىن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى .

كۆك تاياق هەر قېتىم تەگكىنىدە گۈلەپىزخان ئاغرىققا چىدىماي چىرقىراپ كېتەتتى . بىردەمدە ئۇزۇن كۆڭ- لەكنىڭ ئېغىزمىنى تىتىلىپ ، قان تەپچىرەشكە باشلى- دى . مۇبادا ئات ـ ئېشەك بولسىمۇ بۇ تاياققا چىدىمىغان بولاتتى . گۈلەپىزخان ئاخىر ئۇنىڭغا ياندى:

— ۋۇي بېشىنى يەيدىغان تاز ، تۇرۇپ بەرسەم ئۇ- رۇۋېرەمسەن؟ مەنمۇ بىر ئادەمغۇ. مەن سېنىڭ قۇلۇڭ ياكى ئېشىكىڭ ئەمەس ، خالىساڭ ئۇرىدىغان ، خالىساڭ ئىش- لىتىپ خورلايدىغان .

گۈلەپىزخان جان ئاچچىقىدا خۇددى مايمۇندەك ئۇ- نىڭ يۈزلىرىنى مورلىدى ، ياقىسىغا ئېسىلدى . هەتتا كاچاتلىرىغا بىرنەچچىنى ئۇرۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈردى . ئەمما ، ئايال دېگەن بەربىر ئايال ، كۈچتۈڭگۈر بىر ئەرگە قانداقمۇ تەڭ تۇرالىسۇن . زايىت ئاخىر ئۇنى چېچىدىن قاماللاپ تۇتۇپ ئاستىغا بېسىۋالدى.



— تېخى ماڭا يېنىۋاتى- سىنا جالاپ . ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈ- ۋەتمەيدىغان بولسام.

— بولسا شۇنداق قىلە تاز ، خۇش بولۇپ قالاي . مەن ئۆلسەم سەنمۇ ئامان قالمايسەن . مەن بىر ئۆلسەم سەن مىڭ ئۆلسەن.

— زادى ئۆلتۈرۈۋېتى- مەن.

— ئۆلتۈرۈۋەت دېدىمغۇ ، تېخى خۇش بولىمەن.

ئۇلار پومداقلىشىپ يۇ- رۇپ تەڭلا كۆلگە چۈشۈپ كەتتى . كۆل سۈيى ئانچە چوڭقۇر ئەمەس ئىدى . زايىت كىچىككىدىن تارتىپ بېشىدىن نومۇس قىلىپ سۇغا چۈشەل- مەيتتى ، شۇڭا سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيتتى . سۇغا چۈشكەنى- دىن كېيىن زايىت قورقۇشقا باشلىدى . گۈلەپىزخان تې- خىچە ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ تۇراتتى . زايىت بىر چۆكۈپ ، بىر لەيلەيتتى.

— ياقامنى قويۇۋەت جالاپ ، بولمىسا ئىككىلىمىز ئۆلىمىز.

— ئۆلۈمدىن سەنمۇ قورقىدىكەنسەن ـ هە؟

— جان دېگەن هەممە ئادەمگە تاتلىق.

www.uyghurkitap.com



— شۇنداق تاتلىق جېنىڭغا مىلڭ... تاز...

زايىت كۆل قىرغىقىدىكى يالپۇزلارغا ئېسىلىپ تۇرۇپ مىلڭ بىر بالادا ئاران قىرغاققا چىقىۋالدى.

— خەپ جالاپ ، ئۆيگە بارغاندا تېخى كۆرىسەن . پۇت ـ قولۇڭنى چىقىۋەتمەيدىغان بولسام.

— سەن... سەن تازغا... جېنىمنى... تىكىپ قويدۇم.

گۈلەپىزخانمۇ مىلڭ تەستە قىرغاققا ئۆمىلەپ چىقتى ، چىقىپلا ئايلىنىپ يېتىپ قالدى . تاياق ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

گۈلەپىزخان مۇشۇ تاياق زەربىسىدە بىر ئاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى . ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ بۆلەكچىلا قىياپەتكە كىرىپ قالغانىدى . زايىتمۇ گەپنى يوغان قىلغان بىلەن ئەمدى سەل قورقۇپ قالدى . گۈلەپىزخان ئېيتقاندەك ئالمادىس ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ، زايىتمۇ ئامان قالمايتتى . گۈلەپىزخانىنىڭ ياتقان ۋاقتى ئۇزارغانسېرى ئۇنى ۋەھىمە بېسىشقا باشلىدى . گۈلەپىزخان ئۇنىڭ كۆزىگە كۆندىن ـ كۈنگە تۆگىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . زايىت ئاخىر بىر ئوغلاق تېپىپ ئۇنى تېرىگە ئالدى . شۇنىڭ بىلەن گۈلەپىزخاندا ئازراق ياخشىلىنىش بولدى.

گۈلەپىزخان ئۆيدە ياتقان بىلەن كۆڭلى يەنىلا كۆل بويىدا ئىدى . قىزتمىسى ئۆرلەپ ئېسىنى يوقاتقاندىمۇ ئۆزىنى كۆلدە ، سۇ ئىچىدە ياتىمەن دەپ بىلەتتى . قۇلىقىغا قۇشقاچلارنىڭ تىنىمسىز جاۋىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بىر پارچە يېشىل دولقۇن ئۇنىڭ باش ئۈستىدە لەيلەپ تۇراتتى . ناتونۇش ئەر ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغاندەك بىلىنىپ ، پات ـ پات چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىپ قاراپ قالاتتى . ئۆزىنى دائىم كۆل بويىدا يالغۇز تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى .

ئۇ سەل ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغاندا زايىت ئۆزىچە غۇدۇراپ قويدى:

— كۆل... كۆل... كۆللا دەيدۇ ساراڭ . كۆل بويىدا يالغۇز ئۇخلاپ جىن چاپلاشتىمۇ نېمە؟

«ئۆزۈڭ ساراڭ، — دەيتتى گۈلەپىزخان ئىچىدە ، — سەن تاز نېمىنى بىلەتتىڭ ، ئەسلى شۇ كۈنى كۆلدىن قايتىپ چىقمىسام بوپتىكەن . كۆلدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسام ، ياكى خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بېلىققا ئايلىنىپ كەتكەن بولسام قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ سەن تازدىن ، بۇ ئېسىلىق ئۆيۈڭدىنمۇ قۇتۇلاتتىم.»

گۈلەپىزخانىنىڭ كۆزلىرىگە ياش كېلەتتى ، قەلبى يىراقلارغا ئىنتىلەتتى . تاياق زەربىسىدىن جاراھەتلەنگەن ۋۇجۇدىدا سىرلىق بىر تۇيغۇنىڭ ئۇندۇرمىسى ئاستا ـ ئاستا قايتا بىخلىناتتى.

يازمۇ تېزلا ئۆتۈپ كەتتى.

گۈلەپىزخان ئېتىز بېشىغا بارغان چاغ ، ھەممە نەرسە سارغىيىپ ، سۆكۆتكە چۆمگەن دالا مۇڭ ئىچىدە يىپىلىپ ياتاتتى . كۆل قىرغىقىدىكى ئوت ـ چۆپلەرمۇ سارغىيىپ قورۇلۇشقا باشلىغان ، سارغىيىپ چۈشكەن سۆگەت يوپۇرمىقى بىلەن كۆل سۇيىنىڭ يۈزى كۆرۈنمەي قالغانىدى . ئەتراپ خۇددى گۈلەپىزخانىنىڭ تۇرقىغا ئوخشاشلا مىسكىن بىر سىياققا كىرىپ قالغانىدى . بىراق ، گۈلەپىزخان بۇ يەرگە كېلىپلا كۆڭلى ئېچىلىپ كەتتى . كۆل بويى ئۇنىڭغا يەنىلا بۇرۇنقىدەك گۈزەل تۇيۇلاتتى . قۇشقاچلار توختىماي سايرىشىۋاتقاندەك ، ئالتۇنرەڭ مامكاپلار ئۇنىڭغا كۆز قىسىشىۋاتقاندەك ، يالپۇزلارنىڭ كۈچلۈك ھىدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى غىدىقلاپ ، ئاللىقانداق سەزگۈلەرنى ئويغىتىۋاتقاندەك...

— گۈلەپىز ، ھوي گۈلەپىز!

زايىتنىڭ قوپال چاقىرغان ئاۋازى ئۇنىڭ شېرىن تۇيغۇلىرىنى ئۈزۈپ قويدى.

— يەنە شۇ كۆل بويىغا بېرىۋاپسەنغۇ ساراڭ ، جىنىڭ چاقىرىۋاتامدۇ؟

گۈلەپىزخان ئۇنىڭغا سەت ئالىيىپ قويۇپ كېچۈزلىككە ماڭدى . قەلبىدىكى ھاياجىنى تېخى بېسىلمىغانىدى.

ئۇ كېچۈز تېرىۋېتىپمۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا قاراپ قالاتتى . خۇددى ھېلىقى ناتونۇش ئەر ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ مەڭدەپ قالاتتى . كېچۈزلىكنىڭ ھەممە يېرى غوچچىدە ئېچىلغان پاختىلار بىلەن ئاپئاق تۈسكە كىرگەنىدى . ئەمما گۈلەپىزخانىنىڭ كۆزىگە يىراقتا بىر يېشىل دولقۇن جىمىرلاپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى.

ئۇ يا چۈشكە ، يا رېئاللىققا ئوخشىمايدىغان بىر زىددىيەتلىك تۇيغۇ ئىچىدە گاراڭ ھالەتتە ياشايتتى.

پاختىلار تەييار بولغاندا ئۇ زايىت بىلەن بىرگە پاختا زاۋۇتىغا باردى . پاختا ساتقىلى كەلگەنلەر بەك كۆپ ئىدى . دەرۋازىدىن زاۋۇت ھويلىسىغا كىرىش ئۈچۈنمۇ بىرنەچچە سائەت نۆۋەت ساقلاشقا توغرا كېلەتتى . كۈن ئولتۇراي دېگەندە ئاران ئۇلارغا نۆۋەت كەلدى . پاختىلار جىڭغا بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن ، گۈلەپىزخان جىڭچىغا قارىدى . قارىدىيۇ ، خۇددى توك سوققۇۋەتكەندەك پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ كەتتى . جىڭچى دەل ھېلىقى ناتونۇش ئەرنىڭ ئۆزى ئىدى . جىڭچىمۇ گۈلەپىزخانغا قارىدى ، ھودۇقۇپ كەتتى . يوقىرى بېسىملىق لامپوچكا يورۇقىدا گۈلەپىزخان جىڭچىنىڭ يۈزلىرى دەسلەپتە قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى ، ئارقىدىنلا

شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆردى . ئۆزىنىڭ بولسا قانداق ھالەتكە كىرىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىسىمۇ ، يۈزلىرىنىڭ ئوت كەتكەندەك كۆيۈشۈۋاتقانلىقىنى تۇيدى.

ھەر ئىككىلىسى ئاخىر ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالدى . پاختا جىڭلىتىدىغانلار نۆۋەت تالىشىپ بىر - بىرىنى قىستاشاتتى . زايىت جىڭلىنىپ بولغان پاختىلارنى تارتىپ چۈشۈرۈپ قول ھارۋىسىغا باستى . ئىككى خالتا ھارۋىغا پاتماي ئېشىپ قالدى.

— سەن بۇ پاختىلارغا قاراپ تۇر ، مەن ماۋۇنى تاشلىۋېتىپ كېلەي.

زايىت شۇنداق دەپلا ھارۋىنى ئىتتىرىپ كېتىپ قالدى . گۈلەپىزخان پات - پات جىگچىغا قارايتتى ، جىگچىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ - قاراپ قوياتتى . گۈلەپىزخاننىڭ قۇلىقىغا قۇشقاچلارنىڭ جاۋىلداشلىرى ، يەنە ئاللىقانداق ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك بولدى . ئۆزىنى ئاستا - ئاستا كۆل سۈيىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

ئۇلار پاختىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ بىكار بولغاندا خېلى كېچە بولۇپ قالغانىدى. كېچە بولغانغا قارىماي پاختا زاۋۇتى ئالدىدىكى قاتار ئاشخانىلار ، قاۋاقخانىلار بەكلا ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدى . پاختا زاۋۇتى ئالدىدىكى ئادەملەر بازاردەك قايناپتتى.

ئۇلار بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەپ چىقىشتى . بۇ گۈلەپىزخاننىڭ زايىت بىلەن توي قىلغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئېرى بىلەن ئاشپۇزۇلدا تاماق يېيىشى ئىدى . ئۇلار ئەمدى كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى ، قايسىبىر قاۋاقخانىدىن چىققان بىر مەست زايىتقا ئېسىلىۋالدى . بۇمۇ زايىتنىڭ بىر ئاغىنىسى ئىدى . ئۇ زايىتنى ھەدەپ قاۋاقخانىغا سۆرەيتتى.

— بولدى كېتەيلىچۇ، — دېدى گۈلەپىزخان ئۇنىڭ يېنىدىكى پۇللاردىن ئەنسىرەپ.

— ئاھاي ، نېمە دەيدۇ ماۋۇ خوتۇن ، ئەر كىشىنىڭ ئىشىغىمۇ شۇنداق ئارىلىشامدىغان.

مەست ئەر گۈلەپىزخاننى سىلكىۋەتتى.

— بىراق...

— بولدى ، كاپىشماي مەشەدە ئولتۇرۇپ تۇر.

زايىت گۈلەپىزخانغا ۋارقىراپ قويۇپ قاۋاقخانىغا كىرىپ كەتتى.

گۈلەپىزخان ئۆزىنى بەكلا يالغۇز ھېس قىلدى . كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆزىگە ياش كەلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىدىن ، تۇرمۇشىنىڭ مەنىسىزلىكىدىن ئاھ ئۇردى . ئەتراپتا كىشىلەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى بېسىلمايتتى . ئۇ ئۆزىدىن باشقا ھەممە ئادەمنىڭ خۇشال ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى . ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن خۇشال بولالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەيتتى . تۇرۇپلا ئۇنىڭ خىيالىغا جىگچى كېلىپ قالدى . «ئۇ مۇشۇ يەردە ئىشلەيدىكەن - دە، — مەن تېخى ئۇنى بۇ دۇنيادا يوق ئادەم ئوخشايدۇ دەپتىكەنمەن ، مەن سىزنى ئىزدەيمەن دېگىنى تېخى ، قىپقىزىل ئالدامچى».

كۆل بويىدىكى ئىشلار يادىغا يېتىشى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى يەنە قىزىشقا باشلىدى . كۆڭلىنىڭ ئاللىقانداق يەرلىرىدىكى نازۇك تۇيغۇلار ئاستا - ئاستا باش كۆتۈردى.

قاۋاقخانىدىن زايىتنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەۋاتقىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئۇ سىرتتا ئايالىنىڭ مۇڭغا پېتىپ يالغۇز ئولتۇرغانلىقىنى پۈتۈنلەي يادىدىن چىقىرىۋەتكەنىدى . ئۇنىڭدا بىر ئەرگە خاس مەسئۇلىيەت دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

گۈلەپىزخاننى مۈگدەك بېسىشقا باشلىدى . زاۋۇت ئالدىدىكى ئادەملەرمۇ شالاڭلاپ قالغانىدى . بەزى ئاشخانا ، قاۋاقخانىلارمۇ چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ يېتىشقانىدى . پەقەت بىرنەچچە قاۋاقخانىنىڭ خوجايىنىلا پاختىكارلارنىڭ پۇللىرىنى كۆپرەك سوغۇرۇۋېلىش قەستىدە بىدار ئولتۇراتتى.

گۈلەپىزخان بىرسىنىڭ ئۆزىنى تارتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى . ئۇ زايىتنى چىققان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدى . ئەمما يېنىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان جىگچىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى.

— سىزگە قاراپ تۇرغىنىمغا خېلى بولدى.

گۈلەپىزخان گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى ، بىراق كانىيىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك گەپ قىلالمىدى.

— سىزنى بۇرۇنلا ئىزدىمەكچى ئىدىم ، بىراق...

گۈلەپىزخان ئۈندىمىدى.

— يۈرۈڭ ، بۇ يەردىن كېتەيلى.

— ياق ، مەن...

ئەمما ، گۈلەپىزخان ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى . جىگچى ئۇنى يېتىلەپ ماڭدى . پاختا قاچىلىغان خالتىلار شۇ يەردىلا قالدى.

ئۇ جىگچىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتماقتا ، جىگچى ئۇنىڭغا بىرنەرسىلەرنى دەپ شىۋىرلايدۇ ، ئەمما ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيدۇ . ئۇ كېتىۋاتىدۇ ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ . پەقەت رېئاللىقتىن قۇتۇلۇشنىلا ئويلايدۇ . ئىسلاشقان قاراڭغۇ ئۆي ، ئالۋاستى چىراي زايىت قاتارلىقلار ئۇنىڭدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشماقتا . ئۇ ناتونۇش ئەرنىڭ ئارقىسىدىن ئۈن - تىنسىز ئاقماقتا.

بۇ بىر جۇپ گەۋدە ئاخىر تۈن قوينىغا سىڭىپ كەتتى.

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**

www.uyghurkitap.com



# پارىژدىكى ئۇيغۇر قىزنىڭ بايانى

(ئەدەبىي خاتىرە)

**مۇقەددەس مىجىت**

*تەھرىردىن: مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇقەددەس مىجىت 1982 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان . ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ تۇنجى قارارلىق باللىت كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن . تۆت يىللىق ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن ، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىر تۇتاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ، پېئانىنو كەسپى بويىچە تولۇق كۇرسقا قوبۇل قىلىنغان . ئوقۇش ھاياتىدا ئۇ قوشۇمچە ياپون ، ئىنگلىز تىللىرىنى ئۆگەنگەن . ئۇدا بەش يىل مەكتەپ بويىچە «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» ، ئاپتونوم رايون بويىچە 2002 ـ يىلى «مۇنەۋۋەر ستۇدېنت» بولغان . ئۇ 2001 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «توياما لوگقىسنى تالىشش» پېئانىنو مۇسابىقىسىنىڭ ياشلار گۇرۇپپىسىدا 2 ـ لىككە ئېرىشكەن . 2002 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەكتەپنىڭ تەشكىللىشى بىلەن يالغۇز كىشىلىك پېئانىنو كېچىلىكى ئۆتكۈزگەن.*

*2003 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پارىژ «1901 ـ يىل» سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇشقا چاقىرىش قەغىزى بىلەن فرانسىيىگە چىققان . بىر يىللىق فرانسۇز تىلى ، پېئانىنو كەسپى ئۆگىنىش تەييارلىقىدىن كېيىن ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ، فرانسىيە دۆلەتلىك «پارىژ 10 ـ ئۇنىۋېرسىتېتى» ئىنسانشۇناسلىق كەسپى تولۇق كۇرسىنىڭ 3 ـ يىللىقىدىن باشلاپ ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان.*

*مۇقەددەس مىجىت بىر تەرەپتىن ، پېئانىنو كەسپى بويىچە ئورۇنداش ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئىنسانشۇناسلىق كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانت ، دوكتور ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.*

*ئۇ فرانسىيىدىكى ئوقۇش ھاياتىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ، ئۆزى ئۇچراشقان رېئاللىق ۋە ئۇنىڭدىن يارالغان يېڭىچە ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئاساسىدا مەزكۇر ئەسەرنى يېزىپ چىققان.*

2003 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قەدىمىم فرانسىيە تۇپرىقىغا بېسىلدى . شۇنىڭدىن باشلاپ بىر مەزگىل كۆڭلىرىم ھاياجان ۋە تېگىرقاش ئىچىدە ئۆتتى ، ئەمما يېڭى ئەلدىكى باشقىچە رېئاللىق مېنى تېزلا باشقىچە ياشاش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا قىستىدى . ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بىردىنلا ئەينى چاغدا يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام!» يوللىغانلىقىنى قايتىدىن ھەقىقىي چۈشەنگەندەك بولدۇم ۋە ئىختىيارسىز قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

**بۆۋىمەريەم چېركاۋى**

پارىژ ـــ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى . ئۇ قەدىمىيلىكى ، گۈزەللىكى ، ئاۋاتلىقى ، تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ موللۇقى بىلەن دۇنياغا داڭلىق . بۇ يەردە بۇنىڭدىن 300 يىل ئاۋۋال بەرپا قىلىنغان تار تاش كوچىلار ، گىرەلىشىپ كەتكەن يېڭى مودا بىنالار ، رىم ئۇسلۇبىدىكى قەدىمكى چېركاۋلار ، خان ـ كىنەزلەردىن قالغان ئوردا ـ سارايلار ، ئوپېرا ـ تىياتىرخانىلار ، مەشھۇر رەسسام ـ ھەيكەلتىراشلارنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرى بىلەن لىق تولغان چوڭ ـ كىچىك مۇزېيلار ، گۈل ـ چېچەكلىك كوچىلار ، پارىژنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ ئېقىۋاتقان سەلتەنەتلىك سەن (سېنا) دەرياسى ، پارىژنىڭ سىمۋولى ئېفىل مۇنارى ، زەپەر دەرۋازىسى ، نۇرغۇن قېتىملىق جەڭلەردىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتكەن مەشھۇر بۇ-

ۋىمەريەم چىركاۋى بار . بۇ چىركاۋنى ھەر بىر كۆرگەن ئىنسان ئۇنىڭ ئاجايىپ بەرگەنلىرى قۇلاق تۇۋىدە جاراڭلاپ ، بىر قەدىمىي چىركاۋ بىلەن قوشۇلۇپ فرانسۇزلارنىڭ مۇقەددەس روھى كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ . ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە فرانسىيە چېگرىسىغا گىتلېرنىڭ تۇنجى توپ ئوقلىرى چۈشكەندە ، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىنىڭ پارىژغا كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن شەھەر ئاھالىسى خۇددى بىرەر قوماندان بۇيرۇق چۈشۈرگەندەكلا ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ ، ئۇدۇل بۇۋىمەريەم چىركاۋىغا قاراپ مېڭىشقان . ئۇ يەردىكى قىممەتلىك مەدەنىي مىراس ۋە بۇيۇملارنى ئاۋايلاپ ئەدىياللارغا ئوراپ ، ماشىنا ، ھارۋىلىرىغا سېلىپ ، ئاتلىرىغا ئارتىشقان ، ھېچنەرسە قالمىغاندا ، ئەڭ ئاخىرقى بىر تال مىخنى بولسىمۇ قومۇرۇۋېلىپ يانچۇقلىرىغا تىقىشقان... ئۇلار بۇ بۇيۇملارنى ئەڭ ئاۋۋال ئەڭ بىخەتەر جايغا يوشۇرۇپ خاتىرجەم بولۇشقاندىن كېيىنلا بوۋا ـ مومىسى ، ئاتا ـ ئانىسى ، بالىلىرى ۋە مال ـ مۈلكىنى بىخەتەر جايلارغا يۆتكەشكەن... ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ھېچكىم ھېچنەرسىگە خىيانەت قىلماي ، ھەممە نەرسىنى ئۆز پېتى ئەسلىدىكى ئورنىغا جايلاشتۇرغان . ھەتتا ھېلىقى ئاخىرقى بىر تال مىخنىمۇ ئۆز جايىغا قېقىپ قويۇشقان . بۇۋىمەريەم چىركاۋى ئەسلى تۇسكە كىرگەندىن كېيىنلا ئاندىن كىشىلەر خاتىرجەم بولۇشۇپ ، شەخسىي ئىگىلىكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كىرىشكەن...

شۇنىڭدىن بۇيانقى 60 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئۇ بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلىنىپ ، تېخىمۇ جەلپكار تۈس ئالغان (ھازىر سىرتقى قىسمى رېمونت قىلىنىۋېتىپتۇ) . پارىژلىقلارنىڭ ئەنئەنە ۋە مەدەنىي مىراسلىرىغا بولغان مۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئويلىغىنىمدا قەلبىم چەكسىز لەرزىگە كېلىدۇ . پارىژدىكى ھەربىر ئاسار ئەتىقىنىڭ مۇكەممەل ساقلىنىشىدىكى نەچچە ئەۋلاد پارىژ پۇقراسىنىڭ ئۇلۇغ ئەجرىدىن سۆيۈنمەي تۇرالمايمەن .

## فرانسىيىلىكلەر نەزىرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە

«بىر كىلوسى بىر ياۋرو!» دەپ ۋارقىرىشىپ كۆكتاتلىرىغا خېرىدار چاقىرىشىۋاتقان ئەرەبلەر بازىرى ، چاتاقچى قارا تەنلىكلەر رايونى ، تېنىدىن بەتبۇي پۇراق چىقىپ تۇرىدىغان هاراقكەشلەر ، جاھانكەزدىلەر... بۇ كوچىلاردا يەنە ھەرخىل ئىرق ۋە دىنىدىكىلەرنى ، مېھرىبان ـ دوستانە كىشىلەرنى ، ھاكاۋۇر مۇز چىرايلارنى ، قولىقىنى ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان كىشىنى كۆرگىلى بولغۇدەك چوڭ قىلىپ تېشىۋالغان غەلىتە ياسانچۇقلارنى

ئۇچرىتىمەن . بۇنداق چاغلاردا ماڭا نىسبەتەن ھەم سىرلىق ، ھەم ئاجايىپلىقتا تولغان بۇ شەھەردە كاللام سوئال ۋە سېلىشتۇرمىلار ، شۇنداقلا ھاياجانلار بىلەن تولىدۇ . پارىژغا كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردىلا بۇ يەردىكى نۇرغۇن يېڭىلىقلار مېنى ئىختىيارسىز ئۆز قوينىغا باشلىدى . ئاشۇ يېڭىلىقلار ئىچىدە فرانسۇزلارنىڭ «كۇتۇپخانا مەدەنىيىتى» ، شۇنداقلا «كىتاب مەدەنىيىتى» مېنىڭ روھىمغا ئاجايىپ يېڭىلىنىشلارنى ئېلىپ كەلدى.

پارىژدىكى جورج.پومپىدو بىناسىدا ئەڭ داڭلىق مۇزېي ھەم ئۈچ قەۋەتلىك كۇتۇپخانا بار . ئۇ كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى ، ئەسلىھەلىرىنىڭ تولۇقلۇقى بىلەنلا ئەمەس ، ھەقسىزلىقى بىلەنمۇ داڭلىق . بۇ كۇتۇپخانىدا 350 مىڭ پارچە كىتاب ، 2500 خىلدىن ئارتۇق ژۇرناللار توپلىمى ، 6000 خىل خەرىتە ، 10 مىڭ 700 دانە ماتېرىيال دىسكىسى ، 1200 خىل تىل ئۆگىنىش ماتېرىيالى ۋە خەلقئاراغا تورلاشتۇرۇلغان 700 كومپيۇتېر بار.

پارىژدا ئوتتۇرا ـ كىچىك كۆلەمدىكى كۇتۇپخانىلاردىن قانچىسى بارلىقىغا ئېنىق بىر نېمە دېيەلمىسەممۇ ، ئەمما ھەربىر رايونغا ئالتىدىن كۇتۇپخانا توغرا كېلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمەن . ئۇنداقتا «مۇشۇنچىۋالا كۆپ كۇتۇپخانىغا كىرىدىغان ئادەم بارمىدۇ؟»

پارىژنىڭ كۇتۇپخانىلىرى ئادەتتىكى كۈنلەردە چۈش سائەت 12 دە ئېچىلىدۇ . ئېچىلىشتىن بۇرۇن ئۇچرەتتە تۇرغانلار بەزىدە 100 چە كىشىگە يېتىدۇ . سەپ ئىچىدە كىچىكلەر ، ياشلار ، ئوتتۇرا ياشلىقلارنى ، چوڭلار ، ھەتتا ئاران ماڭىدىغان بوۋاي ـ مومايلارنىمۇ ئۇچرىتالايسىز . ئۇلار ئۆزىگە نۆۋەت تەگكۈچە بۇ يەردە بىرەر ـ ئىككى سائەت ساقلاشقا رازى . كۇتۇپخانىغا كىرگەن دەسلەپكى كۈنلىرىمنىڭ بىرى ئىدى . تەستە بىر ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇپ ، ماتېرىياللىرىمنى ئالدىمغا يايدىم . ئەمما ھايال ئۆتمەي ماتېرىياللىرىمنىڭ كەملىكىنى بايقىدىم . ئورنۇمدىن تۇرۇپ تىزىملىك بويىچە كىتاب ـ ماتېرىياللارنى داۋاملىق ئىزدەشكە مەجبۇر بولدۇم . ئىزدىشىم تەكرارلىق ئىچىدە داۋاملىشىۋاتاتتى . بىر چاغدا ئورۇق بىر بوۋاي ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئالدىمغا كەلدى ـ دە:

ـــ ساڭا قەغەز كېرەكمۇ؟ لۇغەتچۇ؟ قانداق لۇغەت كېرەك؟ بەلكىم خاتىرە قالدۇرۇشقا قەغەز كېرەكتۇ ، مانا بۇلارنى ئالغىن ، مەن ساڭا لۇغەت تېپىپ كېلەي،ـــ دېگىنىچە يېنىمدىن ئايرىلدى . مەن ھەقىقەتەن خاتىرە دەپتىرىمنى تاپالماي تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتىم . بۇ مېھرىبان بوۋاينىڭ خېلىدىن بېرى مېنى كۆزىتىپ تۇرغىنىنى ھېس قىلغىنىمدا خۇددى ئۆز بوۋامنى قۇچاقلىغاندەك ئۇنى بوينىدىن قۇچاقلىغۇم كەلدى.

كۇتۇپخانىلار شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى كۈندۈزى

11دىن كەچ 10 غىچە ئېچىلىدۇ ھەمدە تېخىمۇ قاينام ـ تاشقىنلىقتا چۆمىدۇ.

دەم ئېلىش كۈنلىرى كۇتۇپخانىغا چۈشتىن كېيىن كېلىپ قالغىنىڭىزدا ئۇزاقراق سەۋر ـ تاقەت قىلمىسىڭىز كىرەلمەيسىز . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئۇزاق ئۆچرەتتە تۇرۇپ ، كۇتۇپخانىغا ئاخىر كىردىم . سومكامدا قەغەز ـ قەلەم ، لۇغەت بىلەن بىر تال بولكا بار ئىدى . پىلانىمچە بولكىنى قورۇق يەپ قورساقنى ئالداپ تۇرسام ، بۈگۈن كۆرۈپ تۈگەتمەكچى بولغان ماتېرىياللارنى تۈگەتسەم ، تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلىۋالسام... بولاتتى.

كۇتۇپخانىغا كىرىپ ئورۇن تېپىشنىمۇ خېلى كۈتتۈم . بىر چاغدا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، كومپيۇتېرنى ئېچىپ ، لۇغەتنى قولۇمغا ئالدىم . شۇ ئولتۇرغانچە بىر چاغدا قورسىقىم پىژىلداپ ئاچقاندىلا بىر قولۇمنى سومكامغا ئۇزاتتىم ، قورۇق بولكىنى تەستە ئاز ـ ئازدىن يۇتۇشقا باشلىدىم.

ـــ سىزگە ياردىمىم كېرەكمۇ؟

بۇدۇر چاچلىق ، كۆزلىرى چوڭ ـ چوڭ ، پەمىچە 20 ياشلارغا بارمىغان بىر بالا ماڭا قاراپ تۇراتتى.



ـــ رەھمەت سىزگە ، ئۆزۈم تىرىشىپ كۆرەي.

مەن رەھمىتىمنى بىلدۈرۈپلا ، يەنە ئۆز ئىشىمغا كىرىشتىم.

ـــ قورۇق بولكا يېيىش تەس، ـــ دېدى ئۇ يەنە.

ھەقىقەتەن سىرتقا چىقىپ قەھوە ياكى ئۇسسۇلۇق ئېلىپ كىرەي دېسەم ، ۋاقتىمنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ چىڭ ئولتۇرۇۋالغانىدىم.

ـــ سىز فرانسىيىلىكمۇ؟ ـــ سورىدىم مەن.

ـــ ياق ، مەن ئالجىرىيىلىك.

ـــ پارىژدا ئوقۇمسىز؟

ـــ ياق ، ئىشلەيمەن ، ئادەتتە دەم ئالغان چاغلىرىمدا بۇ يەرگە كېلىپ تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقان ياشلارغا خالىس خىزمەت قىلىشنى ئۆزۈم تاللىغان.

مەن ئۇنىڭ ياردىمىگە نائىل بولدۇم . ئۇ خۇددى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلاردەك ماڭا بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ فرانسۇزچە يېزىلىشى ، ئوقۇلۇشى ۋە تەلەپپۇز قىلىنىشىنى تولىمۇ ئەستايىدىل ، ئەتراپلىق ئۆگەتتى.

بۇ يەردىكى كۇتۇپخانىلاردا ئەنە شۇنداق قەلبى مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان خالىس مۇلازىملارنى ھەر كۈنى ئۇچرىتالايسىز.

كىتاب ـــ فرانسىيىلىكلەر تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن . ئۇلارنىڭ «يىلىغا 100 كىتاب ئوقۇمىغان كىشى فرانسىيىلىك ئەمەس» دەيدىغان شوئارى ، ئۆلچىمى بار . شۇڭا ، ئۇلاردا ئۇلۇغ يازغۇچىلىرىغا لايىق ئۇلۇغ ئوقۇرمەنلەر بارلىققا كەلگەن . ھەر قېتىم كۇتۇپخانىلاردا ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىۋاتقان بوۋاي ـ مومايلارنى ئۇچراتقىنىمدا ، سۆيۈنۈش ئىلكىدە ئۇلار بىلەن ئۇنىسىز مۇڭدىشىمەن.

مەن فرانسىيىلىكلەرنىڭ شۇ دەرىجىدە كىتابخۇمارلىقىنى ، فرانسۇز مىللىتىنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقىدا بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدىم.

ھەقىقەتەن كىتاب ئوقۇش ، كىتاب يېزىش ۋە ئىجاد قىلىش ئارقىلىق فرانسىيىنىڭ بۈگۈنى بارلىققا كەلگەن ، دەپ جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ . بىزدە كىتاب ـ ژۇرناللارنى يەنىلا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر كۆپرەك ئوقۇيدۇ . پارىژدىچۇ؟ كىتاب ئوقۇش ـــ خۇددى ھەر كۈنى ھەممە ئادەم نان يېگەنگە ئوخشاشلا ئومۇملاشقان . ئاپتوبۇستا ، مېترودا ، پويىزدا ، بانكىدا ، ھەتتا تېز تاماقخانا ، قەھۋەخانىلاردىمۇ كىتاب ، گېزىت ـ ژۇرنال كۆرۈش ئومۇمىيەتكە ئايلانغان . فرانسىيىدە كىتابخانىلارغا قۇلاي بولسۇن ئۈچۈن تومлۇق كىتابلار باب ياكى قىسىملار بويىچە كىچىك ، يېنىك ، ئەپلىك ئىشلىنىپ ، نەشر قىلىنغان . شۇڭا ، مۇنداق ئەپلىك كىتابلار پارىژلىقلارنىڭ ئەگىشىدىغان يەرگە ئايلانغان.

بالىلار بۇيۇملىرى ماگىزىنلىرىنى ئارىلاش داۋامىدا ، فرانسىيىلىكلەرنىڭ كىتابقا بولغان ھېرىسمەنلىكىنىڭ دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم . خىلمۇخىل جانلىقلار ، گۈل ـ گىياھلار ، ئاسمان جىسىملىرى تونۇشتۇرۇلىدىغان ھەرخىل كىتابلار ، بىر ياشلىق بالىلارنىڭمۇ ھەمراھلىرى ئىكەن . بۇلارنى كۆرۈپ «يىلىغا 100 كىتاب ئوقۇش» بوۋاقلارنىڭمۇ شوئارى

قىلىنغانمۇ نېمە ، دەپ ئويلاپ قالدىم . ئەسلىدە بوۋاق چېغىدىن باشلاپلا سىڭدۈرۈلگەن كىتاب ھەۋىسى فرانسىيىلىكلەرنى كىتابخۇمارلارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىكەن.

فرانسىيىلىكلەر بىرەر ـ ئىككى كۈن كىتاب ئوقۇيالماي قالسا ئۆزلىرىنى دۆتلىشىپ قالغاندەك سېزىپ بىئاراملىق ھېس قىلىشىدىكەن . نەشرىياتچىلىقتىكى قېلىپلار بۇزۇلۇپ ، ئوقۇرمەنىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىش قاتارلىق نۇرغۇن ئىمكانلار ھەرقانداق فرانسىيىلىكنى بىر مىنۇت بوش ۋاقتى چىقسىلا يانچۇقىدىن ، سومكىسىدىن بىر تال كىتابنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئوقۇشقا ئالدىرايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن.

ئەينى يىللاردا «كىتاب ئويۇنچۇق»لارغا ھەمراھ بولۇپ ، چوڭ بولغان بۇدرۇق قىز بوۋاقلار بۈگۈنكى كۈندە مودا كىيىملەرنى كىيىشىپ ، ئېسىل سومكىلارنى كۆتۈرۈشكەن گۈزەل خېنىملار قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇلار خالىغان چاغ ۋە جايدا سومكىلىرىدىن گىرىم بۇيۇملىرى قۇتىسى بىلەن يانمۇيان تۇرىدىغان كىتابنى چىقىرىپ ھۇزۇرلىنىپ ئوقۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن . ئۇلار شۇ تۈرقى بىلەن تېخىمۇ مۇكەممەل ، تېخىمۇ چىرايلىق قىز ـ ئەلۋەتتە!

يېڭى بىر كىتاب فرانسىيىلىكلەر نەزىرىدە بىر قىزىق نۇقتا . ھەرقانداق سورۇندا يېڭى كىتاب ھەققىدە بەس ـ مۇنازىرە بولىدۇ . بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچالمىغان كىشى خۇددى گۇناھكاردەك بويۇن قىسىپ قالىدۇ ، خالاس.

2003 ـ يىللىق مىلاد بايرىمى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى كىتابخانىلارنىڭ سودىسى بەكلا قىزىپ كەتتى . چۈنكى ، مىلاد بايرىمىدا ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە يېقىنلىرىغا كىتاب سوۋغا قىلىش فرانسىيىلىكلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان . بۇ ھالەت ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر تۇغۇلغان كۈن سورۇنىدا «تۇغۇلغان كۈن» ئۆتكۈزۈۋاتقان دوستۇمغا ئىككى دانە كىتاب تەقدىم قىلغانلىقىم ئۈچۈن سورۇندىكىلەرنىڭ: «ئاسان ئىشنى تېپىپسەن ، ئىككى كىتاب بىلەنلا قۇتۇلدۇڭ! » دەپ ماڭا تاپا ـ تەنە قىلىشقانلىقىنى يادىمغا سالدى . ئەمدى ئويلىدىمكى ، كىتاب راستىنلا ئەڭ ئېسىل سوۋغات ئىكەن . ئۈرۈمچىگە بارسام ئاشۇ دوستلىرىمغا يەنە كىتاب سوۋغا قىلىمەن ، تاكى ئۇلار كىتابنىڭ ھەممىدىن ئېسىل سوۋغا ئىكەنلىكىنى چۈشەنگۈچە!

بۇنداق قەتئىي قارارغا كېلىشىمگە تۈرتكە بولغىنى يەنىلا فرانسىيىلىك ساۋاقداشلىرىم بولدى . فرانسۇز تىلى ساۋاتىم چىققاندىن باشلاپ مەن ئۇلارنىڭ:

— نەچچە كۈندىن بۇيان دەرس ئوقۇپ بەك چارچىدىم ، نېرۋىلىرىممۇ جىددىيلىشىپ كەتتى . بۇ ھەپتە دەم ئېلىش كۈنىدە ياخشى كىتابتىن بىرنى ئوقۇپ ، كاللامنى ئارام ئالدۇراي دەيمەن ، دېيىشۋاتقانلىقىنى پات ـ پات ئاڭلايدىغان بولدۇم . ئويۇنغا قارىغاندا كىتاب كۆرۈشكە كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىش ، كىتابتىن ئازادىلىككە ، ئارامغا ئېرىشىش — ھەقىقەتەن فرانسىيىلىكلەرنىڭ ئۆزگىچە ، كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان دانا يولى ئىكەن.

فرانسىيىگە كېلىپ يېرىم يىلدىن كېيىن ئىش ئىزدەشكە باشلىدىم . ئۆزۈمنىڭ ئىنگلىز ، فرانسۇز ، خەنزۇ تىللىرىنى بىلىدىغان ئالاھىدىلىكىم ، ئۈرۈمچىدە ئائىلە پىئانىنو ئوقۇتقۇچىسى بولغان ، ئىلاندا ، كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىدا رولغا چىققان خىزمەت تەجرىبەمنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ ، خېلى كۆپ شىركەتلەرنىڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئانكېتلىرىنى توشقۇزۇپ ئەۋەتتىم . ئۇزاق ئۆتمەي شەنبە ـ يەكشەنبىلىك گەزمال كۆرگەزمىسىدە تونۇشتۇرغۇچىغا ئېھتىياجلىق بىر شىركەتتىن «يۈزتۇرا ئىمتىھانغا قاتنىشىڭ!» دېگەن ئۇقتۇرۇش كەلدى . خۇشال بولدۇم ، چىرايلىق كىيىنىپ ، چاچلىرىمنى قويۇۋېتىپ ، ئۆزۈمگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا ئىمتىھان مەيدانىغا كىردىم.

ئالدىمغا 10 بەتلىك ئىمتىھان سوئالىنى قويۇشتى . ئاخىرقى بىرنەچچە بېتى داڭلىق كىتابلارنىڭ يازغۇچىسى ، مەزمۇنى دېگەندەك سوئاللار بىلەن تولغانىكەن . ئۇنىڭدىن باشقا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئوقۇغان كىتابىڭىز قايسى؟ ئاپتورى كىم؟ دېگەن سوئالمۇ بار ئىكەن . مەن «كىچىك نىكولا» ، «يېگانە ئادەم» ئاپتورى ئالبېرت كامۇس دەپ يازدىم (ئالدىنقىسى باللار ھېكايىلىرى توپلىمى بولۇپ ، فرانسۇز تىلى ئۆگىنىشىمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە چۈشىنىشىمگە ئاسانراق دەپ ئۆزۈم تاللاپ ئوقۇغانىدىم) . ئۇلار 20 ياشلىق بىر قىزنىڭ بۇ جاۋابىدىن قىلچە ھەيرانلىق ھېس قىلىشمىدى . مەن بولسام ئۇلارنىڭ مېنى چۈشەنگەنلىكىدىن بەك رازى بولدۇم . ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار مەندىن:

— سىز كىتاب ئوقۇغاندا ۋەقەلىككە بەكرەك قىزىقامسىز ياكى كىتابنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىغىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن قوبۇل قىلىندىم ، ئەمما گەزمال كۆرگەزمىسىدە ھەپتىسىگە ئاران ئالتە سائەت تونۇشتۇرغۇچى بولىدىغان قىزدىن سورالغان خىلمۇخىل سوئاللار ئىچىدە كىتاب ھەققىدە سورالغانلىرىدىن تولىمۇ ھەيران بولدۇم . قېنى ، ۋەتەنداش تەڭتۇشلىرىم ، بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈڭلار.

## ئۇنتۇلماس بىر سائەتلىك دەرس

پارىژلىقلارنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇشى بىر ئىستاكان قەھۋە ، بىر بولكا (ياكى بىر كېسىم تورت) ۋە بىر پارچە گېزىتتىن باشلىنىدۇ.

دۇنياغا داڭلىق تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى يېشىل بوستانلىقلارنىڭ بىرى بولغان ئۇرۇمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر قىزى مۇقەددەس مىجىتنىڭچۇ؟

ئۇنىڭ سەھىرىمۇ بىر بولكا ، بىر ئىستاكان سۈت ، Metro گېزىتىدىن باشلىنىدىغان بولدى (ناننى شۇنچىلىك سېغىندىمكى ، بەزىدە بولكىنى پىرقىرىتىپ سېنا دەرياسىغا ئېتىۋەتكۈم كېلىدۇ . شۇنداق چاغلاردا ئاغزىمنى زورلاپ ئېچىپ ، بولكىنى تۈزلۈق كۆز ياشلىرىم بىلەن قوشۇپ يۇتىمەن).

فرانسىيە ھۆكۈمىتى ھاۋادىكى بۇلغىنىشنى پەسەيتىش ، مۇھىتنى ئاسراش ئۈچۈن كىشىلەرنى ئامال بار ئاممىۋى قاتناش ۋاستىلىرىگە ئولتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ . كىشىلەرمۇ ئاڭلىق رىئايە قىلىپ ، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن باشقا چاغلاردا شەخسىي ئاپتوموبىللىرىنى ھەيدىمەسلىككە تىرىشىدۇ.

بۇ يەردە ئەتىگەنلىكى ھەممىدىن بەك ئالدىراش بولىدىغىنى بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىكىگە ئوخشاشلا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ، ئوقۇغۇچىلار . ئۇلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ ، مېترو (يەر ئاستى پويىزى)غا يۈگۈرىشىدۇ . ئەمما ، پارىژدا ئۇلاردىنمۇ بۇرۇن مېتروغا يۈگۈرىدىغان ئىككى خىل گېزىت بار . گېزىتلەر ئادەملەر يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن شەھەرنىڭ ھەرقايسى مېترو بېكەتلىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا ھەقسىز تەقلەپ قويۇلىدۇ . ئادەملەر يېتىپ كېلىشى بىلەنلا تارقىتىلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ئادەتتە ھەربىر كوچىغا بىردىن ، مۇساپىسى ئۇزۇنراق كوچىلارغا ئۈچ ـ تۆتتىن گېزىت بوتكىلىرى قويۇلغان بولۇپ ، ئۇلارمۇ سەھەردىلا ئاھالىلەرنى ياۋروپا دۆلەتلىرى ، ئامېرىكا ، ئافرىقا ، ئاسىيا دۆلەتلىرىدە چىقىدىغان 100 خىلچە گېزىت ـ ژۇرنال بىلەن تەمىنلەيدۇ . كىشىلەر ئۆزلىرى قىزىقىدىغان دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، ھەربىي ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۇچۇرلىرى ۋە سودا ئېلانلىرىنى ھەر كۈنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا كۆرەلەيدۇ . شۇڭا ، فرانسىيىلىكلەرنىڭ ئەتىگەنلىك سۆھبەت تېمىسىمۇ شۇ كۈنلۈك ھاۋارايىدىن باشلىنىپ دۇنياغا تۇتىشىپ كېتىدۇ . ئۇلارنىڭ ئاخبارات خەۋەرلىرىگە بولغان مۇنداق قىزىقىشىدىن ئۆزىڭىزنىڭ مەخپىيەتلىكىڭىزنىمۇ بىلىۋالغاندەك ، ئەتراپىڭىزدىكى سىز بايقىمىغان يېڭىلىق ۋە ئىشلارنى سىزدىن بۇرۇن ئۇلار ئاڭلىغان ھەم بايقىۋالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىسىز . فرانسىيىدە ھەركىمنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان گېزىتى ۋە سەھىپىسى بار . داڭلىق شەخسلەرنىڭ قايسى ژۇرنال ۋە گېزىتنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەرلەرمۇ قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان.

شۇنداق قىلىپ مەنمۇ ھەر كۈنى گېزىتتىن بىرنى ئېلىپ مېتروغا يۈگۈرىمەن ، مەكتەپكە بارغۇچە ئوقۇپ ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالىمەن.

گېزىت ئېلىپ مېتروغا يۈگۈرۈش ماڭا شۇنداق ئاسان نېسىپ بولدىمۇ؟ /

پارىژغا كەلگەن دەسلەپكى بىرنەچچە ئاينى ئۆتكۈزۈشنىڭ قانچىلىك قىيىنغا چۈشكەنلىكىنى يېزىپ ئىپادىلەپ بولالمايمەن ، يازمايمۇ ئۆتەلمەيمەن...

ۋەتەنىدىكى چېغىمدا «خەنزۇچىغا پىششىقمەن ، ئىنگلىز تىلى سەۋىيەممۇ يامان ئەمەس» دەپ ئويلاپ ، ياپون تىلىغا ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئۆگىنىپ يۈرگەنىدىم . شۇڭا ، بىر ئېغىز فرانسۇز تىلىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپمۇ ، «دۇنياۋى تىل سانالغان ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىغان تۇرسام» دېگەن نوچىلىق بىلەن پارىژغا كېلىۋەرگەنىدىم . ئايروپىلان فرانسىيە تەۋەسىگە كىرگەندىن باشلاپلا ئۆزۈم بارماقچى بولغان جاي توغرىسىدا سورۇشتە قىلىشقا باشلىدىم ھەمدە سوئالىمنى ئىنگلىز تىلىدا بىرنەچچەيلەندىن سورىدىم . بەزىلىرى باشقا رايونغا بارىدىغانلىقىنى ، بەزىلىرى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئەپۇ سوراشتى . يەنە بەزىلىرى گېپىمنى بىلمىگەندەك مۈرىلىرىنى قىسىشتى . بىردىنلا جىددىيلىشىشكە باشلىدىم . يەنە ئاللىكىملەردىن سورىماقچى بولدۇميۇ ، قايتا جۈرئەت قىلالمىدىم . شۇ ئەسنادا 80 ياشتىن ھالقىغان بىر بوۋاي يېنىمغا كەلدى ھەمدە ئىنگلىز تىلىدا:

—— قىزىم ، يەنە بىر ئېيتىڭا ، قايسى رايونغا بارىسىز؟ ـ دەپ سورىدى.

شۇئان كۆز ئالدىمدا ئۇ بوۋاينىڭ يېرىم يېشىغا دېگۈدەك توغرا كېلىدىغان ئاتامنىڭ سىماسى پەيدا بولدى . ئەدەپ بىلەن سوئالىمنى تەكرارلىدىم.

—— قىزىم ، خاتىرجەم بولۇڭ ، ئايروپورتنىڭ ئاپتوبۇسى شەھەرگە ئېلىپ ماڭىدۇ . ئۇنىڭدا سىز بارىدىغان رايونغا بارىدىغانلار ، ھەمكارلىشىدىغانلار ھامان چىقىدۇ، —— دېدى ئۇ . مەن شۇ چاغدا «ئاۋۇ بىر نەچچەيلەننىڭ ئىنگلىز تىلىنى بىلمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ ئەجەب چۈشىنىپ تۇرۇپ جاۋاب بەرمىدا؟! » دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئايروپىلان قونغاندىن كېيىن ، ھېلىقى بوۋاي يەنە ئالايتەن يېنىمغا كېلىپ ، مېنىڭ ئايروپورت ئاپتوبۇسىغا چىقىشىمنى ، شوپۇرغا بارىدىغان جايىمنى ئېيتىشىمنى تاپىلىدى . ئۇ قايتا ـ قايتا ماڭا «ئېزىپ ئىچۇرۇپ» قويۇپ ،

ئاندىن كېيىن ئۆز يولىغا راۋان بولدى . مەنمۇ ئىشلارنى ئۇ دېگەندەك ئورۇنداپ ، ئاخىر مەنزىلىمگە يېتىۋالدىم.

كېيىن مەن ماڭا قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى ئەۋەتكەن «1901 ـ يىل» سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاپقۇچە ، مېتروغا ئايلىق بېلەت ئالغۇچە ، ئىجارە ئۆي تاپقۇچە ماڭا قىزغىنلىق بىلەن ھېلىقى بوۋايدەك ياردەم قىلغۇچىلارنىمۇ ، ئىنگلىزچىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ جاۋاب بېرىشنى ئانچە خالىمايدىغان فرانسىيىلىكلەرنىمۇ كۆپ ئۇچراتتىم . ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ دۆلەت تىلى فرانسۇز تىلى بولسىمۇ ، ئىككىنچى مۇھىم تىلى سۈپىتىدە ئىنگلىز تىلىنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆگىنىدىغانلىقىنى بىلەتتىم . ئۇلار نېمىشقا ئىنگلىز تىلىنى بىلمەس بولۇۋالىدىغاندۇ؟!

كېيىنچە بىلدىمكى ، فرانسۇزلار ئانا تىلىنى قەدىرلەش ئېڭىنىڭ يۇقىرىلىقى تۈپەيلى «فرانسۇز تىلى خۇدانىڭ تىلى» دەپ پەخىرلىنىدىكەن . شۇڭا ، ئۇلار «سەن فرانسىيە زېمىنىغا قەدەم باستىڭمۇ ، ئۇنداقتا فرانسۇز تىلىدا سۆزلىشىڭ كېرەك ، قانچە تېز ئۆگىنەلىسەڭ ۋە قانچە كۆپ بىلسەڭ شۇنچە قارشى ئېلىنىسەن!» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشنى ئىنگلىز تىلىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئاسانلىقچە ئىشلەتمەي ئىپادىلەيدىكەن.

ئاخىر ماڭىمۇ جۇڭگو ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تىل مەكتىپىمدىكى ساۋاقداشلىرىمغا بولسىمۇ تونۇشتۇرۇش پۇرسىتى يېتىپ كەلدى . ئۇ دەل فرانسۇزچىنى خېلى چوڭقۇرلاپ ئوقۇيالايدىغان ـ ئۇقتۇرالايدىغان چاغلىرىمغا توغرا كەلدى.

— ھەر بىرىڭلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن . ئەتىدىن باشلاپ ۋەتەن ، مىللەت بىلىملىرى بويىچە ئۆزئارا تونۇشۇش دەرسىمىزنىڭ مەزمۇنى بولىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئوقۇغۇچىغا 15 مىنۇت ۋاقىت بېرىلىدۇ . تەييارلىق قىلىڭلار! ـ دېدى مۇئەللىم.

گەرچە نۆۋىتىم ئىككىنچى كۈندىكى دەرستە بولسىمۇ ، خۇشاللىقىمدىن شۇ كۈنى كېچىچە پىلان تۈزۈپ چىقتىم.

ئەتىسى ئاددىي كىيىنىپ ، بوينۇمغا توزدەك رەڭدار ئەتلەس شارپامنى سالدىم . ئەينەككە قايتا ـ قايتا قاراپ ، ياسىنىشىمدىن رازىلىق ھېس قىلغاندىن كېيىن ، دەرھال تەييارلىغان ماتېرىياللىرىمنى ئېلىپ مېتروغا يۈگۈردۈم.

سىنىپقا كىرىپ بېغىررەڭ ئەتلەستىن كېچىچە ئۆزۈم ياسىغان چوڭ پۇرەكنى دوسكىنىڭ ئوڭ بۇرجىكىگە تاقىدىم ، ئەتلەسنىڭ قالغان قىسمىنى دوسكىنىڭ ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ سول تەرەپكە ساڭگىلىتىپ ئاستىم (تۇرسۇنجانغا كۆپ رەھمەت! بېغىررەڭ ، ئاق يىپەك ئارلاشتۇرۇلۇپ توقۇلغان بۇ تۆت مېتىرچە خوتەن ئەتلىسىنى —

ئائىلىمىزنىڭ دوستى ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى تۇرسۇنجان پارىژغا ماڭغىنىمدا يوللۇق تۇتقانىدى) . ساۋاقداشلىرىم ئەتلەسنى تۇتۇپ كۆرۈشكىمۇ پېتىنالماي ھەيرانلىقتا قاراپلا قېلىشتى.

مەن بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلمىدىم . «چەببيات» مۇقامىنىڭ CD پلاستىنكىسىنى ياڭرىتىپ قويۇۋېتىپ ، مۇقام ساداسى ئىچىدە سۆزۈمنى باشلىدىم:

— سالام ساۋاقداشلار! مەن ئۇيغۇر قىزى بولىمەن . جۇڭگونىڭ غەربىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن كەلدىم... مانا بۇنى «ئەتلەس» دەيمىز . ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز پىلە بېقىپ ، يىپەك چىقىرىپ ، دەستىگاھتا رەخت قىلىپ توقۇشنى ، ئېسىل كىيىملەرنى تىكىپ كىيىشنى بىلگەن . ئاڭلاۋاتقىنىڭلار «چەببيات» مۇقامى ، دۇنياغا داڭلىق «12 مۇقام»ىمىزنىڭ بىرى...

مەن ئاۋۋال ئانا تىلىمدا سۆزلىدىم . ئاندىن فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلدىم . ساۋاقداشلىرىم شىنجاڭ ، مۇقام ، ئەتلەس ، شۇنداقلا مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىنىۋاتقان خىلمۇ خىل چالغۇلار ھەققىدە مېنى سوئاللارغا كۆمۈۋەتتى . قارىسام ، مۇئەللىممۇ سائىتىگە قاراشنى ئۇنتۇغاندەك قىلاتتى . ئۇ ئاخىر قارارىنى بۇزۇپ ماڭىلا 45 مىنۇت ۋاقىت بەردى.



شۇ چاغدا بۇ ئەلۋەتتە تۇنجى قېتىملىقى ، لېكىن ئاخىرقى قېتىملىقى ئەمەس! دېگەنلەر كۆڭلۈمدىن كەچتى.

## داۋېدنىڭ سوئالى

پارىژغا كەلگەندىن كېيىن ، مېنى ئەڭ بىئارام قىلغان ئىشلارنىڭ بىرى — ئۆگەنگەنلىرىمنىڭ شۇنچە ئازلىقى ،

www.uyghurkitap.com



بۇ يەردىكى دېمەتلىكلىرىمدىن ئارقىدا قالغانلىقىم بولدى . بۇلاردا ئانا تىلىدىن باشقا ئۈچ ـ تۆت تىلنى بىلىش ئادەتتىكى ئىش ئىكەن . ئەگەر بىز ئانا تىلىمىزدىن باشقا بىرەر تىلنى ، ھەتتا دۇنيا تىلىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان ئىنگلىز تىلىنىمۇ ئۆگەنمىسەك ، يەنە ئىمتىھاندا مانچە نومۇر ئالدىم ، مەكتەپتە «ئىلغار سىنىپ كادىرى» بولدۇم ، ئارخىپىم چىرايلىق سۆزلەرگە تولغان ، دەپ كېرىلگىنىمىز بىلەنمۇ بىكار (مەنمۇ باشلانغۇچتا مەملىكەت بويىچە «تىرىشچانلىق» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ، سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇزىكا فاكۇلتېتىدا ئۇدا «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» ، ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى» بولۇپ باھالانغان) . ئەگەر بۇ يەردىكى 20 ياشلىقلارنىڭ بىرنەچچە تىلنىڭ ئۆتكىلىدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ بولغانلىقىنى ، يەنە نېمىلەرنى ئۆگىنىشنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى ، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ كەسپىي بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلاپ كەتكەنلىكىنى بىلسىڭىز ، ئەمەلىيەتتە ئىمكانىيىتىڭىز ، شارائىتىڭىزدا ئوخشاشلىقلار كۆپ بولمىسىمۇ ، ئوتتەك ياشلىق باھارىڭىزنىڭ ، ئەقىل ـ ھوشىڭىزنىڭ ئويمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىغىنىڭىزدىلا ، 20 يىلىڭىزنى ئۇلارنىڭ 20 يىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چوقۇم ئەپسۇسلىنىسىز.

تىل مەكتىپىگە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ، بۇ يەرگە فرانسۇز تىلى ئۆگەنگىلى كەلگەن داۋىد ئىسىملىك گېرمانىيىلىك بىلەن سۆزلىشىپ قالدىم . پاراڭ كۆپرەك مېنىڭ ۋەتىنىم ۋە يۇرتۇم ، ئۇ يەردىكى ياشلارنىڭ ئۆگىنىشى ، تۇرمۇشى توغرىسىدا بولدى ، ئەمما ئۇنىڭ بەزى سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇردۇم . ئەلۋەتتە ياخشى سوئاللار ئىدى . مەنمۇ جاۋاب بېرىشتە تىلدىن قىينالمايتتىم (بىز ئىنگلىزچە سۆزلەشتۇق) . ئۇنداقتا نېمىشقا جاۋابسىز قالدى؟ داۋىد بۇ يىل 25 ياشتا ئىكەن . فىزىكا پەنلىرى بويىچە ئاسپىرانتلىقنى تۈگىتىپتۇ . ئافرىقىدا ئىككى يىل ئىشلىگەن خىزمەت تەجرىبىسى ، ئىككى خىل كەسىپتىن دىپلومى بار بولۇپ ، ھازىر ئۇ گېرمانىيىدىكى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپتە ياردەمچى ئوقۇتقۇچى ئىكەن . تۆت خىل تىلدا راۋان سۆزلىيەلەيدىكەن . ئۇنىڭ پارىژدىكى كۈندىلىك پىلانى ـــ چۈشتىن ئاۋۋال تۆت سائەت فرانسۇزچە ئۆگىنىش ، چۈشتىن كېيىن بەزى كۈنى ئالتە ، بەزىدە يەتتە سائەت ئىشلەش ، كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىر سائەت ئۇزۇنغا يۈگۈرۈپ چېنىقىش ، ئاندىن كېيىن دەرس تەييارلاش ، بەزىدە دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئىكەن.

ئۇنىڭ شەنبە ، يەكشەنبىلىك ۋاقتىمۇ زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ ، فرانسىيىدىكى ئالتە ئايلىق ئۆگىنىش ، ئىشلەش مەزگىلىدە ئۆزى ئىشلەۋاتقان خىزمەتتىن مەلۇم نەتىجە يارىتىش ئىشەنچىسىمۇ بار ئىدى . ئۇنىڭ پىلانلىرى شۇنچە ئەتراپلىق ، ھەر قانداق مۇھىم شەخس ياكى تاسادىپىي ئىش ئۇنىڭ پىلانىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ . ئۇ فرانسۇزچىدىن ئۈچ ئاي ئىچىدە بىر دەرىجە ئاتلاپ ئىمتىھان بېرىش پىلانىنى تۈزدى ھەم ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ، دېگىنىنى قىلدى.

ئۇ ماڭا: «فرانسۇز تىلىدىن كېيىن ئىسپانچىنى ئۆگىنىمەن . دۇنيادا ئىسپان تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر خېلى كۆپ» دېدى.

سىنىپىمىزدا دائىم يېڭى ئوقۇغۇچىلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ ، بەزىلىرى 10 كۈندىلا يوقايدۇ . نېمە ئۈچۈن؟ ئەسلىدە ئالدىراش ئىشلەپ ، ئالدىراش ئوقۇپ ، ئېرىشكەن قىسقا مۇددەتلىك دەم ئېلىش پۇرسىتىنى ساياھەتكە ئاجرىتىدۇ . ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئاشۇ 10 ـ 15 كۈنلۈك ساياھەت مەزگىلىدە يەنە بىر تىلدىن ئاز بولسىمۇ ساۋات چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ساياھەتنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا كۆنۈپ كەتكەن.

## مەن ۋە باشقىلار

مەن ئۆيدە ئەتىۋارلىق «مەلىكە» ، مەكتەپتە ئەتىۋارلىق ئوقۇغۇچى ئىدىم . ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولغىنىم بىلەن باشقا بارلىق ئىشىمنى قىلىشتا ئاپام ، دادام ، شۇنداقلا ئوقۇتقۇچىمغا تاينىتتىم . ئۆزۈمگە دائىر چوڭ ـ كىچىك ئىشلارغا قارار چىقىرىش توغرا كەلگەندىمۇ كەمدىن ـ كەم ئارىلاشتىم . قىينىچىلىق ، بىرەر ئىشنى بېجىرەلمەسلىك ، پىلاندا مەغلۇپ بولۇش... دېگەندەكلەر يوق ئىشلار ئىدى . قاچان ئۆيدىن ئايرىلدىم ، ھەممە ئىش ئۆزۈمگە قالدى . نېمە يېيىش ، قەيەرگە بېرىش ، مەكتەپلەرگە كىرىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ، بانكىدىكى پۇلنى كېيىنكى ئايغىچە يەتكۈزۈش ، قانداق كىشىلەر بىلەن دوست بولۇش ، قانداقلاردىن نېرى تۇرۇش ، ئىجارە ھەققى مۇۋاپىق ئۆي تېپىش...

مۇستەقىل قارار چىقىرىشقا كۆندۈرۈلمىگەن ئۇيغۇر بالىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قوينىدىن ، يۇرتىدىن ئايرىلغاندا دۇچ كېلىدىغان تېڭىرقىشى ئادەتتىكىچە تېڭىرقاشمۇ ئەمەس . ماڭا ئوخشاش ئەتىۋارلىق چوڭ بولغان بىر قىز ساۋاقدىشىم بار ئىدى . ئۇ ماڭا: «تەيۋەندىكى چېغىمدا توسالغۇ ، يامان ئادەم دېگەنلەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم» دەپ قاقشىدى . ئويلاپ باقسام ، مەنمۇ ئوخشاش ئىكەنمەن . ئېفىل مۇنارىنىڭ يېنىدىن كىچىك بىر ئېغىز ئۆي تاپقىنىمدا (ئايلىق ئىجارىسى 450 ياۋرو) «ماكانىم بار بولدى ، ئۇھ!» دېدىم . بىراق مۈشكۈلاتلار تېخى

ئالدىمدا ئىكەن.

— بۇ تىل مەكتىپى ئەرزان ، بىراق ئوقۇتۇش سەۋىيىسى تۆۋەنرەك!

— بۇ قىممەت ، لېكىن ياخشى.

— چەك بېرەلمەيمىز (چەك فرانسىيىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ ھەم نۇرغۇن قائىدە ـ پرىنسىپلارغا چېتىلىدۇ).

«چەك ئالالمىسام قانداق قىلارمەن؟ مەكتەپكە كىرگۇ كىردىم ، ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇش ئىجازەتنامىسىنى نەدىن ئالىدىغاندۇ؟ ئۇنى قانداق قىلارمەن ، مانى قانداق قىلارمەن ، ئۇھ ، مۇنۇ ئىشىمنى پۈتمىدى ، كىمنى ئىزدەرمەن ، كىم ياردەم قىلار»

— ئاپا ، قانداق قىلىمەن؟...

ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ تالاي قېتىم ئاپامغا مۇراجىئەت قىلدىم . ئويلاپ باقسام ، بىزدە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش ، قارار چىقىرىش ، يىغىپ ئېيتقاندا ، مۇستەقىل ياشاش خاراكتېرى ناھايىتى ئاجىز ئىكەن.



«ياۋروپالىقلار 18 ياشقا كىرگەندە باللىرىنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىدىكەن ياكى باللىرى ئۆزلىرى چىقىپ كېتىدىكەن» دەپ ئاڭلىغانىدىم . بىلدىمكى ، ئۇ دېگەنلىك ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئاخىرلىششى دېگەنلىك ئەمەس ئىكەن . ئەمما ، باللار 18 دىن ئېشىپمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پەرۋىشىگە ، قولىغا قاراپ ئولتۇرۇشنى توغرا كۆرمىگەنلىكتىن ، ئۆگىنىشتىن كېيىنكى ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئويۇنغا بېرىۋەتمەي ، ئەمگەك قىلىپ چېنىقىش ، پۇل تېپىپ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى ئۆزى تېپىش ئۈچۈن ئۆيدىن ئايرىلىدىكەن . يەنە مۇھىم بىر تەرىپى شۇكى ، ياۋروپا دۆلەتلىرىدە بەزىدە ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلىك دىپلومىغا قارىغاندا «خىزمەت تەجرىبىسى» ئىش تېپىشنىڭ بىرىنچى شەرتى بولالايدىكەن . بۇ خىزمەت دىپلومى ئەلۋەتتە ياشلار ئۈچۈن باغچىدا ، تېز تاماقخانىدا ، ماگىزىندا ، قورۇلۇشتا... ئومۇمەن قانداقلا ئىشنى ئىشلىگەن بولسا ئىسپات بولالايدىكەن . ئۇلار «خىزمەت تەجرىبىسى» دېگەن كاتەكچىنى توشقۇزغاندا ، بىرمۇنچە ئىش تۈرىنى تىزىپ چىقالايدىكەن ـ دە ، ئاسانلا ئىشقا كىرەلەيدىكەن.

ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىش ئالدىدىكى بىر ئىش ئېسىمدىن چىقمايدۇ . پىئانىنو چېلىشتا ئاساسى بار ، ئىنگلىز تىلىغىمۇ ياخشى بىر دوستۇمغا ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتقان بىر ئامېرىكىلىقنىڭ ئۈچ بالىسىنى ئوقۇغۇچىلىققا تونۇشتۇردۇم . بۇ باللار ئەسلىدە مېنىڭدىن ئۇزۇندىن بۇيان پىئانىنو چېلىش دەرسى ئېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىم ئىدى . دوستۇم ھەربىرىدىن ئېيىغا 100 يۈەن كىرىم قىلالايتتى . ئەمما ، دوستۇمنىڭ دادىسى «ۋاقتىڭ كېتىدۇ ، پۇلنى مەن بېرىۋاتىمەنغۇ!» دەپ ئۇنى بۇ ئىشتىن توستى . فرانسىيىدىكى ياشلار دادىلىرىنىڭ پۇلى يوقلۇقىدىن ئەمەس ، 18 ـ 20 ياشقا كىرگۈچە خاس خاراكتېر ، مۇستەقىل ياشاشقا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئۆزگىچە ياشاش ئارمان يولىنى شەكىللەندۈرۈپ بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارغا ، ھەتتا ئۆز ئاتا ـ ئانىسىغا تايىنىشتىن قۇتۇلالماسلىقنى نومۇس بىلىدىكەن . بىزنىڭ خاراكتېرىمىزدىن بولسا باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىگە ، يېتەكچىلىكىگە تايىنىش خاھىشى بىردە ئەمەس ، بىردە ئېپادىلىنىپ تۇرىدىكەن . رېئاللىقنىڭ بۇ سېلىشتۇرمىسى مېنىڭمۇ شۇنداقلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

2003 ـ يىلى 10 ـ ئاي مەزگىلى ، بۇ فرانسىيىنى خېلى چۈشىنىپ ، تىلىم كارغا كېلىپ بولغان چاغلىرىم ئىدى . مەن ئاۋىستىرالىيىگە ساياھەتكە بارماقچى بولۇۋاتاتتىم . ئالدى بىلەن بېلەت باھاسىنى سورۇشتۇرۇپ كۆرمەكچى بولۇپ ، فرانسۇز قىز ساۋاقدىشىمدىن بۇ ئىشىمغا ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندۈم . مەن ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتىم . ئۆزئارا ياردەملىشىپ ئۆگىنەتتۇق . شۇڭا ، خۇددى ئۈرۈمچىدىكى يېقىنلىرىمغا تايانغاندەك ئۇنىڭغا تايانماقچى بولغانلىقىمنى سەزمەيلا قاپتىمەن . ئۇ:

— بولىدۇ ، لېكىن ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ سورۇشتۇرۇپ كۆرگىن ، ھازىرقى فرانسۇزچە سەۋىيەڭ بىلەن ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرىگە بارساڭمۇ ، تورغا چىقىپ ئىزدىسەڭمۇ بولىدۇ . بۇنى چوقۇم ئۆزۈڭ قىلالايسەن ، سىناپ باققىن ، بولامدۇ؟ — دەپ ئىنكاس قايتۇردى.

مانا باشقىلارغا تايىنىپ ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇش خا-

راكتېرىم مېنى تازىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قويدى . ھەقىقەتەن بۇنى ئۆزۈم پۈتۈنلەي قىلالايتتىم ، خىجىللىقتا ئۆزۈمنى قويغىلى يەر تاپالماي قالدىم . ئۇ مېنىڭدىن كۈچلۈكمۇ؟ ياق! ئۇ مېنىڭدىن ئەقىللىقمۇ؟ ياق! شۇ چاغدىلا ئىككىنچى مۇنداق ئىشنى قىلمايمەن ، ھەرقانچە قىيىن بولسىمۇ ، ئۆز ئىشىمنى ئۆزۈم قىلىمەن ، دەپ قەسەم ئىچتىم.

بارلىق ھايۋانلارنىلا ئەمەس ، ئاتنىمۇ پەقەت ھايۋاناتلار باغچىسىدىلا كۆرگەن ياپونلۇق بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى . 2003 ـ يىل يازلىق تەتىلدە (فرانسىيەدە يازلىق تەتىل ئۈچ ئاي) ئۇ بىر فرانسۇز يىگىتى بىلەن موڭغۇلىيە يايلاقلىرىنى ئاتلىق ئايلىنىپ خۇددى ئۈچ يىل ساياھەت قىلغاندەك مول كەچۈرمىشلەر بىلەن قايتىپ كەلدى.

ــــ موڭغۇلىيەگە بېرىپلا بىردىن ئات سېتىۋالدۇق، ـ دېدى ئۇ ماڭا ، ــــ ئاتلارغا مەسئۇل بولۇش بەك تەس ئىكەن ، دەسلەپتە ئاتلارنىڭ سېيىق تەر پۇراقلىرىدىن سەسكىنىپ ئاتنى كۆرسەملا كۆڭلۈم ئېلىشىدىغان بولۇپ قالدىم . بارا ـ بارا ئۇنىڭغىمۇ كۆندۈم . مىنىڭ تەستە مىنىشنى ئۆگىنىشتىكى خۇشلۇقۇم نەچچە ۋاق ئۆتۈپ ، كاسىلىرىمنىڭ يارا بولۇشى بىلەن كۆنلىرىمنى يەنە تەسلەشتۈردى . ئاستا ـ ئاستا بۇنىمۇ يەڭدىم . ماڭا ھەممىدىن تەس كەلگىنى ئاتنى ھەم ئوت ـ چۆپى ياخشى ، سۈيى ئەلۋەك جايدا بېقىش ، ھەم ساياھەتنى داۋاملاشتۇرۇش بولدى . ئاتلار ئاغرىپ قالغاندا دوختۇر ئىزدەپ كۆپ ئاۋارىچىلىق تارتتۇق . كەچتە ئاتنى سىرتقا باغلاپ قويۇپ ، بىرىمىز ئۇخلىغاندا ، بىرىمىز كۆزەتتە تۇردۇق . ئۇنداق قىلمىساق ئاتنى خەقلەر ئوغرىلاپ كېتىشى مۇمكىن ئىكەن . خۇددى كىنولاردىكىدەك دېگىنە ، يېرىم كېچىدە نۆۋەت ئالمىشىمىز ، تازا تاتلىق ئۇخلاۋاتقىنىڭدا بىراۋنىڭ «تۇر!» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاش ئەڭ يېقىمسىز ئىش ئىكەن . لېكىن ، موڭغۇللار بەك قىزغىن ، دوستانە كىشىلەر ئىكەن . لۇغەت ئارقىلىق سۆزلىشىپ يۈرۈپ ، دوستلارنىمۇ تېپىۋالدۇق . ئاخىرىدا ئەڭ قىيىن بولغىنى ئاتلارنى سېتىۋېتىش بولدى، ــــ دېدى ئۇ.

ــــ نېمىشقا ، مىنىۋېرىپ ھالىنى قويماپسەن ـ دە؟

ــــ ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس ، ئاتلىرىمىز ياخشى ئاتلار ئىدى . بىز چەت ئەللىك بولغاندىكىن ، ئات بازىرىدا دەللاللار ئۆزئارا كېلىشىۋېلىپ ، بىزنى ئالداپ ، ئەرزان سېتىۋېلىشقا تىرىشتى . بىز بۇنى سېزىپ قالدۇق . ئىككى كۈن بازاردىن كەتمەي ئۇلار بىلەن تىركىشىپ يۈرۈپ ، ئاخىر يامان ئەمەس باھادا سېتىۋېلىپ قايتتۇق...

ياپونلۇق دوستۇمنىڭ خۇددى تەجرىبىلىك سەيياھلارنىڭكىدەك كەچۈرمىشى ماڭا ئۇنتۇلماس بىر دەرس بولدى.

26 ياشلىق ئەنگلىيىلىك سۇسىي بىلەن فرانسۇز تىل مەكتىپىدە تونۇشۇپ قالدۇق . ئۇ بەك خۇشچاقچاق قىز بولۇپ ، مەن فرانسىيەگە كېلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن سىنىپىمىزغا كىرگەنىدى (فرانسۇز تىلى ئاساسى بار ئىدى) . بىر ئايدىن كېيىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ شىركەت قۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ماڭا ئېيتتى . فرانسىيەدە ھېچقانداق ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ئاساسى يوق ياش بىر قىزنىڭ «شىركەت قۇرىمەن» دېيىشى ماڭا جۆيلۈۋاتقاندەكلا بىلىندى . مەن ئۇنىڭدىن:



ــــ قىلالامسەن؟ ــــ دەپ ئەندىشە ئىچىدە سورىدىم.

ــــ مەن تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق يولۇمنى ئۆزگەرتكىلى بۇ يەرگە كەلدىم ، شۇڭا يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىمەن ، يېڭى ئىشلارنى قىلىمەن ، مانا بۇ مېنىڭ پىلانىم،ــــ دېدى ئۇ، ــــ لوندوندىمۇ ئەھۋالىم ياخشى ، لېكىن مەن پارىژدىمۇ ئۆزۈمنى سىناپ باقماقچى.

ئۇ پارىژدىكى مۇھىم بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنى ، يەنى چەت ئەللىكلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم ھەم جىددىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى ، ئۆي ئىجارە ئالغۇچىلار بىلەن ئۆي ئىجارىگە بەرگۈچىلەر ئارىسىدا ۋاستىچى بولۇپ پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈپ كەتتى.

ئۇ دېگەندەك پىلانىنى بىر ھەپتىمۇ كېچىكتۈرمەي ئۆزى يالغۇز ئىشقا كىرىشتى . توردىن ئۆي ئېلانلىرىنى ئىزدەش ، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئېلان تاختىلىرىغا ئۆز ئادرېسىنى قالدۇرۇش (چۈنكى ئالىي مەكتەپلەردە

ياتاققا ئېھتىياجلىق چەت ئەللىكلەر ئەڭ كۆپ) ، كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكۈدەك مەزمۇندا توختامنامە ئورگىنالى تۈزۈش... دېگەندەك ئىشلارغا تازا چاپتى . ئاخىر بەش ئايدىن كېيىن ئۇ شىركىتىنى مەخسۇس تور بېتىگە ئىگە ، ئېيىغا ئۈچ - تۆت مىڭ ياۋرو كىرىم قىلالايدىغان ، خېرىدارلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان شىركەت قىلىپ تونۇتۇشقا باشلىدى.

تولىمۇ خۇشچاقچاق ، ھەمىشە دېگۈدەك غەلىتە كىيىملەرنى كىيىپ ياسىنىۋالىدىغان ۋىجىككىنە قىزنىڭ جاسارىتىدىن يەنە بىر قېتىم ئويغاندىم . ئۇ ماڭا يەنە: نۇرغۇن پىلان - ئارمانلىرىنى ، پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىنىڭ پۇلى بىلەن ئايلىنىش ، بولۇپمۇ شىنجاڭنى كۆرۈش —— مۇھىم ئارزۇلىرى بارلىقىنى ئېيتتى . ئۇنىڭ ئارمانلىرىنى پارىژدا ئوقۇۋاتقان يەنە بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ ئارمانلىرىغا سېلىشتۇرۇپ قالدىم . يۇرتدىشىم بىلەن قىزغىن سۆھبەتتە بولغان بىر كۈنى ئۇ ماڭا: «ئوقۇشنى پۈتتۈرسەم ئېسىل تۇرالغۇم ، پۇلدار ئېرىم ، ئېسىل پىكاپىم بولسىلا بولدى ، ھاياتقا ئارتۇق تەلىپىم يوق» دېگەنىدى.

مېنىڭ بايانلىرىمدا تىلغا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى 20 - 25 ياش ئەتراپىدىكى دەۋرداشلار.

بىر تەرەپتىن ئوقۇپ ، بىر تەرەپتىن ئىشلەش ، تەتىل بولۇشى ھامان بىر پادىچى ئىشتىنى بىلەن بىر ئاددىي يىپ مايكىنى كىيىپ ، خەرىتىگە تايىنىپ ساياھەت قىلىش ھەم بارغان يەرلەرنى تەتقىق قىلىپ ، ئۆزىنى چاقنىتىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەش ئۇلارنىڭ بىرىنچى مەقسەتلىرى بولسا ، دۇنيانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ، يات شارائىتتا ياشاپ بېقىش ، بۇ جەرياندا نۇرغۇن قىممەتلىك تۇرمۇش ، جەمئىيەت تەجرىبىلىرىنى بالدۇرراق توپلاش ئۇلارنىڭ يەنە بىر مەقسەتلىرى بولىدۇ.

مەن باشقىلار ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قايتا تونۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم . بىزنىڭ سۆزىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بىر قېلىپتا ، دۇنيا قاراشلىرىمىز بىر قېلىپتا ، ئۆگىنىش مەقسىتىمىز ، ئۇسۇلىمىز ، ياشاش ئۇسۇلىمىزمۇ ئاساسەن بىر قېلىپلا ئىكەن.

مەن تاكى پارىژغا كەلگىچە بۇنى ھېس قىلالمىغانىكەنمەن . بۇ يەردىكى ياشلارنىڭ بىرى بىلەن يەنە بىرىنىڭ ئۆگىنىش ، تۇرمۇش ، ھاياتتىن ھۇزۇرلىنىش ، ئارزۇ - ئارمان ، پىلان - مەقسەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئوخشىماسلىق ، ئۆزگىچىلىك بار ئىكەن ، ئاشۇ ئۆزگىچىلىك ياشلىق جاسارىتى بىلەن بىرلىشىپ ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە توسۇۋالغىلى بولمايدىغان غايەت زور ۋولقانغا ئايلىنىدىكەن . غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تېز بولۇشىدىكى سىرلارنىڭ بىرى شۇنىڭدا بولسا كېرەك.

ھەركىمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە نامايان قىلىشى ۋە ئۆزىنى چاقنىتىشى - ئۆزگىچىلىك ئىكەن ، دەپ ئويلىدىم .

تەڭتۇش دوستلىرىم ، دەۋرداش ۋەتەنداشلىرىم! مەن ھايات مۇساپىسىغا كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ قاراشنى ئەمدى ئۆگىنىۋاتقان بىر قىز . شۇڭا مېنىڭ ئويلىغانلىرىم سىزگە باللارچە تېڭىرقاشلار ئىچىدىكى چىگىش خىياللاردەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن . شۇڭا مەن ھېچكىمنى شوئارغا چاقىرماقچى ئەمەس ، نەسىھەت قىلىشقا شەرتىم تېخىمۇ توشمايدۇ . مەن پەقەت فرانسىيەدىكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بىلىم ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەن تەڭتۇشلار بىلەن ئۆزىڭىزنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشىڭىزنىلا تەۋسىيە قىلىمەن . بولۇپمۇ پىلان - ئارزۇلىرىڭىزنى ئاشۇ ياشلاردەك ئاچكۆزلۈك بىلەن چوڭراق ، يۇكسەكرەك تۈزۈشىڭىزگە مەسلىھەت بېرىمەن . چۈنكى مۇنداق جاسارەت ئۆزىڭىزدىكى ئالاھىدە كۈچنى (ئىقتىدار جەھەتتە) پارتلىتىپ چىقىرىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ!

## خاتىمە

مەنمۇ ئاستا - ئاستا پارىژلىقلار سېپىگە قوشۇلۇۋاتىمەن . ئەتىگەن سائەت 30 8 دىن كەچ 30 10 غىچە ئۆگىنىش (مەكتەپتە ، كۇتۇپخانىدا ، پىئانىنو مەشىق زالىدا) ئادەتكە ئايلىنىپ كەتتى (چۈشتە قورساقنى ئالداشقا يېرىم سائەت كېتىدۇ) . بىر كۈنلۈك جىددىيچىلىكتىن كېيىن ياتىقىمغا كېلىۋالغىچە بەزىدە كۆڭلۈم ئاينىغاندەك بىئارام بولىمەن ، بېشىم ئاغرىپ ، كۆزلىرىمنى ئاچالماي قالىمەن . كارىۋىتىم جەننەتتەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ . نېمىشقا بىر كۈن 30 سائەت بولۇپ قالمىغاندۇ؟ ياكى ئىنسانلار ماڭا ئوخشاش چىدىماس بولغاچقا شۇنداق تەڭشەلگەنمىدۇ؟! 40 سائەت بولسا قانداق ياخشى بولاتتى... دېگەنلەرنى ئويلايمەن . باشتا ئېيتقىنىمدەك 20 ياشقىچە بولغان ھاياتىمدا ئۆگەنگەنلىرىمنىڭ ئازلىقىنى ھېس قىلغانسېرى ۋاقىتنى يەتكۈزەلمەي قېلىۋاتقاندەك ئازابلىنىمەن . ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەر ئېشىپ قېلىۋاتىدۇ ، بۇنىڭغا ئىچىم پۇشىدۇ...

تەھرىرلىگۈچى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**



# شەنبە بازارنىڭ ئۆتى

**(ھېكايە)**

**ئابدۇكېرىم قادىر**

## 1

كۆيۈك ئاپتاپ ئۆچتى . بۇغدايلىقتىن سۇرۇپ كەلگەن بولۇقما ئىسسىق شامال كىشىنىڭ نەپسىنى سىقاتتى.

بوۋاينىڭ دىمىغىغا پىشىپ ۋايىغا يەتكەن باشاقلارنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى . بۇ ئەسلىدىنلا تونۇش ھىد ئىدى . بوۋاي قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ ، پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرىدا ئۆينىڭ ئالدىدىكى بۇغدايلىققا نەزەر تاشلىدى . كۆز يېتىم يەرگىچە تۇتاشقان بۇغدايلىقتىكى ئالتۇن باشاقلار شەپەق نۇرىدا كۆز چاقنىتاتتى . راست ، ئەمدى بۇغدايغا ئورغاق سالىدىغان چاغ كېلىپ قالغانىدى.

لېكىن ، بۇ بالىنىڭ بۇغداي ئورىدىغان ئورغىقى تولغۇل ئۆزىنىڭ دىدارىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى ، مۇشۇ كەمدە... بوۋاي ھاسىسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى . يەڭگىل قەدەملەر بىلەن يولغا چىقىپ يىراقلارغا زەن سېلىپ قارىدى . يولدا يات ئادەملەردىن ئۆزگە بىر كىم كۆرۈنمەيتتى.

— ئوغلۇڭلىغا نېمە بولدى ، خوتۇن؟ — بوۋاي ھويلىغا يېنىپ كىرىپ پېشايۋاننىڭ نېرىقى بۇلۇڭىدىكى ئوچاق ئالدىدا ئوت پۈۋلەپ ئولتۇرغان مومىيىغا قارىدى . موماي تۈتۈن دەردىدە ياشلانغان كۆزلىرىنى ئاق شايى روملىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ بوۋايغا يۈزلەندى.

— ھېچ ئىش بولماس ئىلاھىم ، بارغان يېرىدىن يانىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.

— ئۇ نوچى بۇ ئۆينىڭ ئادىمىمۇ ، ئەمەسمۇ ، نەگە باردى ، نەدىن كەلدى ، ھېچنېمىسىنى بىلگىلى بولماس بولۇپ كەتتا ، ئەجەب؟! — ئاستا ـ ئاستا يېپىلىپ كېلىۋاتقان گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە بوۋاينىڭ تۇتۇلغان چىرايى ئاچچىقتىن قارىدىدى ، قىرقىپ ياستىۋالغان كەكە ساقىلى تىترەپ كەتتى.

— ئۇنى بىر دېمىسىلە ، خۇيى تۇتقان توپاقتەك تولغۇلۇپ ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغاننىڭياقى مەنمۇ ئەنسىرەپلا يۈرىدىغان بولدۇم ئۇ بالىدىن ، ئەجەبمۇ بىر... قاچانلا قارىسا چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان ، ئىش ـ ئەمگەكتە چاققان ، كىشىنىڭ ئاچقان يېرىگە بارىدىغان بالىدى ، ئۇ.

— نېمە بولغاندۇ، — بوۋاي يۆتىلىپ قېقىلىپ كەتتى، — گېپىمۇ ئازلاپ ئادەمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپلا يۈرىدىغان ، بىكار بولسىلا ئاشۇ شەمبازا① دىن ئەكەلگەن غونجىنىنىڭ ئوت ـ چۆپ يېيىشىگە ، مۆرەشلىرىگە قاراپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— راست دەيلا ، مەنمۇ ئۇ بالىنىڭ ئاشۇ كالىغا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— ئۇ ئاشۇ غونجىنىغا «سارىخان» دەپ ئىسىم قويۇۋاپتۇ.

— تووا، — بوۋاي ئاق خەسە يەكتىكىنىڭ ياقىسىنى تۇتتى . ئۇنىڭ غونجىنىغا قاراپ غەزەل ئوقۇغىنىمۇ قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى . «سارىخان ئوتۇڭ يامان ، كۆيدۈرۈشۈڭ ئاندىن يامان...» بىز ئۇنىڭدەك ۋاقتىمىزدا بۇ غەزەلنى قىزلارنىڭ بېغىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئوقۇغان . بۇ كەمنىڭ ياش بالىلىرىزە...

— نېمە بولدىكىن ، بۇ بالىغا، — موماي يەنە شايى روملىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، — يېمەك ـ ئىچمىكى ئازلاپ ، ئىككى قوۋۇزى كۆرۈنۈپلا قالدى . ئۇيقۇسىمۇ ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ.

— شەنبازالىقنىڭ باخشىسى يامان دەپ ئاڭلىۋىدىم ، ئىسسىقۇ قىلىپ بېشىنى چۆرگىلىتىۋالغان چېغى! — ھاسىسىنى قويۇپ سۇپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇرغان بوۋاي غۇۋا يېنىپ تۇرغان ئېلېكتر چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ئالدىغا داستىخان سېلىۋاتقان مومايىنىڭ قورۇقلار ئىچىدىكى نۇرسىز كۆزلىرىگە تىكىلدى، — بۇنداق كېتىۋەرسە قاراپ تۇرۇپ كۆتەكتەك بىر ئوغۇل كاردىن چىقىدۇ... كونا

① شەنبازا — شەنبە بازار دېمەكچى.

ھويلىنىڭ ئالدىدىكى چىنار ئېسىڭلىدىمۇ، سايىسى ئىشىك ئالدىغا بىر كېلىدىغان ھېلىقى چوڭ چىنارنى دەيمەن. بىز يېڭى ھويلىغا كۆچكەندىن كېيىن كونا مەھەللىگە سۇ كەلمەي شۇ چىنارمۇ بىر يازدىلا قۇرۇپ كەتتى. تەشنالىق دېگەن ئاشۇنداق يامان نەرسە...

— قانداقمۇ قىلارمىز ئەمدى، — موماي ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى، — راستىنلا ئىسسىقتۇ قىلىپ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغان بولسا، ئوغلۇمنى ساراڭ قىلىۋېتىدۇ ئۇ جاڭگاللىق!

— سەت مىشىلدىماڭلا خوتۇن، — بوۋاينىڭ ئاۋازى بىردىنلا ياش چاغلىرىدىكىدەك قەھرلىك چىقىپ كەتتى. مېنىڭ پەيلىم بۇزۇلغان كۈنى خەقنىڭ ئىسسىقتۇسىنى بىردەمدىلا سوۋۇتۇپ قويىمەن. قىلغانلىرى ئاخىر بېرىپ ئۆزىگە ياندۇ!

— قانداق سوۋۇتىمىز؟ — موماي يىغىدىن توختاپ بوۋاينىڭ يېنىغا يۆكۈندى.

بوۋاي ئاپئاق داستىخاندىكى ئۆرۈك ياغىچىدىن ئويۇلغان قىزغۇچ جامدىكى سۈيۈقئاشنى پۈۋلەپ ئىچكەچ مومىيغا قىيا باقتى:

— سىلە تونۇرغا ئوت سېلىپ نان ياقىدىغان چاغدا مېنىڭ تونۇرنىڭ ھاۋىسىنى تەڭشەپ بېرىدىغان ئىشىم يادىڭلىدا باردۇ، خوتۇن؟

— يادىمدا...

— ھەببەللى! تونۇر دېگەننى ئاشۇنداق خالىغانچە ھاۋىسىنى تەڭشىگىلى بولىدىغان نېمە. بىزگە لازىم بولىدىغان تونۇرنىڭ ھاۋىسى مىجەزىمىزگە ياقسا نېنىمىزنى ياقىمىز، مىجەزىمىزگە ياقمىسا، بىر چاڭگال تۇزنى شاللاپ ئىچىگە بولۇشىچە بىر چاچىمىز، قىزىغان تونۇر شاپپىدە سوۋۇيدۇ. ئۇنداق تونۇرغا نان ياققان بىلەن بەرىبىر تۇتمايدۇ، ھاھ ـ ھاھ... ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا... — بوۋاي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كۈلۈپ بولالماي، يۆتىلىپ كەتتى.

— نەدىكى گەپنى قىلىپ يۈرىدىغانلا دادىسى، بۇ گەپىڭ ھېچنېمىسىنى ئۇقالمىدىم.

ئاق ساقال يۆتەلدىن توختاپ يۇمۇلغان كۆزلىرى ئېچىلدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يول تاپقان يولۇچىدەك پۈكۈلگەن قەددىنى رۇسلىدى.

— ئازنا ئاخشاملىقتا، ئىنس ـ جىنغا تۈيدۈرماي پاتىمخاننىڭ ئۆيىگە بارايلى.

— يالغۇز تۈگمەندىكى پاتىمخان بوۋىمنىڭكىگىما؟

— ھەئە، ئاشۇ جىنكەشچى خوتۇننىڭكىگە.

— قانداق قىلىمىز؟

— بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ بولغۇچە، نېمىگە كەلگەنلىكىمىز كۆڭلىگە ئايان بولارمىش. چار ئارغامچىنى بوينىغا سېلىپ بوغۇلۇپ تۇرۇپ، قانداق سەۋەب قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بېرەرمىش.

— تووا، دېسىلە!

— ھازىر تووا قىلىشنى قويۇڭلا، خوتۇن. ئىشقىلىپ شەمبازالىقنىڭ تونۇرى بەك قىزىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. ۋاقتىدا سەۋەب قىلىپ ھاۋىسىنى ياندۇرۇۋەتمىسەك، بىكاردىن ـ بىكار ئوغلىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز.

— لېكىن... ناۋادا شەمبازالىقنىڭ باخشىسى ئەر باخشى بولۇپ قالسا، پاتىمخان بوۋىم ئۇ باخشىغا تەڭ كېلەلەرمۇ؟

— ...

## 2

«سارىخان ئۈتۈك يامان،
كۆيدۈرۈشۈك ئاندىن يامان».

دىمىغىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان سېيىت چوڭ بازاردىن يېنىپ، بەسلىشىپ چېپىشىپ كېتىۋاتقان ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ بىرىگە سۆڭگۈچىنى ئارتىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆزى ھارۋىدا بولغان بىلەن كۆڭلى شەنبە بازاردا، سارىخاندا قالغانىدى.

«دادام ئاشۇنداق جاھىللىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ دېگەن يېرىگە ئاپىرىمەن دېسە، ئاخىر ساقىلىنى يۇلۇپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ قالىدۇ، — سېيىت چوڭ خىيالغا پاتتى، — مەندىنمۇ تايىنلىق قۇتۇلىدۇ. لېكىن، ئاشۇ بىچارە ئانامنى دېسەم ئالدىراپ تەۋەككۈلچىلىك قىلغۇم كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ يىغلاپ قېلىشىغا چىدىمايمەن...»

سېيىت چوڭ ساموق بوۋاينىڭ كەنجى ئوغلى ئىدى. دادىسىنىڭ قىران چاغلىرىنى دورىغاندەك گەۋدىلىك، ئۇستىخانلىق چوڭ بولغان بۇ يىگىتنىڭ خېلىدىن بېرى ئايىغى ئېچىلىپ قالدى. يىگىت شەنبە بازاردىكى سارىخانغا كۆيۈپ قالغانىدى. شەنبە بازارغۇ سېيىت چوڭنىڭ يۇرت ـ مەھەللىسىگە يېقىنمۇ ئەمەس، ئەمما «نىكاھ غايىب» دېگەندەك، ئارىنى ئادەمزاتسىز بىر جاڭگال ئايرىپ تۇرغان بۇ ئىككى يۇرتلۇق توساتتىن بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ كۆرۈشكۈسى كېلىپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

جاھان ھۆپپىدە گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن شۇ كۈنى سېيىت چوڭ جاڭگال ئاتلاپ شەنبە بازارغا بارغانىدى. ئۇ خېلىدىن بېرى شەنبە بازاردا چارۋا ـ مالنىڭ ئەرزانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئىككى يىلچە ۋاقىتتىن بېرى يۇرت ـ مەھەللىدىكى ئۇلاغ ئېلىپ ـ ساتارلارنىڭ كەينىدە يۈرۈپ چارۋا ـ مال سودىسىغا كۆزىنى پىشۇرغان بۇ يىگىت يېقىندىن بېرى ئۆز ئالدىغا چارۋا ـ مال سودىسىغا كىرىشىۋالغانىدى. يۇرتتا مۇشۇنداق بىر پۇتى ئېتىز ـ ئېرىق ئىشىدا بولسىمۇ، بىر پۇتى بازاردا

www.uyghurkitap.com



يۈرگەنلەرنىڭ هال ـ ئوقتى يامان ئەمەس ئىدى . پەقەت يەر بىلەن چارۋا ـ مالغىلا قارىۋالغانلارنىڭ كۆڭلى قاق ئىدى . سىيىت چوڭ بازار يولىغا ماڭغاننىڭ بۇ تەرپىدە بىلدىكى ، دېهقان خەق دېگەن يەر تېرىپ چارۋا ـ مال بېقىشنى بىلگەن بىلەن ئېلىپ ـ سېتىشنى بىلمەسە چاپىنى تىزىدىن ، ئىشتىنى ئوشۇقىدىن ئاشمايدىغان گەپ ئىكەن . دادىسىمۇ ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرىغا ئارىلاشۋالغان بىلەن بازارغا چېپىشىنى توسىمىدى . ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشىنى قىلغاچ كۆزىنى پىشۇرسۇن دېدى . لېكىن ، ئادەم قېرىغاندا ھەممە ئىشتىن ئەنسىرەپلا يۈرەمدىكىن قانداق ، يىگىت بازاردىن سەللا كەچ قالغۇدەك بولسىلا دادىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان . قايتىپ كەلگەندە بولسا ساقىلىنى تىترىتىپ تۇرۇپ بىرمۇنچە كايىپ كەتكەن...

— قاراڭغۇدىن قورققان دەمدەردەك ئۇنۇڭلا ئىچىڭلىگە چۈشۈپ كەتتىغۇ ، سىيىت نوچى؟ — سىيىت چوڭنى هارۋىسىغا سېلىۋالغان تونۇشى ئېشىكىنى تولا سانجىپ زېرىككەندەك يىگىتنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى.

— قورققان؟ قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا ئاكا، ئېشەكتەك هاڭرىغاچ ماڭامدىم ئەمىسە! — تونۇشىنىڭ گېپى سىيىت چوڭغا ئانچە ياقمىدى . قورقۇش دېگەن سۆز بۇ ياشتىكى يىگىتلەرنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپ ئىدى.

— هاڭرا ، هازىر هاڭرايدىغان ۋاقتىڭ سېنىڭ،— ئاي قاراڭغۇسىدا چىرايىدىكى ئىپادىنى بىلگىلى بولمايدىغان تونۇشى چالا كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — جاڭگالدا هاڭرىغان ئېشەك كەنتتە هاڭرىيالامدۇ يا؟

تونۇشىنىڭ سۆزلىرىدىن يوشۇرۇن بىر مەنىنى سەزگەن سىيىت چوڭ جىمىپ قالدى . «بۇ ئاكام ، نېمانداق سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قۇيىدىكىنە؟ شەنبە بازاردا سارىخان بىللە يۈرگىنىمنى كۆرۈپ قالدىمۇ يا!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى . راست ، ئۇلار بۈگۈن شەنبە بازاردا يەنە كۆرۈشتى . بازارنىڭ ئايىغىدىكى ساي ئۆستەڭنىڭ بويىدا ئۇزاق پاراڭلاشتى . كۆڭۈللىرىدىكى گەپلىرىنى دېيىشۋالدى...

كۆپنىڭ ئىچىدەك قاراڭغۇ ئاسمانغا ئاي كۆتۈرۈلۈپ چىقتى . سىيىت چوڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايغا نەزەر تاشلىدى . قېلىپتا قۇيۇۋالغاندەك يۇملاق ، كۈمۈش لېگەندەك نۇرلۇق ، بىر ساڭىلا نۇر بېرىۋاتقاندەك... يىگىتنىڭ كۆز ئالدى يورۇپ كەتتى . ۋۇجۇدى تاتلىق بىر تۇيغۇدىن سۆيۈندى.

— شەنبە بازاردىن مال ئالماپسەنغۇ نوچى؟ — تونۇشىنىڭ گېپى يەنە سىيىت چوڭنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى.

— ئېپىدە مال ئالالماي قالدىم ، ئاكا.

— كىشىنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يېگۈدەك بىر غونچىنى ئەگىپ يۈرمەمتىڭ؟

سىيىت چوڭ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى . دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ ، بۇغدىيى يېڭىلا ئورىۋېلىنغان ئېڭىزلىقتەك ئازراقلا ئۆستۈرۈۋالغان قويۇق چاچلىرىنى تاتىلاپ ، بۇ قوش بىسلىق سوئالغا قانداق جاۋاب بېرىش ئۈستىدە ئويلاندى:

— ئەگىپ يۈرگەننىڭ ھەممىسى بىلەن كېلىشكىلى بولمايدىكەن . سودا قىلالمىساق مۇشۇنداق قۇرۇق قوللا بازاردىن يانىدىغان گەپ ئىكەن شۇ!

— كېلىشكەنسەن، — تونۇشى ئېشەكنى سانجىپ قويۇپ سىيىت چوڭغا بۇرۇلدى، — سېنى بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ ، يۇرتىمىزدا تۆتنىڭ بىرى بولغان سامۇقكامنىڭ نوچىسى تۇرساڭ . يەنە كېلىپ ئۆزۈڭمۇ قاش ـ كۆزۈڭ جايىدا ، كېلىشكەن يىگىت بولدۇڭ.

دادىسىنىڭ تەرپىلىنىشى سىيىت چوڭغا ياقتى . لېكىن ، سارىخان بىلەن بولغان ئىشنى هازىرچە مەهەللە ـ چاقادىكىلەرگە بىلدۈرگۈسى يوق ئىدى . ئۇنىڭسىزمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان دادىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇنى تىرىك يۇتۇۋەتمىدى ، ئاندىن باشقىسى بولدى . يىگىت ئۈندىمەي ، جىمىدە ئولتۇرۇپ ئايغا قارىۋالدى. ئاسماندا پارلاپ تۇرغان ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ مېهرى بەك ئىللىق ئىدى . ئاي پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈلۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆكتە ئۈزەتتى . ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇر چاچاتتى . ئۇنىڭ ئۈچۈن تۈن قاراڭغۇسىنى ئايدىڭ پەيزىگە چۆمدۈرەتتى...

— هېلىقى غونچىنى سېتىپ بولدۇڭمۇ؟ — يىگىتنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت سۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى هېس قىلغان تونۇشى گېپىنى رەسمىي ئۇلاغ سودىسىغا بۇرىدى.

— قايسىسىنى ، هېلىقى ئالىسىنىمۇ؟

— ياق ، ئاق قاشقىلىقنى دەيمەن.

— ساتمىدىم ، ئۇنى ئۆزۈم باقىمەن.

— سېتىپ قالساڭ خېرىدارى مەن جۇمۇ ، ئۇكام ، نەسلى ئاجايىپ خىل ئىكەن.

— ھەئە ، ياخشى يېتىشتۈرۈلگەن نەسىل... مال دوختۇرخانىسىدىكى تېخنىكلار كۆرۈپ ماختاپ كېتىشتى . نىشانلىق باشقۇرىمىز دەپ مەخسۇس خاتىرە تۇرغۇزدى . شۇڭا ئۆزۈم بېقىۋاتىمەن.

— يەنە بىر دەپ قوياي ، سېتىپ قالساڭ مېنىڭ جۇمۇ! تېگىشلىك پايداڭنى بېرىپ ئالىمەن.

— ئۇ غونچىنى قولۇمغا تەستە كىرگەن ، ھەرگىز ساتمايمەن!

سىيىت چوڭ «ئۇ غونچىنى مېنى سارىخانىغا ئۇچراشتۇرغان ، ئۇنى سارىخاننى كۆرگەن كۆزۈمدە كۆرىمەن» دەپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ قالدى.

سىيىت چوڭ قوتىنىدا بېقىۋاتقان ئاشۇ غونچىنى ئويلىسا ، يۈرىكى ئادەتتىن تاشقىرى سوقىدىغان بولۇپ قالغان ئاشۇ كۈننى پەقەت ئۇنتۇيالمايدۇ.

ئىزغىرىن شامال چىقىپ تۇرغان ئۇ كۈنى يەر ــ جاھاندىن سۇس توپا ئۆرلەپ تۇراتتى . ساۋۇت چوڭ ئاپتوبۇس بىلەن شەنبە بازارغا كەلدى . ئۇلاغ بازىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆڭ قىزا چۈش بولغاندا ، غىلتاڭ قۇم ، توپا ــ تۇمان ئۆرلەپ تۇرغان بازاردا ئاق قاشقىلىق غونچىنغا كۆزى چۈشۈپ قالدى . بۇ غونچىنىنىڭ باشبېغى هارۋا ماللىرىنى بازارغا سېلىپ تۇرغان كىشلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىر كىشىنىڭ قولىدا تۇراتتى . غونچىنىنىڭ نەسلىنىڭ خىللىقىنى بايقىغان يىگىت ئەمدى ئۇنى ساتماقچى بولغان كىــگە سېــالدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شاپاقدوپپىسىنى قىستۇرۇپ كىيىۋالغان سىم بۇرۇت بىرى تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ تۇراتتى . سىيىت چوڭ ئۆزىنىڭ سودىغا كىرىشكەندىكى ئادىتى بويىچە «بۇ ئادەم بىلەن كېلىشكىلى بولارمۇ» دەپ ئويلىدى . كېيىن بىر ــ ئىككى ئېغىز گەپ سوراپ بېقىپ ، بۇ كىشىنىڭ



چارۋىچى ئەمەس ، ئۆزىگە ئوخشاش ئېلىپ ــ ساتار ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى ھەم «بىدىكتىن ئۇلاغ ئېلىپ نىمە پايدا چىقار» دەپ ئويلاپ ، بو سودىدىن ۋاز كەچتى . ئەمما سىيىت چوڭ شۇ كۈنى ئوڭغۇل ــ دوڭغۇل بازارنى نەچچە ئايلىنىپمۇ ئېپىدە بىرەر سودا قىلالمىدى . ئەسلىدە مالنىڭ خىلىنى ئېلىپ ئۆگەنگەن يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدا ئاق قاشقىلىق غونچىنى توغرا تۇرۇۋالغان ، باشقا ھەرقانداق مال ئۇنىڭ دىتىغا ياقمىغانىدى . ئۇ شۇنداق قىلىپ ئىچى كۆيگەن مالغا پۇل سانىدى . ۋاقتى كەلگەندە بۇ مالنى ئېپىدە سۇ قىلىشقا كۆزى يەتكەنىدى.

نامازدىگەر بىلەن بازاردىن چىقىپ ، كەيپى چاغ هالدا ئۆيىگە ئالدىنى قىلغان سىيىت چوڭ يولنىڭ ئاغزىدا بىر كېلىشمەسلىككە يولۇقتى . قول تراكتورنىڭ سەت تاتاتلىشىدىن ئۈركۈپ كەتكەن غونچىنى ئۇنىڭ قولىدىن قاچقانىدى . مىڭ يەتتە يۈز يۈەن پۇلنىڭ قولدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن يىگىت جېنىنىڭ بارىچە كالىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى . ھەممە نېمىدىن ئۈركۈپ چېچاڭلاپ قاچقان شەپشەك غونچىنى زىرائەتلەرنى پېتىقلاپ ، كەنت ــ مەھەللىلەرنى ئاتلاپ ، كەنت بىلەن قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۈك ــ باراقسان باغ ــ ۋاران ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى . كالىنىڭ قارىسىنى كۆزدىن يىتتۈرمەي ، قوغلاپ كەلگەن يىگىت هاسىراپ ــ هۆمىدىگىنىچە بۇ باغ ــ ۋاراننىڭ ئىچىگە يېتىپ كەلدى.

باغدا هۆپپىدە ئېچىلغان ئۆرۈك چېچەكلىرى ئارىسىدىكى هويلىنىڭ ئالدىدا بىر قىز ئۆزىگە جىلمىيىپ قاراپ تۇراتتى . قىزنىڭ يۈزى كەچكى شەپەق نۇرىغا پۈركەنگەن ئۆرۈك چېچەكلىرىنىڭ بەرگىلىرىدىن قايتقان نۇردا جۇلالاندىمكىن ، ئىشقىلىپ شۇنچە سۈزۈك ھەم نۇرلۇق ئىدى . يىگىت قوغلاپ كەلگەن كالىسىنى ئۇنتۇپ ، مەڭدەپ قالدى . باش ــ كۆزىدىن ، پۈتۈن ئەزايىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلاتتى . يىگىتكە بىر پەس قاراپ تۇرغان قىز بىردىنلا كەينىگە بۇرۇلدى ــ دە ، هويلىدىن بىر نوگاي سۇ كۆتۈرۈپ چىقتى . كۈپتە سوغۇتقان مۇزدەك سۇ جىسمىغا قايتىدىن كۈچ بەخش ئەتكەن يىگىت «بۇ پەرىشتىمىدۇ ، ئادەممىدۇ؟» دەپ قالدى.

قىز يەنەكىرىپ كېتىپ غونچىنى يېتىلەپ چىقتى ھەم باشبېغىنى يىگىتكە ئۇزىتىپ:

— بۇ تۇغۇلغاندىن تارتىپ تالاغا ئاچىقماي باققان مال ، شۇڭا ئۈركۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى.

قىزنىڭ ئاۋازى تولىمۇ سۈزۈك ، زىل ئىدى . ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالغان يىگىت يەرنىڭ تېگىدە سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا:

— سىزنىڭ باققان مېلىڭىزمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە ، بىزنىڭ قوتاندا تۇغۇلغان . دادام ئازراق پۇلغا ھاجەت بولۇپ قېلىپ ئەتىگەن تېخى بازار يولىدا بىرىگە ساتقانىدى.

— شۇڭا ، مۇشۇ ھويلىغا قېچىپ كەپتىكەن ـ دە! نېمانداق چىچەن كالا ، بۇ؟

— راست ، بەك چىچەن ئىدى . دادام مېنىڭ رايىمغا باققان بولسا ساتقۇزمايتتىم، — قىز قىيالمىغاندەك كالىغا قارىدى.

— نېمشقا؟

— ...

قىز جاۋاب بەرگۈچە ئۇنى بىرى چاقىرىپ قالدى . ئاۋازدىن قارىغاندا ئانىسىدەك قىلاتتى.

— ھە... ھەي... ئىسمىڭىز نېمىدى؟

— يىگىت ئاپئاق چېچەكلەر ئارىسىغا سىڭىپ كېتىپ بارغان قىزنىڭ ئاۋازىدىن «سارىخان» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلىغاندەك قىلدى.

قىزنىڭ سىماسى كۆرۈنمەي قالدى . شەپەق نۇرى ئۆچتى.

شۇ كۈنى يىگىت تولىمۇ ھارغىن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

يىگىت غونجىنىغا قاراپ سارىخاننى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى . سارىخاننى سېغىنغاندا ئاتايىن قوتانغا كىرىپ غونجىنىغا قاراپ باقىدىغان بولۇپ قالدى . كېيىن ئۇ غونجىنىغا «سارىخان» دەپ ئات قويۇپ قويدى.

## 3

قوش قاناتلىق دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنىڭ ئىغىر شاراقلىشى ، ئۇيقۇسىز ياتقان بوۋاينى ئورنىدىن تۇرغۇزدى:

— سىيىت چوڭمۇ سەن؟

— ھەئە ، مەن دادا.

— قونۇپ قالماي يېنىپ كەلدىڭلىمۇ ، نوچى؟ — زەنجىرنى شاراقلىتىپ دەرۋازىنى ئاچقان ئاق ساقال سۇس ئايدىڭدا ئوغلىغا تەنە قىلدى.

— يېنىپ كەلمەي ، ئەمسە..! — ھېرىپ ـ ئېچىپ كەتكەنلىكتىنمىكىن ، سىيىت چوڭنىڭ ئاۋازىغا زەردىلىك ئاھاڭ ئارىلىشىپ كېتىپ قالدى.

— ما ، لاتا غۇزژەكنىڭ گۈركىرىشىنى كۆرۈڭا! — ئاق ساقال بىردىنلا پارتلاپ كەتتى ، ئۇنىڭسىزمۇ بوۋاي كەچ كىرگەندىن بېرى ئاچچىقى بېسىلماي ، ئۇيقۇسىز ياتقانىدى، — شۇنچە كېچە ـ كېچىلەپ كېلەلمىگۈدەك نېمە بولدى ، شەنبازالىق قىزىق تونۇرنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ قويغان كونا قايماق يېگۈزۈۋەتتىمۇ يا ، ساڭا؟!

سىيىت چوڭ ئۆزىنىڭ ئاۋازىنىڭ قاتتىق چىقىپ كەتكەنلىكىنى تەن ئېلىپ جىممىدە تۇردى . ئۇ يەڭگىلتەكلىك قىلىپ قويۇپ ئاتىسىدىن قارغىش ئېلىپ قېلىشتىن شۇ قەدەر قورقاتتى.

— ھە ، گەپ قىلە ، قېنى ئالغان مېلىڭ؟ — بوۋاي ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىشۋالدى، — ئاكىلىرىغا قارىغاندا خېلى جىگىرى بار ئەركەك بولدى دېسەم ، بارغانچە يا ئەندە يوق ، يا گەزدە يوق بىرنېمە بولغىلى تۇردۇڭ... نى كۈن شەنبازالىقنىڭ جېنى چاپلاشتى ، شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ پۇشتۇمغا ئوخشىمايدىغان بىر بەندىگە ئايلاندىڭ . زۇۋانىڭنى ئاچە ، ئالغان مېلىڭ قېنى؟

سىيىت چوڭ ئۈندىمەي تۇردى . غۇۋا يورۇقتا ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى . شۇ تاپتا بوۋاينىڭ پەيلىدىن ئۆزگىگەندەك ، ئاسماندىكى ئايمۇ ئۆزىنى بۇلۇتلارنىڭ دالدىسىغا ئالدى . تىل ـ دەشنام ئەشتىۋاتقان يىگىتنىڭ جىسمى دادىسىنىڭ ئالدىدا تۇرسىمۇ ، ئەس ـ خىيالى جاڭگال ئاتلاپ شەنبە بازارىغا— سارىخانغا كەتتى.

سىيىت چوڭنىڭ يۈرىكى شەنبە بازاردا ، ئۆرۈك چېچەكلىرى ئارىسىدىكى ھويلىدا قالغانىدى . قىزىپ ـ تەرلەپ تۇرالماي قالغاندا يۈرەك ـ باغرىنى سەگىتكەن بىر نوگاي سۇ ياشلىق تەپتىدىن يېلىنجاپ تۇرغان ۋۇجۇدىغا ئورنىشىپ قالغانىدى . ئەسلىدىمۇ تېرەك پوتلا باغلىغاندىن بېرى ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ چاڭقاپ تۇرغان يۈرەك ، ئوتلۇق كۆزلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدىغا يامرىغان ئارامبەخش تۇيغۇدىن ئالەمچە سۆيگۈنى ھېس قىلدى.

يىگىت غونجىننى يېتىلەپ شەنبە بازاردىن قايتقان كېيىنكى ھەپتىسى تاڭ سەھەردە يەنە شەنبە بازارغا چاپقانىدى . ئۇ قىزنى يەنە بىر كۆرۈشنى ئويلايتتى . كۆرۈشەلەرمەنمۇ ، دەپ ئىزتىراپلىق خىيال سۈرەتتى . خىيال ئىچىدە كېتىۋېتىپ ، قىزنى سۈت ـ قايماقچىلار تاۋاقلىرىنى تىزىپ ئولتۇرغان كوچىنىڭ ئاغزىدا ئۇچراتتى . ئۇنىڭ رىزىق ـ نىكاھى شەنبە بازار تەرەپتىن ئوخشايدۇ . قىزنىڭ قولىدا تاۋاقلار ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تىزىلغان ئىككى دەستە قېتىق ، قايماق بار ئىدى . تارتىنىپ تۇرغان قىز ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ ، ئۇدۇل قېتىقچى قىز ـ چوكانلارنىڭ قاتارىغا بىرىۋالدى . ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قىزنى قوغلاپ كېتىپ بارغان يىگىت گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويدى . ئۇ شەنبە بازارنىڭ قېتىقىنى بەك ئىچىشلىك دەپ ئاڭلىغانىدى.

قىز قېتىقچى ئادىشى بىلەن يۈگۈرگەنچە ئۆيى تەرەپكە ئۇزاپ كەتتى.

— ھە... گەپ قىلە ، شەمبازالىقنىڭ ئېشەك قېتىقىغا دۇم چۈشكەن ئابدال!

يىگىت تىترەپ كەتتى . دادىسىنىڭ ئاھانىتى ئۇنىڭ

بۇ جېنىدىن ئۆتۈپ ئۇ جېنىدا توختىدى . بۇ دادىنىڭ ئوغۇلغا دەيدىغان گېپى ئەمەس ئىدى . يىگىتنىڭ چىشلىرى لەۋلىرىگە پېتىپ كەتتى . لېكىن دادىسى تېخىچە ئۇنى تىللاۋاتاتتى:

— سەن جاڭگالنىڭ ئۇ تەرىپىدىن خوتۇن ئىزدەمسەڭمۇ ، ئۆزۈمنىڭ هوناپ قويغان يېرىم بار ، شەمبازادىن كېلىن ئالچىقمەن دەپ ، خەقنىڭ ئالدىدا دوڭغاقلايدىغان ئەخمەق ساموۇقاخۇن يوق هازىر . شەمبازانىڭ يولى ئالىلقاچان ئېتىلگەن! مەن شەمبازالىقا ئۆچ!...

قۇلىقى سەمرىپ ، كۆزلىرى ياشلانغان يىگىتنىڭ خىيالى يەنە سارىخانغا كەتتى.

— مەن ئۇ چىرايلىق غونجىنغا «سارىخان» دەپ ئىسىم قويۇۋالدىم.

— نېمە دېدىڭىز؟! — يىگىتتىن قېچىپ ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان قىز ئىختىيارسىز ئورنىدا توختاپ كەينىگە قايرىلدى، — نېمىشقا؟ نېمە دېگىنىڭىز ئۇ؟

— سىزنى ياد ئېتىپ تۇراي دېدىم . ئۇنى هەر قېتىم شۇنداق چاقىرسام ، سىز كۆز ئالدىمغا كېلىدىكەنسىز!

— بىزمۇ ئۇنى شۇنداق دەپ ئاتايتتۇق، — قىزنىڭ ئاۋازى تولىمۇ پەس ، تىترەڭگۇ ئىدى . ئۆزىمۇ قېچىشتىن توختاپ قالدى، — ئۆيىمىزدە موهتاجلىق بولمىغان بولسا دادام ئۇنى ساتمايتتى.

— شۇنداقمۇ! مېنىڭ تاللىغىنىممۇ بىكار ئەمەس ئىكەن . شۇڭا ، سېتىۋالسام دەپ تالاشقانلارغا بەرمەي ، ئۆزۈم بېقىۋاتىمەن.

— سىزنىڭ كۆزىڭىز مال تونۇيدىكەن، — قىز ئىختىيارسىز يىگىتنىڭ كۆزىگە ئۇدۇل قارىدى . ئەمدىلا ئېچىلاي دېگەن قىزغۇچ ئۆرۈك چېچىكىدەك سۇزۇك چىراي ، بۇلاقتەك كۆزلەر ، قىياقتەك قاشلار... يىگىتنىڭ يۈرىكىگە ئوت كەتتى:

— تېپىپ تاللاپتىمەن — دە!

شۇ كۈنى ئۇ شەنبە بازاردا قىزنىڭ قولىدىن قېتىق ئىچتى . شەنبە بازارنىڭ قېتىقى ئوت — كاۋاپ بولغان يۈرەكنى سەگىتەتتى.

— قانداق ، شەمبازالىقنىڭ قېتىقى ئاغزىڭغا بىرەر قانداق تېتىمىغاندۇ؟ — بوۋاي تېخىچە تەگەۋاتاتتى . ئادەم قېرىغاندا ، كۆچ — ماغدۇرىدىن قالغاننىڭ ئەكسىچە ، مۇشۇنداق تەرسا ، بۇدۇشقاق بولسا كېرەك.

يىگىتنىڭ چىشلىرى هېلىمۇ كىرىشىپ تۇراتتى . قاراڭغۇدا كۆرگىلى بولمىغان بىلەن ، لەۋلىرى قاناپ كەتتىمىكىن.

— مۆرىمەيسەنغۇ ، بۇقتۇرما توپاق!

يىگىت بىلەن قىز هەر شەنبە كۈنى شەنبە بازاردا ئۇچرىشىدىغان بولدى . قىز يىگىتتىن غونجىنىنىڭ چوڭ بولغان — بولمىغانلىقىنى ، يىگىتنىڭ مەهەللىسىنىڭ ئوت ، سۈيىگە كۆنگەن — كۆنمىگەنلىكىنى سوراشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى . يىگىت قىزنىڭ يېقىملىق كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ غونجىنىنىڭ بېقىش تاپقانلىقىنى ، ئۆزلىرىنىڭ قوتىنىغا ئۆزلىشىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرەتتى . هەتتا ئاشۇ جانىدارنى «سارىخان» دەپ چاقىرغۇدەك بولسا ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارايدىغانلىقىنى ، چاقىرغان كىشىنىڭ ئالدىغا بويىنىنى سوزۇپ كېلىدىغانلىقىنى هېكايە قىلىپ بېرەتتى . «سارىخان» بۇ ئىككىيلەننىڭ دىل رىشتىنى بىر — بىرىگە باغلاپ قويغانىدى.

كېيىن يىگىت بىلەن قىز «سارىخان»نى بىللە بېقىشقا لەۋزە قىلىشتى . بۇ شەنبە بازاردىكى ساي ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى سۆگەت سايىسىدە سارىخان ئاتايىن سېيىت چوڭغا دەپ ئەكەلگەن يېڭى قايماقنى تېتىپ ئولتۇرۇپ دېيىشكەن گەپلەر ئىدى.

تۈن يېرىملاشقىچە دادىسىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ تۇرغان يىگىت بۇغدىيىكنى غۇرتىلدىتىپ قويىدى ، شەنبە بازارنىڭ قايمىقى شۇنداق مەززىلىك ئىدى.

ئوغلىنىڭ شەنبە بازاردىن خوتۇن تاپقانلىقى بوۋاينى شوپۇڭدا قېقىلىۋاتقان قېرى ياڭاقتەك ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى:

— خۇدانىڭ هەققىدە بولسىمۇ زۇۋانىڭنى ئاچە ، شۇنچە كەڭ ، ئاۋات ئۆز يۇرتتىن خوتۇن تېپىلمىدىمۇ ساڭا؟!

... يىگىت ئۈندىمىدى . دادىسى بىلەن تەڭ تۇرۇشقا بولمايتتى.

— زۇۋانىڭ يەملىشىپ قالمىغاندۇ؟!

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ۋاس — ۋۇس قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى . دادىسىنىڭ ئامۇت ياغىچىدىن ياسالغان چوقماق هاسىسى ئوغلىنىڭ ئۇشۇق ، پاچاقلىرىدا ئۇللەپ كەتتى.

— ئەمدى بولار! ئەمدى بولار! — خېلىدىن بېرى بوۋاينىڭ پەيلىدىن قورقۇپ هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈندىمەي تۇرغان موماي دوڭغاقلاپ كېلىپ بوۋاينىڭ پۇلاڭلاپ تۇرغان هاسىسىغا ئېسىلدى.

— مەن گەپ ئاڭلىمايدىغان ما تاكىراڭغا نەسىهەت قىلىۋاتقاندا سىلە نېرى تۇرۇڭلا! باكا تاياقنىڭ چالىسىنى سىلە يەپ قالسىلە..!

— مەن خۇش بولۇپ كېتەي، — دېدى موماي يېرىلىپ، — بۇ بالامنىڭ بېشى بەك ئايلىنىپ كەتتى . سىلىمۇ بىر چاغلاردا خەقنىڭ بىغىنى ئايلىنىپ ، «سارىخان ئوتتۇك يامان...» دەپ ناخشا ئوقۇپتىكەنلىغۇ! شۇنىڭغا ئوخشاش تىل — دەشنام ، تاياق — توقماق بىلەن يىگىت بېشىنى ئوڭشىغىلى بولمايدۇ . ئاۋۋال ، ئەۋەل — ئاخشام سىلى دېگەن هېلىقى ئىشنى قىلىپ سەۋەب

قىلدۇرۇپ باقايلى . ئاندىن...

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۈچ گەۋدە جىممىدە تۇرۇپ قالدى . مومىيى ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغانىدى . بىرھازادىن كېيىن بوۋاينىڭ خىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— خەير ، بوپتۇ ، چالىسىنى ئەتىگىچە دېيىشىۋالارمىز...! — بوۋاينىڭ ئاۋازى پۈتۈن مەھەللىنى ئويغىتىۋەتتىمىكىن ، ئىتلار قاۋاپ ، خورازلار بەس ـ بەستە چىللاشقا ، ئېشەكلەر ھاڭراشقا باشلىدى.

## 4

يالغۇز تۈگمەندىكى پاتمىخان بۈۋىنىڭ قازىنىقى بۇ يەردە ئولتۇرغان كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى . ئىسلىشىپ كەتكەن قاپقارا تورۇس ، تورۇستىن ساڭگىلاپ تۇرغان مۆڭگۈز ، ئارغامچا ـ توقۇناق ، لاتا ـ پېتە ، تۇغ ـ ئەلەم دېگەندەك ھەررەڭ ـ سەررەڭ نەرسىلەر ھەرقانچە قورقۇمسىز ئادەمدىمۇ سۈر پەيدا قىلاتتى.

پاتمىخان بۈۋى غەلىتە ئاۋازدا چىرقىراپ بوغۇلدى . موھتاجلىق ئىلكىدە ئۆزىنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ھاجەتمەنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىنىپ چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دېدى . ئاندىن جىنچىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا قارىيىپ كۆرۈنگەن تورۇسقا چەكچىيىپ قاراپ:

— كي... كي... كېلىڭلار ، كېلىڭلار! — دېدى.

قاتار ئولتۇرغان چوكانلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان ساموۇق بوۋاي ، نېمە كېلىدىكىن ، دەپ چوكانلار بىلەن ئۆينىڭ تورۇسىغا قارىدى . ئەمما بۈۋىنىڭ ئاۋازى ئۇنى يەنە ئاغزىغا قاراتتى.

— كە... كە... كەلدى ، كەلدى! مانا ، مانا ئې... ئې... ئىرى تالاغا قايلىۋالغان چىما؟

بۈۋىنىڭ سوئالىنى ئاڭلىغان دەردمەن چوكانلار بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— مەن! — ئارىدىن بىر چوكان بويىنىنى شاپتۇل قېقىپ ھاياجانلىق جاۋاب بىلەن ئولتۇرغان يېرىدىن قىمىرلىدى.

— ئۆ... ئۆيدىن سو... سوۋۇتۇپ ، ئۆ... ئۆزىگە ئۆ... ئۆگىتىۋالدى ، دە... دەيدۇ.

— قايداق قىلسام بولىدۇ ، ياندۇرۇشنىڭ بىرەر سەۋەبى بارمىكىن؟ — چوكان ئۈمىد بىلەن بۈۋىگە ئىنتىلدى.

— با... بار ، ئالدىرىمىسۇن ، دەيدۇ.

بۈۋىنىڭ پال ئېچىش ، «سەۋەب قىلىش» لىرىغا قاراپ ، ساموۇق بوۋاينىڭ كۆڭلى بىرئاز جايىغا چۈشتى . باياتىن بېرى بىر توپ ئاياللارنىڭ ئارىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ قالغانلىقتىن پەيدا بولغان خىجالەتچىلىكى بېسىقىپ ، ئۆزىنى خېلى ئازادە ھېس قىلدى.

ئولتۇرغان بىرنەچچەيلەنگە بىر ھازاغىچە پال ئېچىپ بولۇپ كۆرسىتىپ ، ئادەممگەرچىلىكىنى ئالغان بۈۋىنىڭ چەكچىيىپ تۇرغان كۆزلىرى بوۋايغا قىيا نەزەر تاشلىدى:

— دە... دە... دە... دەڭلا ، بى... بىرنى قويىماي دەڭلا... ئايلامنى ئازدى ، دەيدۇ . قېرىغاندا قېرى تاتۇق ، يۈزى قېلىن كۆيۈك تاتۇق.

ساموۇق بوۋاينىڭ يۈرىكى قوزغىلىپ كەتتى . ئاپئاق ساقىلى تىترەپ كەتتى . كۆز ئالدىدا مومىيىنىڭ يۈزىدىكى كۆيۈك ئىزى پەيدا بولدى.

— ئا... ئارقا مەھەللىدىكى تي... تېخى خوتۇن يۈزى كۆرمىگەن بۇ... بۇقتۇرمىنى ئۆ... ئۆزىگە ئۆ... ئۆگىتىۋالدى ، دەيدۇ...

ئولتۇرغانلارنىڭ كۆزلىرى بۈۋىنىڭ ئاغزىدىن ساموۇق بوۋاينىڭ ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە يۆتكەلدى . بوۋاي تىكەندە ئولتۇرۇپ قالغاندەك بىر ئورۇندا ئولتۇرالماي قالغانىدى . بۈۋى بولسا تېخىچە ئۇنىڭغا پال ئېچىۋاتاتتى:

— ئۇ... ئۇنى تېخى يا... ياشلىقىدىن قالماپتۇ ، دەيدۇ... بۇ... بۇنىڭ.

— ئالىجوقا جۆيلىمە ، ساراڭ خوتۇن! — بوۋاي ھاسىسىنى شىلتىغىنىچە ئورنىدىن ئىرغىپ قوپتى . بوۋاينىڭ پەيلىدىن قورقۇپ كەتكەن پاتمىخان بىر چىرقىراپ يانغا ئۆرۈلۈۋېدى ، جىنچىراغقا قولى تېگىپ كەتتى . قازناقنى گۆرىستان قاراڭغۇلۇقى باستى.

چىرقىرىشىۋاتقان ، قېچىشىۋاتقان مالىمانچىلىقتا تۈۋرۈك ، ئىشىكلەرگە ئۈسۈپ دېگەندەك يېنىپ چىققان بوۋاي ئاران تەستە چىغىر يولغا چىقتى . ھارۋىغا تەستە چىقىپ ئېشەككە ئاچچىق بىلەن تاياق سالدى .

— تېقىمىنى چايقىمىغان ساراڭ بۈۋى! — دېدى ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، — بوسوغىسىدىن ئاتلاپ بولغۇچە ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپارمىش . ئۆتكۈر سەۋەب قىلىپ ھاجەتنى راۋا قىلارمىش ، تېخى! ھۇ زۇۋانىغا نېمە كەلسە شۇنى دەيدىغان ساراڭ!

نومۇس ، ئىزا ـ ئاھانەتتىن ئۇيقۇسى قاچقان بوۋاينىڭ كۆزى يۇمۇلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇ ھېچكىم ئاياغ باسمايدىغان كونا تۈگمەننىڭ يېنىغا ماكانلىشىۋالغان پاتمىخاننىڭ گول ئادەملەر ئالدىغا ئەكېلىپ تۇرىدىغان نەق پۇل ، توخۇ ـ تۇخۇم ، ھەتتا ئوغلاق ، قوي ئۈچۈن ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، يېنىدا پۇشۇلداپ ياتقان مەزلۇمىغا قېيداپ گەپمۇ قىلمىدى . بۈۋىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنىمۇ دەپ بەرمىدى . «ھەي... خەق ئوغۇل بالىدىن قىزنىڭ دەردى يامان دەيدىكەن ، مانا نەچچە ئاي بولدى ، ئۇ گۈيغا ‹ سارىخان› ئاتلىق جىن چاپلاشقاندىن بۇيان ، ‹ دەردى يوق› ئوغۇلنىڭ دەردىۋالا-

سىنى يەتكۈچە تارتىۋاتىمىز . هازىر يەتتە خۇپتەن بولدى . بۈگۈنمۇ بولمىسا ، ئۇ تاپىنى تۆشۈك! ئاشۇنداق يۈرۈپ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويسا ، مەن بۇ قېرىغان جېنىم بىلەن قانداق قىلىمەن؟!» بوۋاي ئاچچىق خىيال ئىچىدە بوغۇلۇۋاتقاندا ، نەدىندۇر ناخشا ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى:

سارىخان ئوتۇڭ يامان،

كۆيدۈرۈشۈڭ ئاندىن يامان.

ناخشا بوۋاينى هاياجانغا سالدى... سارىخان... سارىخان... سارىخاننىڭ ئوتى سائادەتخاننىڭ ئوتىدىنمۇ يامانمىدۇ؟ خىرە ـ شىرە تۇيغۇ ئىچىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يۇملاققىنە بىر قىز پەيدا بولدى . هە ، ئۇنىڭ ئىسمى سائادەتخان ئىدى . ئۇمۇ شەنبە بازالىق ئىدى.

بوۋاي ئوغلىنىڭ يېشىنى ياشلىغاندا ، سائادەتخانغا كۆيۈك تارتىپ قالغانىدى . ئاشۇ چاغلاردا شەنبە بازادىكى نورۇز يىغىلىشىدا چېچەك چوكان ئاسقان قىز ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئوغرىلىۋالغان . يىگىت ئادەمزاتسىز جاڭگالدىن ئۆتۈپ قىزنىڭ مەھەللىسىگە قاتىرىغانىدى . كېچىلىرى قىزنىڭ هويلىسىنى ئەگىپ تۈنى تاڭغا ئۇلىغانىدى . قىزنىڭ رۇخسارىنى بىر كۆرۈش ئۈچۈن چىغىر يول يانسىدىكى بوردىمالنىڭ ئارىسىدا يۈرىكىنى ياناتاققا يېقىپ يېتىپ كۈننى كەچ قىلغانىدى . قىزنىڭ ئىشقىدا يۈرىكى ئوت ـ كاۋاپ بولغانىدى . يىگىتنىڭ ئەقىدىسىگە ئىشەنچ قىلغان قىز «ئاتا ـ ئانام ماقۇل بولسا سىزگە تېگەي» دېگەنىدى.

يازلىق يىغىمدىن كېيىنكى بىر كۈنى كۈن قىزىل بولغاندا ، ئىشەنچ بىلەن ئېشىكىنى توقۇپ قىزنىڭ ئۆيىگە كەتكەن ئەلچىلەر كۈن پاتقاندا توقۇمى چۇۋۇلۇپ نائۈمىد يېنىپ كېلىشتى . شەنبە بازارلىقنىڭ ياقا يۇرتلۇققا قىز بەرمەيدىغان كونا ئادىتى بار ئىدى . لېكىن ، يىگىتنىڭ قىزدىن كەچكۈسى كەلمىدى . قىزمۇ ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىز يىگىت ئۈچۈن سايئۆستەڭ بويىغا كۆتۈرۈپ كەلگەن بىر پىيالە قايماقنى يىگىتنىڭ ئالدىغا قويۇپ تۇرۇشىغا ، ياۋا توڭگۇزدەك قوناقلىقتىن ئېتىلىپ چىققان ئۈچ گەۋدە يىگىتكە تاشلاندى.

يىگىت ئۆزىنىڭ ئۆيىدە هوشىغا كەلگەندە «شەنبە بازارنىڭ يۈزى» ئۈچۈن ئۆزىنى پايلاپ يۈرگەن بازارلىق كۆكەملەر ئۇنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ جاڭگالغا تاشلاپ قويغانلىقىنى ، جاڭگالغا كىرگەن ئوتۇنچىلارنىڭ ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ يۇرتقا ئاچىققانلىقىنى بىلدى.

بوۋاي ئېغىر ئۇھسىندى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جىلمىيىپ تۇرغان سائادەتخاننىڭ قارىسى غايىب بولغاندەك

قىلدى... ئۇنىڭ كۆرىدىغان كۈنى ، يەيدىغان رىزقى بار ئىكەن . ئۈچ هەپتىدە ئورنىدىن تۇرغۇدەك بولدى . شۇ يىلى كۈزلۈك يىغىم ـ تېرىمدىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسى يېنىدا ياتقان مۇنۇ مەزلۇمى بىلەن توينى قىلىپ قويدى . شۇ ئىشلارغا قىرىق نەچچە يىل بولدى . ئۇ خۇي ـ پەيلىنى بىلمىگەن بىر مەزلۇم بىلەن بىر تەكىيگە باش قويۇپ ئون بىر بالا يۈزى كۆردى . ئىككىسىنىڭ كۆرىدىغان كۈنى ، يەيدىغان رىزقى يوق ئىكەن ، يەرنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويدى . توققۇز بالىنى بىر ئۇبدان قاتارغا قوشۇپ ، هەممىسى دېگۈدەك بىر ئوبدان ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولدى . ئۆمۈر دېگەن مۇشۇنداق ئۆتىدىغان نەرسە . ئىش باشقا ، هەۋەس باشقا دەپ بىزمۇ سائادەتخانغا كۆيگەن بىلەن بالىنى رىزىق ـ نىكاھىمىز قېتىلغان خوتۇندىن تاپتۇق . بىزنىڭ بۇ باغلاقسىز توپاقمۇ بۈگۈن بولمىسا ئەتىگىچە ئەقلىنى تېپىپ قالار! لېكىن هېلىقى سائادەتخان دېگەن يۇملاق ئادەمنىڭ ئىچىنى ئەجەب كۆيدۈرىدىغان قىز ئىدى . ئەگەر ئۇ ماڭا نېسىپ بولغان بولسا ، بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق يىغلاڭغۇدىن ئون ئۈچنى تۇغۇپ بېرەر بولغىيدى...

## 5

تاڭ يورۇدى . ساموق بوۋاي كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىغىنىغا قارىماي ، كۆزلىرىنى كولۇپ ئاچتى . ئاغزى قايماق ئىچكەندەك تاتلىق ئىدى . هە ، بوۋاي تاڭغا يېقىن چۈش كۆردى . چۈشىدە ساي ئۆستەڭ بويىدا سائادەتخاننىڭ قايمىقىغا ئېغىز تەگدى . ياخشى چۈش ئۇنى يارىتقانىدى . ئۇ هازىر بوۋاي ئەمەس ، يىگىتلىكى ئۇرغۇپ تۇرغان ساموق چوڭ ئىدى . شەنبە بازاردا سائادەتخان ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى . ئۇ ئورمىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ خامانىنى ئېلىۋالسىلا ، ئېشىكىنى توقۇپ شەمبازارغا جابدۇنىدۇ . قىزغا سۆز سالىدۇ . قىز تەرەپنىڭ ئۆچۈرىنى ئالغاندىن كېيىن يارىشقىنى قىلىپ قىزنىڭ بېشىنى باغلاپ دەرهال توي تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ... كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قىرىق يىل ئۆتۈپ كەتتى . شەنبە بازارلىقنىڭ ياقا يۇرتقا قىز بەرمەيدىغان هېلىقى ئەسكى ئادىتى ئاللىقاچان ئۆزگىرىپ ، زامانغا بېقىپ ئىش قىلىدىغان بولغاندۇ . بۈگۈنكى كۈندە ئىككى يۇرت ئارىلىقىدا ئاپتوبۇس قاتناپ يولمۇ قىسقاردى . شۇنداق ، ساموق بوۋاي ئالجىمىدى . ئۇ خامانىنى ئېلىۋېلىپ سىيىت چوڭ بىلەن سارىخاننىڭ توينى قىلىپ قويىدۇ . ئۇ قىرىق يىل مۇرادىغا يېتەلمىگەن ساموق چوڭ بىلەن سا-

ئادەتخانىنىڭ تويى ئەمەسمۇ! قىرىق يىل... نېمانچە ئۇزاق كۆيگەن ئوت بۇ؟!

ئاخشام ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بەردى . ئۇ ئوغلىنى دەپ پاتىمخانىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋىدى ، گول ئادەملەرنى ئالداپ ، جان بېقىپ كەلگەن ئۇ ساراڭ خوتۇن تېقىمىغا ئۇرۇپلا گەپ تاپتى . شۇنىڭ بىلەن بوۋاينىڭ خاپىلىقتا كىچىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي يېتىۋىدى ، كۆز ئالدىدا ئاسماندىكى ئاي بولۇپ پەيدا بولغان سائادەتخان ئۇنى يەنە شەنبە بازارغا چىللىدى . قىرىق يىل ئاۋۋالقى مۇھەببەت ئوتى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاسايىشلىق ، روھىغا ئەقىل ، چېھرىگە نۇر ـ زىيا ئاتا قىلغانىدى . شۇنداق ، ئوغلۇڭدىكى ئوت سەن تۇتاشتۇرغان ئوت ئەمەسمۇ! يىگىت بولغانىكەن ، ۋۇجۇدىدا چاپچىپ تۇرغان يىگىتلىك ئوتى ئۇنى ھەر كويلارغا سالىدىغان گەپ . بوۋاي ياشلىقىدىكى تاياق زەربىسىدىن كېيىن ، قىرىق يىل ئاياغ بېسىپ باقمىغان شەنبە بازارغا ، شەنبە بازارلىقتا بولغان كۆڭۈل زېدىسىنى قەلبىدىن بىراقلا چىقىرىۋەتتى.

ــــ نوچى ئوغلۇمنى ئويغىتىۋېتىڭلا خوتۇن ، ناشتا قىلىپ خامانغا چىقسۇن، ــــ ئارىنى مۇرىسىگە ئېلىپ خامانغا ماڭغان بوۋاي ، كۈندىكىدەك ئوغلى ياتقان ئۆيگە قاراپ «قوپە ئاداش ، تېقىمىڭغا ئاپتاپ چۈشتى!» دەپ تووۋلىماستىن ، سىلىق ـ سىپايە گەپ قىلىپ چىقىپ كەتتى.

خامانلار يىغىۋېلىندى . ئېگىز ئورنىغا ئۇرۇق سېلىنىپ بولدى . كەيپى بىردىنلا ئېچىلىپ ، ۋۇجۇدى كۆچكە تولغان سىيىت چوڭ يېنىدا سارىخان ھەمدەم بولۇۋاتقاندەك ئىشلەپ ھارمايتتى.

ئۆرۈكلۈك ھويلىنىڭ مېھمانلىق ئۆيىدە كەندىن كەلگەنلەر مېھمان بولۇپ ئولتۇراتتى . خامانلاردىكى لاي ـ لاي ناخشىسى پەسەيگەن كۈنلەر كەندىمۇ ، شەنبە بازاردىمۇ تۇغقان يوقلاش ، مېھماندارچىلىق ، توي تەييارلىقى قىزىپ قالدۇ . بۈگۈن قۇملۇقنىڭ بېرىسىدىكى سارىخانىنىڭ ئۆيىنىمۇ مۇشۇنداق مېھمان ئاۋات قىلغانىدى . يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقان ، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئارىسىدا ياشقىمۇ ، ھۆرمەتكىمۇ چوڭلۇقى بىلەن تۆردە ئولتۇرغان سامۇق بوۋاي ئالدىدا چاي قۇيۇۋاتقان مومايغا قاراپ تەرلەپ ، قىزىرىپ بىر ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى . بۇ ئوڭۇممۇ ، چۈشۈممۇ دەپ ئويلىدى . مېنىڭ ئوغلۇم ھېچ يەرگە دوقۇرۇشماي ، ئۇنىڭ قىزىغا كۆيگىنىنى قارىمامدىغان ، بىزگە چۈشۈپ ئۆچەي دەپ قالغان ئوتنى بۇ ئىككىسى پۈۋلەپ ياندۇرغان چېغى! ئادەمنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگە كىرمىگەن ئىشلار بولىدىكەن ، بۇ جاھاندا...

بوۋاينىڭ كۆز ئالدىدا قىرىق يىل ئاۋۋال ئۆزىنى كۆيدۈرگەن سائادەتخان داستىخان سېلىپ ، چاي قۇيۇپ كايىپ ئولتۇراتتى . شۇ چاغدا ئۇمۇ سائادەتخانىنىڭ قايمىقىغا تەلمۈرگەن ، تەشنا بولغانىدى . ئۇنىڭ گەپلىرى تېخى قايماقتىنمۇ تاتلىق ئىدى . بوۋاي ھېلىقى تالاپەتتىن كېيىن قايماققا ئېغىز تېگىپ باقمىدى . قايماقنى كۆرسىمۇ ھۆ تۇتىدىغان بولۇپ قالغانىدى . بوۋاي بۇرۇنقى چاغلارنى ئەسلەپ ئولتۇرغاندا سائادەتخان ئۆزىنىڭ بوۋىيىنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە قايماقچاي قويدى . دېگەنبىلەن شەنبە بازارلىقنىڭ خوشى تۇتقان كىشىگە قايماقچاي تۇتىدىغان ئېسىل ئادەتلىرىمۇ بار ئىدى . سامۇق بوۋاي چاينى ئوغلىغا تۇتتى . چوڭلارنىڭ ئالدىدا تارتىنىپ ، قىزىرىپ خىجالەتچىلىكتە ئولتۇرغان سىيىت چوڭ دادىسىنىڭ چېھرىگە قاراپ قويۇپ چاينى ئىشتىھا بىلەن سۈمۈرۈپ ئىچىۋەتتى . ئۇ ئەقلىگە كېلىپ دادىسىنىڭ قايماقچاي ئىچكىنىنى كۆرمىگەنىدى . ئۆيدە لىققىدە ئولتۇرغان مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا سائادەتخان موماي سامۇق بوۋاينىڭ قايماقچاينى ئوغلىغا تۇتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

يىگىتنىڭ قايماقچاي ئىچىشىگە قارىشىپ قالغان بوۋاي بىلەن موماي ياشلىقىدا ساي ئۆستەڭ بويىدا تېتىپ بېقىشقا نېسىپ بولمىغان تاتلىق قايماقنىڭ تەمىنى ئەمدى تېتىغاندەك بولدى.

تەھرىرلىگۈچى: **ئەكبەر سالىھ**



# ئۇچرىشىش

(نەسر)

**ئەنۋەر تاشتۆمۈر**

1

بىز ئاخىر ئۇچرىشىپ قالدۇق ، كۈتۈشلىرىمىنىڭ سىرى پاش بولدى ، جېنىمدا ياشاپ كەلگەن قىزىلگۈل ئىكەنلىكىڭگە ئىقرارەن ھىدىڭنى پۇرىدىم ، مەستخۇش هالدا كېڭىيىپ هاياتنىڭ بارچە قاتلىمىغا يېيىلدىم ، هەممە ياقتا سەن ۋە سېنىڭ مەنىدار سۈرەتلىرىڭ جىلۋە ئەيلىدى . قايتىشقا ئامالسىز ئىدىم ، مۇساپىلەرنىڭ باش ـ ئاخىرى بىر تۇتاش ئىدى . ئۇلۇغ بىر ناخشا هاياتنىڭ مۇشۇ دەملەردىكى مۇتلەق شاۋقۇنىغا ئايلانغانىدى.

ئېھ ، جېنىم پىنهانىدا ئېچىلغان قىزىلگۈل ، بىلسەڭ ، كۆڭۈل باهارىستانىدا چېچەك ئېچىپ رەڭ چاقنىدى . كۈيلەر ئۇنىڭ زوقىغا تىرەلگەن هالدا گۈزەل رىتىم هاسىل قىلغانىدى ، تۇيغۇ ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنى تەمىن ئېتىپ نۇرسىمان تۆكۈلمەكتە ئىدى...

2

بىز ئاخىر ئۇچرىشىپ قالدۇق!

سەن ئۇچۇن قەدىرلىگەن تەنهالىقىمدىن زوقلاندىم!

سەن ئۇچۇن يېتىپ بارغان هايات پەللىلىرىمدىن ئىپتىخارلاندىم!

سەن ئۇچۇن نۇر تۆككەن ئىلاهىي تۇيغۇلىرىمدىن هەيرەتتە قالدىم!

3

بىز ئاخىر ئۇچرىشىپ قالدۇق.

مانا ، ئاۋازىڭدىكى بىهېساب مەنىلەر بىلەن ماڭا ئېقىپ كىرمەكتىسەن ، بىرلىك سائادىتىدە سۆيگۈ گۈللىرى هۆپپىدە ئېچىلدى ، تەشنالىقنىڭ ئەلچىسى كاككۇك سېهىرلىك ئۈن ـ ناۋاسىنى باشلىدى ، يىراقتا بېقىپ چەكسىز ئۇزاردىم ، تىنىقلىرىم بىلەن هۇزۇرىڭغا يېتىپ بېرىپ چۈشلىرىڭگە سىڭىپ كېتىشنى ئىختىيار قىلدىم.

مەن يۈرەرمەن باغلىرىڭ ئارا،

يېنىپ تۇرغان كۆزۈمگە قارا!

سەپەردىمەن ، ئاتەش هېسلىرىڭدا كۆرۈنگەن نۇرانە چەكسىزلىكتىمەن . مەن ئۇزارغانچە ساڭا شۇنچە يېقىنلىشىمەن ، مۇساپىلەرمۇ شۇنچە قىسقىراپ بارىدۇ . ئەمما ، ئاخىرقى مەنزىللەردە كۆرۈنگىنى ئۆلۈم خىلۋىتى ، هاياتنىڭ ماماتقا چۆكۈشى ، تەڭلىشىپ قېلىشى بولىدۇ . شۇڭا بارلىق هوسۇل ۋە ئىنئاملار مۇساپىلەردە ، مۇساپىلەرنىڭ ساڭا ۋە ماڭا دۇچ كەلگەن ، يېتىپ بارغان پەللىلەردە چىراي ئاچىدۇ . ئىنسان ئۆز تەبىئىيلىكىدە ئەسلىي چىنلىقنىڭ باهارىستانىغا يۈز تۇتۇپ ئېسىل گۈل ـ غۇنچىلار ئۈزەلىسە ، هاياتىي كۈي ـ ناۋالار تۆكەلىسە مەهكۇم شەكىللەر قورشاۋىدىن بۆسۈپ ئۆتەلىسە ئۇنىڭ كىشىنى مۇقەددەس پەللىلەرگە ئۈندەپ گۈزەل ئارزۇ ـ ئىستەك نۇرلىرى بىلەن يۇيۇپ تاراپ تۇرىدىغان سېهىرلىك روهىي دۇنيادىن ئالىدىغان بەهرە ـ هۇزۇرى چەكسىز ، ئەبەدىيەتلىك بولىدۇ.

4

بىز ئاخىر ئۇچرىشىپ قالدۇق!

ئۇچرىششىمىزنىڭ خاسىيىتى تەنهالىق چۆلىدە قالغان غېرىبانە كۆنلەرنىڭ بېشىنى سىلىغۇسى.

ئۇچرىششىمىزنىڭ قىممىتى ئېهتىماللىق ئالىمىدە تولغان سائادەت كۆنىنىڭ چۈمپەردىسىنى ئاچقۇسى.

ئۇچرىششىمىزنىڭ مەنىسى كۈتۈش ساهىلىدا تالغان ئىنتىزارلىق كۆنلەرگە نۇر ـ شولىلار چاچقۇسى.

5

بىز ئاخىر ئۇچرىشىپ قالدۇق.

قەلبىڭدە بىر ئۆمۈر ياشاپ بارچە روهىي قۇۋۋەتلىرىم بىلەن هاياتىڭنى گۈلدەك ئېچىلدۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىل ، ئۆتكۈنچى يولۇچىلار ئاياغلىرىدا چەيلىنىشىڭگە ، بىۋاخ سوغ ـ شىۋىرغانلار قولىدا سولىشىڭغا سەۋر ـ تاقىتىم يوق . دىل تارىڭنى چېۋەر بارماقلىرىم بىلەن تۇزۇپ هەم چېكىپ ئەڭ ئېسىل كۈي ـ ئاهاڭلارنى ساڭا تەقدىم قىلغۇم ، ئۇنىڭ چەكسىز تەسىر كۈچى بىلەن سېنى هاياتنىڭ مۇقەددەس پەللىلىرىگە يەتكۈزگۈم بار.

مەغرۇرلۇقىڭغا چەك قويۇپ ئۆز ـ ئۆزۈڭگە قايتىپ كەل ، ئەتراپىڭدا ئەگىپ يۈرگەن ئاق قۇشقاچلار دان تۇتقان باشاقلىرىڭنى كۆزلەپ چۇرۇقلىشىدۇ . قارانچۇق بولۇپ قۇشلىرىڭنىڭ يۈرىكىگە تەشۋىش سالغىنىمدىن خەۋىرىڭ بولمىسىمۇ ، ئەمما دانلىرىڭنىڭ باهاسى ئۇچۇن خامىنىڭدا قامچا تۇتۇپ تەر تۆكۈشكە تەييار تۇرغىنىمنى بىلىپ قال . سۈزۈك ئاسماندا لەرزان ئۇچۇپ ، شاماللاردا

ھەريان سورىلىپ ، قاسراق ۋە سامىنىڭدىن پاك ـ پاكىز ئايرىلىپ قۇياش نۇرىدا تاۋلانغان چېغىڭدا بەختىڭگە گۇۋاھلىق بېرىپ كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغانلىقىمنى ئې-سىڭدە ساقلا.

6

شۇنىڭغا ئىشەن ۋە شۇنى چۈشەن:
بىز ئاخىر ئۈچرىشىپ قالدۇق!
ئۈچرىشىش — ياتلىق دۇنياسىدىكى ئۆزلۈك سالا-مىدىن نىشانە.
ئۈچرىشىش — سەرسانلىق دۇنياسىدىكى مەنزىل ئارامىدىن ئىشارە.
ئۈچرىشىش — ئارزۇلار دۇنياسىدىكى بەخت كالا-مىدىن جۇلالە...

7

بىز ئاخىر ئۈچرىشىپ قالدۇق!
ئۈچرىشالماي توزۇپ كېتىدىغان ياشلىق باھارىدىن ھەزەر ئەيلە.
ئۈچرىشالماي سولۇپ كېتىدىغان ئۆزلۈك كامالىدىن ھەزەر ئەيلە.
ئۈچرىشالماي نېسى قالىدىغان بەخت ئازابىدىن ھەزەر ئەيلە!

# ئىككى نەسر

**بەگمەت يۈسۈپ**

## چۈشۈم

1

باللار قۇشقاچقا ئوخشايدۇ ، ۋىچىرلىشىپ يېنىڭغا كېلىۋالىدۇ؛ كارى يوق ، كىم بىلەن ، نېمە ئىش ئۈس-تىدە سۆزلىشىۋاتىمەن . قاپاق تۇرسەم «پۇررىدە» ئۇچۇپ كېتىدۇ ، تۇرمىسەم ئەركىلەيدۇ ، غىدىڭشىيدۇ ، تەلەپ قىلىدۇ ، بۆلىدۇ ئوي ـ پىكرىمنى ، گەپنى ـ سۆھبەتنى؛ «مۇھىم ئىش» بىلەن راستلا كارى يوق ، گاھ مۇرەمگە قونۇ-ۋالىدۇ ، چوقۇلايدۇ بۇرۇنلىرىمنى ئوماق بۇدرۇق بارماقلىرىدا.

2

مەن ئەسلى بىلىمى يوق بوۋايمەن ، بىلىملىك قىلىپ قويدى ساقىلىم ، ساقىلىمنى سۆرەپ كىردىم شەھەرگە ، ساقالسىزلار ئىچىگە . پەتىلەپ كوچىلارنى بىلىم توپلىدىم ، نەچچە يەشلىك يېگى پاراڭنى ، ئېلىپ باردىم سەھراغا يەنە . «شەھەر كۆرگەن ئېشەكتىن قاچ»-مىدى ، ئىمتىھانغا كىردىم قەلەمسىز ، تەرلىرىم قۇيۇلماقتا ماڭلىيىمدىن ، قۇيۇلماقتا كۆزلىرىمدىن ، خۇددى كې-چىلىك بالىدەك...

3

تاۋۇتقا ئاشىق ئادەملەرنى كۆردۈم ، كۆتۈرۈۋالساق كۆتۈرۈلەرمىز دەپ.
بىلىمى يوق بوۋاينى ئويلاپ ، شېئىر يېزىپ ئول-تۇرار بەگمەت ، سەھرادىكى خىلۋەتخانىدا ، شەھەردىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدا.
خۇددى ياشنى ئۆلچەپ بەرگەندەك ، پەقەت ، ئىككى تامچە ياش ئەڭ ئاخىرى تامدى كۆزىدىن.
كۆلكىسىمۇ... يىغىسىمۇ...


4

ئويغاندىم ، چۈشۈمنى يازدىم.
چۈشۈڭلاردا ئوقۇڭلار ئۇنى.

## ئۆي ۋە كۆڭۈل

تۇيۇقسىز بايقاپ قالدىم ئۆيۈمنىڭ چوڭلۇقىنى . ياشايمىز ئۇنىڭدا ھەركۈنى يىگىرمە تۆت سائەت ، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئاز.
يۆتكەپ كىتابلارنى ، تېلېۋىزورنى ، رادىئونى ، يۆتكىگەندەك بىر دەۋرلىك ئۆتمۈشنى ، ھازىرنى ، كەل-گۈسىنى . كۆلۈپ كېتىمىز دېڭىزلاردا چۆمۈلۈپ ، تاغ-لاردا ئۇچۇپ پېرسوناژلار بىلەن تەڭ . يىغلاپ كېتىمىز ھەتتا سەرسانە خەۋەرلەردىكى ، كىنولاردىكى ئۇرۇش ئو-تىدا قېلىپ ، ئاچلىقتىن ، ئاپەتتىن زارلىنىپ.
تالىشىپ كېتىمىز باللار بىلەن ، مۇنبەر ئۈستىدە ئۈستۈنلۈكنى . «ئادەم ۋە تەبىئەت» ، «ئائىلە ۋە جەمئىي-يەت» ...
قايتىپ كېلىمىز بىر ۋاقىتلاردا قورساقلار كوركىرى-غاندا ، ئۇيقۇلار پەپىلىگەندە ، مەكتەپ ، خىزمەتلەر قوڭغۇراق چالغاندا... باشلىنىدۇ يىگىرمە تۆت سائەت يا-كى ئۇنىڭدىن ئاز ، كەڭرى دۇنيادا ياشاشلار باشلانغاندەك «خەير ـ خوش» ، «خۇش كەلدىڭمۇ» ، «ئامانمۇ سىلەر ئالەم بەندىلىرى» ...

تەھرىرلىگۈچى: **ئەكبەر سالىھ**



# ئانىنىڭ كۆز يېشى كار قىلمايدۇ

ئېزىز نۇر

*__مۇھەررىردىن:__ راست ئىشلار ئەدەبىياتى خەنزۇچە 纪实文学 دېگەنلىك بولۇپ ، ئەدەبىياتىمىزغا نىسبەتەن بۇ بىر يېڭى تۈر ھېسابلىنىدۇ . ئەمما ، بۇ باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا ، جۈملىدىن خەنزۇ ئەدەبىياتىدا زور ئالقىشقا ئېرىشكەن ، ئوقۇرمەنلىرى ئەڭ كۆپ بولغان ۋە كەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈر . ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەر ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق ئۇسلۇبتا يېزىلغاچقا ، راست ئىشلار ئەدەبىياتى تۇسىنىمۇ ئالغان . كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ، راست ئىشلار ئەدەبىياتىنى ئەدەبىي ئاخبارات دېيىشكىمۇ بولىدۇ . ئەمما ، ئۇ ئەدەبىي ئاخباراتقا قارىغاندا تېخىمۇ ئەركىن توقۇلما قىلىش ئەۋزەللىكىگە ئىگە . راست ئىشلار ئەدەبىياتىنىڭ بىر تەرىپى تارىخ ، سوتسولوگىيە ، ئىجتىمائىيەتتىن تارتىپ تاكى داڭدار ۋە نامسىز شەخسلەرگىچە چېتىلىدۇ . ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، راست ئىشلار خاتىرىسى بىر قارىماققا ھېكايىگە ، بىر قارىماققا ئەدەبىي ئاخباراتقا ئوخشايدۇ . ئەمما ، ئۇ ھېكايىدىكىدەك ۋەقەلىكلەرنى توقۇپ چىقارمايدۇ ، بەلكى ھەممىسى راست بولىدۇ ۋە ئەينى شارائىتنىڭ چىنلىقىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ يېزىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇ ھېكايىگە قارىغاندا كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا ، ئىجتىمائىي رېئاللىققا ، خەلققە يېقىن بولۇپ ، كۆپلىگەن كىشىلىرىمىزگە چىن ۋە يېقىنلىق تۇيغۇ بېرەلەيدۇ ، ئۇنىڭ ئوقۇشچانلىقى ۋە تەسىرلەندۇرۇش كۈچى زور بولىدۇ ، ئۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ «يېڭى بولۇش» ، ئاخبارات تۈسى قويۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئەمەس . مۇھىمى ، ئەدەبىي تۈسنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ .*

*ژۇرنىلىمىزدا راست ئىشلار ئەدەبىياتى سەھىپىسىنى ئېچىشىمىزدىكى سەۋەب ، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئەتراپىدىكى چىن ۋەقە ، رېئاللىق ۋە شەخسلەر ئاساسىدا يېزىلغان ئەسەرلىرىنى نوقۇل ھېكايە دەپ ئاتاپ قويۇپلا ، ئوقۇرمەنلەرنى چىن ۋەقەلەر ئارقىلىق تەسىرلەندۇرۇشتەك تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشتەك ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھېكايىگە بولغان تەلەپنى ئاشۇرۇپ ، ساپ تەسەۋۋۇر ۋە تۇيغۇ بويىچە ئىجاد قىلىنغان ھېكايىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ مەيدانغا كېلىش شارائىتى ھازىرلاش.*

بۇ ۋەقە ئاقـ ؛ ۋىلايىتىنىڭ مەلۇم بىر ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن — بىر قىز ئۆزىنىڭ ئۆگەي دادىسى بىلەن قېچىپ كېتىدۇ ، قاتتىق ھاقارەتلەنگەن ئانا ئۆز قىزى ۋە ئېرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ئەلەمگە چىدىماي ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ... بۇ ئاچچىق قىسمەتنى ئاڭلاپ قەلبىم ئۆرتەندى ، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندىم ۋە ئاخىر قولۇمغا قەلەم ئالدىم...

1

ھېلىم كېسەك بۈگۈن راسا ئوخشىتىپ تۆت كالتەك نەشە چېكىۋالدى ـ دە ، نەچچە كۈنىڭياقى قويغان كېسەكلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇبىر ساناپ بېرەلەيدىغان دەرىجىدە كاللىسى سەگەكلىشىپ كەتتى . پاتقاقتا كىرىپ تۇرۇپ ، تەرلىرى شىرىلداپ ئاققىچە لاي ئەتتى ، ئۇنىڭ سېلىمخانىنىڭ ياغلىقىدەك يوغان كۆرۈنىدىغان كەتمىنى ، بۈگۈن ئۇنىڭغا ناھايىتى يېنىك بىلىندى . ئۇنىڭ سېلىمخانىنىڭ شەھەر قولتىقىدىكى بۇ ئۆيىگە ئىچ كۆيئوغۇل بولۇپ كېلىپ ئىشلەۋاتقىنىغا بىر ئايچە بولۇپ قالغانىدى.

«بەڭ دېگەن ئاجايىپ بىر نەرسە ، راسا ھارغاندا چېكىدىغان بولسا ، بىردىنلا كۆچكە تولۇپ كېتىسەن ، غەم ـ ئەندىشىلەرنىمۇ ئۇنتۇيسەن ، بىر كۈنلۈك ئىشنى يېرىم كۈندە قىلىپ تۈگىتىسەن ، خوتۇن ـ قىزلارمۇ كۆزۈڭگە ئوت بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ» . ئۇنىڭ پات ـ پات پو ئېتىپ دەپ قويىدىغان گەپلىرى شۇ ئىدى . ئۇنى بۇ يەردىكىلەر تېزلا تونۇپ كېتىشتى ، «ھېلىم بەڭ» ، «ھېلىم كېسەك» دەپ چاقىرسا ئۇنى تونۇمايدىغانلار يوق ئىدى . بىر كۈندە ئىككى مىڭدىن ئاشۇرۇپ كېسەك قۇيىدىغانلىقى كىشلەرنى قىزىقتۇراتتى ، ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قىزىقتۇرىدىغىنى يەنىلا سېلىمخاندىن ئىبارەت بۇ شەھەر سەتىڭىنى مۇشۇنداق يېزىلىق بىر تومپايىنىڭ قانداقسىگە ئىندەككە كەلتۈرۈۋالغانلىقى بولسا كېرەك .

ئۇ ئاۋاق ، ئەمما تەتۈر ئۇستىخان كىشى ئىدى ،

ياغلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىنى بېشىدىكى تېزىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك گەدىنىگىچە باستۇرۇپ كىيەتتى . سېلىمخانمۇ ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا ئامراق ئىدى . جۇۋازچىنىڭكىدەك ياغلىشىپ كەتكەن بۇ دوپپىسىنى كۆرسىلا ، «هېلىم ئۆيدە بار ئىكەن ياكى بىر ئىشقا چىقىپ كېتىپتۇ» دېيەلەيتتى . بۇ ئايال خېلى - خېلى ئەرلەرنى كۆرگەن ، ئەمما مۇشۇ شاپاق دوپپىنىڭ ئىگىسىدەك كۆچتۆڭگۈر ۋە ئايالارنىڭ دەردىنى ئالىدىغان ئەرلەردىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ئۇ ئېرى مەينەت ۋە بەتبۇي ، يەنە كېلىپ تاز ، گەپلىرىمۇ قوپال بولسىمۇ ئۇنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرەتتى.

— هوي هېلىم ، ئېشىكنى ئېچىۋال ، نېمىشقا تېخىچىلا مۆرىمەيدۇ ، بۇ پاخشەك.

ئايال هويلىغا چىقىپ باغقا قارىدى ، هېلىم كەتمەن دەستىسىگە يۆلەنگەنچە كۇسارچان هالدا يەنە بىر - ئىككى كالتەك نەشە تارتىپ ئولتۇراتتى ، نەشىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى سېلىمخاننىڭ بۇرنىغا ، ئاندىن ياستۇقتا رىشلىيە ئىشلەپ ئولتۇرغان قىزى سارەنىڭ بۇرنىغا كېلىپ ئۇرۇلدى ، بۇ سېزىم ئۇلارنى يايرىتىۋەتتى ، ئۆزىچە پەخىرلىنىپ قويدى سېلىمخان .

— ئۆگەي دادام هەرقاچان بەك هېرىپ كېتەتتى ، خېلىلا ئىشچان ئادەمكەن بۇ ، ئىككى - ئۈچ ئەرنىڭ ئىشىنى بىر يولىلا قىلىپ تۈگىتىدىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېگەنلەرنى پىچىرلىدى قىزى ئانىسىغا قاراپ . بۇ سۆز ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئۇنلۇكلا چىقىپ كەتتى .

— ئەمدى ساڭا تۈزۈكرەك دادا بولىدىغان ئادەم تاپقان ئوخشايمەن ، ئۆمرىمىز مۇشۇ ئادەم بىلەن ئۆتۈپ كېتەر، — دېدى ئايال قىزىغا قاراپ سۆيۈنۈش ۋە خاتىرجەملىك بىلەن .

— بولمىسا مەن ئاچىقىپ بېرەي ئاشلارنى، — سارە جاۋۇرغا ئوخشايدىغان يوغان كونا ياغاچ تاۋاقتا ئۇسۇپ قويۇلغان سۇيۇقئاشنى بىر نان بىلەن قوشۇپ كۆتۈرۈپ باغقا قاراپ ماڭدى . سۇيۇقئاشتىنمۇ ئاش كۆكىنىڭ بىر خىل مەززىلىك پۇرىقى كېلىپ چۆچۈرىدەك پۇراپ تۇراتتى ، بۇ ئانىنىڭ تاماقتا ئۇستا مەزلۇم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— هەي قىزىمەي ، چاپسانراق بولمامسەن؟ قورساق ئېچىپ دۈمبەمگە چاپلىشىپلا كەتتىغۇ، — كىسەكچىنىڭ گەپ قىلغان چاغدا قويۇق ئۆسكەن ، چار سانجىغان ساقىلى هەر بىر ئېغىز گەپنى ساناۋاتقاندەك مىدىرلاپ كېتەتتى . باغ تەرەپكە باغلاپ قويۇلغا ئىت ئاشنىڭ مەززىلىك پۇرىقىدىن قۇيرۇقلىرىنى ئويىنىتىپ ئەركىلەپ كىسىلداپ قويدى . قىزنىڭ قولىدىن يەيدىغان تامىقىنى تارتىۋالماقچى بولغاندەك ، ئالدى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئېيىقتەك ئىغاڭلىتىپ قوياتتى.

— چاغ ، چاغە...

— سارە قىزىموي ، ئەكەلگىنىڭ نېمە ئەمدى بۇ، — دادا بىلەن قىزنىڭ كۆزى بىر - بىرىگە بېقىشىپ قالدى ، بۇ كۆز ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغان سەممىي ۋە ئېغىر -بېسىق كۆز ئىدى . كۆزنىڭ ئىچىدىن گىرۋەكلىرى ، چۆرىلىرى سارغىيىپ كەتكەن ، كۆز ئاقلىرى ئارىسىدىن قانداقتۇر بىر خىل كۈچ ۋە ئىشەنچ چىقىپ تۇرىدىغان كۆز ئىدى.

— ئاپام ئاش ئېتىپتىكەن شۇ ، شۇ... سۇيۇقئاش،— چۈشەنمىگەندەكلا جاۋاپ بەردى قىز دادىسىغا

— ها. . ها...ها... هەي ئەركە قىزىمەي، — بىر قاچىغا ، بىر قىزىغا قاراپ، — بۇ ئارانلا قورسىقىمغا ئەستەر بولالىغۇدەكقۇ بالام ، ئۆيدە ئۇن قالماپتىكەن - دە ، ئەتە بېرىپ ئۇن تېگىشىپ كېلەي بولمىسا، — دېدى هېلىم كىسەك ئۆزى ياكيۇنى تېشىپ ۋاقىتلىق ياسىۋالغان غاڭزىسىنى كەتمىنى ئۇستىگە قويۇپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق ئەمەس ، ئۆيدە ئۇن بار ، شۇ ئاپام پەملەپ قىلالمىغان ئوخشايدۇ، — دېدى قىز دادىسىنىڭ بىر جاۋۇر كەلگىدەك ئاشقا ۋە بىر نانغا تويمايدىغانلىقىغا هەيران قىلىپ، — مەن ئۆزۈم يەنە ئېتىپ بېرەي بولمىسا، — دەپ ئارقىسىغا ياندى ئۇنىڭغا يەنە بىر قارىۋېلىپ.

بۇ قىز ئۆتۈۋاتقاندا ، ئىت هەدەپ «يەيدىغىنىمنى ئاچىقىپ بەر» دېگەندەك قىلىپ قاۋىماقتا ئىدى .

قىز ئۆزىگە ئۇسۇپ قويغان بىر چىنە ئاشنى كۆتۈرۈپ يەنە باغقا قاراپ ماڭدى.

— هوي سېلىمخانهوي ، ناندىن تۆت - بەشنى بۇياققا سۇنۇۋاتقىنا!

بۇ چاغدا قىز باغقا قارىتىپ ئېچىلغان هويلا ئىشىكىدىن ئۆتۈپ بولايلا دېگەنىدى ، ئۇ بۇ تۇۋلاشنى ئاڭلاپ ، قولىدىكى ئېشىنى يەرگە قويۇپ قويۇپ نانغا قاراپ يۈگۈردى . «بەڭگە بىر ئولتۇرۇشىدا بىر تەڭنە ناننى يەپ بولىدۇ» دەپ بىكار ئېيتىلمىغان بولسا كېرەك ، ئۇ بىر دەمدىلا چۆچەكتىكى ئاشنى كۆتۈرۈپ سومۇرۇۋېتىپ ناننىمۇ يەپ بولايلا دەپ قالغانىدى.

ئىتمۇ هەيران بولۇپ بۇ يېڭى ئۆي ئىگىسىگە قاراپ قالغانىدى ، قىزى بىر چىنە ئاش بىلەن داستىخانغا يۆگەپ ئېلىپ چىققان ناننى ئۇنىڭ ئالدىغا قويغاندىلا ئاندىن ،

«ئۇھ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . ھېلىم كېسەك قىزنىڭ قارىغاندا ، قىزنىڭ تەنلىرى نېمىشقىدۇر شۈركىنىپ كەتكەندەك بولدى ـ دە ، ئىتتىك ئارقىغا ياندى . سېلىمخان قازاننىڭ تۈۋىنى قىرىپ ، يۇندىلىرىنى بىر تەلەڭگىگە ئۇسۇپ ئېلىپ چىققاندا ، ئىت قۇيرۇقىنى ھەدەپ ئوينىتىپ ، ئىگىسىگە قاراپ تىللىرىنى چىقارغانچە زەنجىرىنى سىلكىمەكتە ئىدى.

ئايشەمخاننىڭ بېغى بار ، ۋاي بالا،
باغ ئىچىدە گۈلى بار ، ۋاي بالا.
ئاشۇ باغدا ئايشەمنىڭ ، ۋاي بالا،
قىزىلگۈلدەك قىزى بار ، ۋاي بالا.
...

سېلىمخان ئېرىنىڭ بۇ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ، بىر دەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن كۈلۈپ قويدى ـ دە ، ئېرىنىڭ يېنىغا بېرىپ بىردەم تۇرۇۋالغۇسى كەلدىيۇ ، قىزىدىن ئەيمىنىپ ئاياغ سۆرەپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ، بوم ئاۋازدا ئېيتىلغان بۇ ئېگىز ـ پەس ناخشا يەنە خېلى ئۇزاققىچە ئىشكلەردىن ـ دېرىزە روجەكلىرىدىن كىرىپ ياڭراپ تۇردى ، خېلى ئۇزۇنغىچە باغ ـ ھويلا ، ئەتراپتىكى مەھەللىلەرگىچە تارقالدى .

## 2

ئۇلار ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر جۈپ تەلۋە يىگىت ـ قىزلاردەك ، كېچىچە ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ چىقتى ، ھېلىم بەڭ شۇ ئەلپازىدا ئۆينىڭ تام ـ تورۇسلىرىنى ئۆرۈۋېتىدىغاندەك قىلاتتى ، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ئايال ئۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنگەنىدى ، ئۇ يېنىش ـ يېنىشلاپ: «مېنى مۇشۇنداق ئەردىن مەڭگۈ ئايرىمىغايسەن ئىلاھىم ، مەن ئۆتۈنەي ، بىز ئۇ دۇنياغىمۇ مۇشۇ ھالدا بىللە بارايلى ، قىيامەتلىك ئەر ـ خوتۇنلارنى ھەرگىز بىر ـ بىرىدىن يىراق قىلمىغىن ، مەن پەقەت سەن ياراتقان مۇشۇ ئەر ئارقىلىقلا ئەرلەرنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى ، ھاياتنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم ، ئىلاھىم ، ئالتۇن ـ بىساتلىرىمدىن ئايرىساڭمۇ ، بۇ ئەردىن ئايرىمىغايسەن» دېگەنىدى ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ.

كومىلاچ تام قىلىپ قوپۇرۇلغان ، خېلى ئۇزۇنغىچە سوزۇلۇپ ياتىدىغان بۇ باغنىڭ قاشا ـ تاملىرى ھېلىم كېسەكنىڭ كۆچلۈك قوللىرى تەرىپىدىن نىقداپ ، چىڭداپ قۇيغان كېسەكلىرى بىلەن رەتلىك قىلىپ قوپۇرۇلدى . ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ تۇرىدىغان روجەكلەر چىقىرىلدى ، بۇ يەر ئەمدىلىكتە يىراقتىن قارىسا كۆكۈل قويۇپ ياسىغان شەھەر باغچىسىغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى . ئەلۋەتتە ، ئۆرۈك ، ئالما ، شاپتۇل ، نەشپۈت ۋە ياڭاقلارنىڭ تىنىپ كەتكەن ئېرىقچىلىرى ، ئۇنىڭ قوللىرى ۋە يوغان كەتمىنى تەرىپىدىن باشقىدىن قىرىپ ياسالغانىدى.

ئېشەكنىڭ قورسىقى ئۇچۇن پەقەت بىر ئېتىز بېدىلا قالدۇرۇلۇپ ، قالغان باغدىكى ئوت ـ چۆپ چىرماپ كەتكەن تاشلاندۇق پارچە يەرلەر ، ئازگاللار باشقىدىن ئۆزگەرتىلىپ رەتلىك بىر ئېتىزغا ئايلاندۇرۇلدى.

— باغ دېگەن بۇنداق تۇرۇۋەرسە بولمايدۇ ـ دە ، ئۇنىڭ تۈۋىنى ھەيدەپ بوشىتىپ تۇرىمىز ، ئۈستىدىكى ھارام شاخلىرىنى چاتاپ تۇرىمىز، بۇنىڭ بىلەن باغ دېگەننى بارغۇ ، قىز بالىنىڭ كۆڭلىدەك يايرىتىپ ئېچىلدۇرۇۋېتىمىز دەڭلا خوتۇن .

— دەۋاتقان گېپىنى قارىمامدىغان بۇنىڭ، — رازىمەنلىك بىلەن ئېرىگە قاراپ كۈلۈپ قوياتتى سېلىمخان.

— بۇ باغدىن بارغۇ ، ئون ئۆگزە ھوسۇلنى ئارتۇق ئالىمىز بۇ يىل .

قايماق سېلىپ تەم ـ تۈزلىرىنى تەڭشەپ ئەكەلگەن چاي قىزنىڭ قولى ئارقىلىق دادىسىغا سۇنۇلغاندا ، ئانا ھېلىمدىن باغقا قاراپ سۆيۈنگەندەك دادىسىدىن بۆلەكچىلا سۆيۈنۈپ كەتكەنىدى . قىز دادىسىغا بولغان ھۆرمەت ، ئىشەنچ بىلەن ، «ئىشچان ئادەم ئىكەن ، ئۆزۈمنىڭ دادىسىدەكلا بولۇپ قالدى ، ھەرقانچە ئۆز دادام بولسىمۇ مۇشۇنچىلىك قىلالار ئىدى» دەپ ئويلايتتى ، ئۇ كىچىك چاغلىرىدىكى دادىسىنى ئەسلىگەندە ، دادىسى يىراق جايدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراۋاتقانلىقى كۆرۈنگەندەك بولدى . ئۇ تەرلىرى تۆكسىز ياڭيۇدەك بېشىدىن ئېقىپ ، يۈزلىرى ، ئېڭەكلىرى ، بويۇنلىرىغىچە چۈشكەن ، مەيدىسىنى يوغان ئېچىۋەتسىمۇ تېخىچىلا تەرىدىن ھۆل بولۇپ كەتكەن ، تەردىن قۇرىمىغان ئاپئاق ماتا كۆڭلىكى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئىشچان ئادەمگە قارىغاندا ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يىراقتىكى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان دادىسىنىڭ بىر جۈپ كۆزلىرىنى كۆرۈپ ، بەدىنى ئۆزى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل سېزىم بىلەن چايقالدى . قىز باياتىن بېرى ئۆز قولى بىلەن پىشۇرۇپ ئېلىپ چىققان ، قازان تۈۋىگە سالغان نانلىرى قۇياش تەپتىدىن ، ئەتراپتىكى قىزىپ ۋىلىلداپ يېنىپ كەتكەن مەھەللە سايلىرىدەك قىزىق ئىدى . قازان نېنىنىڭ ھىدى ئۇنىڭغا باللىق دەۋرىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئېسىگە سالاتتى ۋە شۇ مېھىر ـ مۇھەببەت

بىلەن قوشۇلۇپ ۋۇجۇدىغا ئېقىپ كىرەتتى . بۇ ئادەم ئۆزىنى بۇ يەردە خېلىلا ئۆزلىشىپ يىلتىز تارتىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى . باشقىلارنىڭ ھۆرمىتى ، ئىشەنچىسىگە ، بولۇپمۇ بۇ ئانا ـ بالىنىڭ ھۆرمەت ـ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ تېخىمۇ كۆچكە تولاتتى . ئانا بىلەن بالا بۇ يىگى ئەرنىڭ بۇ ئائىلىدە ، بۇ تەۋەلىكتە بولمىسا ئەمدىلىكتە زادىلا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشكەنىدى .

داستىخانغا قويۇلغان قازان نېنى ، يوغان چەينەكتىكى ئەتكەنچاي چىنە ـ چۆچەكلەرگە قۇيۇلۇپ ، بۇ ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ گاللىرىدىن بىرخىل خاتىرجەملىك ، سۆيۈنۈش ۋە بەخت ئېقىنلىرى بىلەن ئېقىپ كىرەتتى.

كاككۇك سايراپ ، يىراقتىن ھارۋىكەشلەرنىڭ ھارۋىلىرىغا ئۇنچە بېسىپ ماڭغان چاغدىكى ۋەزنىلىك ناخشىلىرى ئاڭلىناتتى .

قىز ئانچە يىراق بولمىغان جايدىن ۋىلىلداپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان دەريا سۈيىدە ، مەجنۇنتاللار دالدىسىغا كىرىپ ئۇتتەك قىزىپ كەتكەن ھاۋادا ، ئۆزىنى سەگىتكەچ سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىماقتا ئىدى ، ئۇنىڭ بىر جۈپ ئالمىدەك كۆتۈرۈلۈپ چىققان تاشتەك چىڭ كۆكسى خالتا چىقىرىپ ئەگىپ ئۆتۈشتىن سىزۇلۇپ قالغان دەريا سۈيىدە ئۆزىنى دۇنياغا كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقاندەك بەكلا چىرايلىق كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ سىلىۋەتمىگەن نېپىز ئىچ كۆڭلىكى لەگمەن پىلتىسىگە ياپقان داكىدەك چىڭ چاپلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، بەدەنلىرىدىكى ھەممە لاتاپەت ، گۈزەللىكلەرنى تولۇق نامايەن قىلىپ تۇراتتى . ئۇ خىرامان ھالدا پاقىچىلاپ ئۈزدى ، ئاندىن ئارقىچىلاپ ئۈزگەندىن كېيىن بىرنەچچە قېتىم چۆمۈلۈپ چىقتى ـ دە ، سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ كۆك بېتىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان تولۇن ئايدەك بەكلا خاتىرجەم كۈلۈپ قويدى ، ئۆرۈمە چاچلىرىنى چۇۋۇپ يەشتى . يىراقتىن ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان «ئايشەمخاننىڭ بېغى بار» دېگەن ناخشا ئاۋازى ئاڭلانماقتا ئىدى . بۇ چاغدا قىز ۋىلىلداپ ئېقىپ كېلىدىغان دەريا يۈزىدە ، يان تەرەپنى بويلاپ ياغاچ تاۋاققا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنىڭ ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ بىر ئاق نان ئىكەنلىكىنى بىلدى ، نان ئەگىمنىڭ يەنە بىر جەينىكىگە كېلىپ سۇزۇك سۇغا قوشۇلۇپ توختىغاندا ، قىز ئۇ ناننىڭ ئارقىسىدا چوقۇم بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى پەملەپ چۆمۈلگەنچە تېخىمۇ قويۇق گىرە سالغان مەجنۇنتاللار ئارىسىغا قاراپ ئۈزدى ، ئۇ سۈزۈك سۇدىن چۆمۈلۈپ ئۆتكەندە ، خۇددى ئالتۇن بېلىق سۇنىڭ تېگىدە ئۆزىنى يېنىك تاشلاپ ئۈزۈپ ئۆتكەندەك كۆرۈنەتتى ، بۇ چاغدا تېگىدىكى تاش ۋە سۇ ئوتلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ جايدىكى بېلىقجانلار ، گۈررىدە قوزغالغىنىچە نان تەرەپكە ئۈزۈپ بېرىپ ئۈلگۈرگەنىدى .

ھېلىم بەگ يەنە بىرقانچە ناننى تاشلاپ بۇ نانىمۇ سۈزۈپ ئۈلگۈردى ، ئۇ ئىشتىها بىلەن بولكىدەك يۇمشاپ كەتكەن نانلارنى يەپ تۈگەتتى ـ دە ، ئەتىگەنلىك ئۇيقۇسىدىن قوپقان ئادەمدەك خىرامان كېرىلىپ قويۇپ بىر ـ ئىككىنى ئەسنىۋالدى ، ئاندىن كۆڭلەك ۋە تامباللىرىنى يېشىپ ، قىپيالىڭاچ بولۇپ سۇغا شۇڭغۇدى ، قىز «گۈلدۈر» قىلىپ سۇغا سەكرىگەن ئاۋازدىن ئىلگىرىلا ، بۇ يالىڭاچ گەۋدىگە ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈك بېلىقتەك ساڭگىلاپ تۇرغان قورقۇنچلۇق جايلىرىغا قاراپ بەكمۇ قورقۇپ كەتكەنىدى ، ئۇنىڭ كاللىسىدا «دادا» دېگەن ئۇقۇممۇ يوقالغانىدى . ھېلىم ئېقىمغا قارشى كۈچ بىلەن ئۈزۈپ ئالتە ـ يەتتە ئارغامچا بويى ئۈزاپ كەتتى ، ئۇنىڭ ھەر بىر كۈچ بىلەن سۇ يېرىپ ئۇرغان قوللىرى ، تەپكەن پۇتلىرى ، خۇددى ئېغىر كەتمىنىنى يەرگە پاتۇرۇپ چاپقاندەك ئاۋاز چىقىراتتى .

قىز قورقىنىدىن قاراڭغۇدا كۆن ئۆتۈشمەيدىغان مەجنۇنتال ئارىسىدا كىرپىدەك تۈگۈلۈپ قالدى ، ئۇنىڭ سۇ ئۈستىدە كۆزى بىلەن تۇمشۇقىلا ئۇچۇق قالغان بولۇپ ، قالغان يەرلىرىنى تامام يوشۇرغانىدى ، چاچلىرى مەجنۇنتال چىۋىقلىرىدىن پەرقسىز ھالدا لەيلەپ تۇراتتى ، ھېلىم سۇدىن چىقىپ ئۇنىڭ نېرى تەرەپتە سېلىقلىق تۇرغان كىيىملىرىنى تونۇپ قالدى ، بۇ چاغدا بۇ ئىنسانىنىڭ يۈرىكى دېڭىز ئاستىدىكى مۇزتاغقا ئىسسىق بىر دولقۇن كېلىپ ئۇرۇلغاندەك چايقىلىپ كەتتى ، ئەمما قىز تارتىنىش سەۋەبىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ، بۇ جايدىن ئاللىبۇرۇن غايىب بولۇپ ، سۇنىڭ تېگى بىلەن چۆمۈپ ئېقىپ ، سۇ ئېقىنىنىڭ ئاخىرقى ھارغىن يېرىگە كېلىپ لەيلىگەنىدى.

3

ھېلىم بەگ ئەتىگەندىلا بىرنەچچە كالتەك تارتىۋېلىپ ، بىر توپ كىشىلەر بىلەن سول تالىشىپ بۇغداي ئورغىلى تۇرۇۋىدى ، ئۇلارنى كۆز يەتكۈسىز ئارىلىقتا تاشلىۋەتتى ، ئۇنىڭ يوغان ئورغاقلىرى خۇددى بىپەرۋا بېدىچى بېدىلىرىنى بىردەمدىلا يۆگەپ ئورۇپ بولغاندەك ، ئورۇپ يېقىتاتتى . باغلام ـ باغلام ئۇنچىلەرنى سېلىمخان بىلەن

ساره يىغىپ باغلاپ ئۇلگۇرتۇپ بولالماي قالاتتى . ئەتە-
يازدا قويلارغا كېسىپ بېرىدىغان سۆگەت بادىرىســـدىن
سويۇۋېلىنغان قوۋزاقلار يېرىنچە ئۆگزىدە تۇرۇپ قاق بو-
لۇپ كېتىشكە قارىماي ، ئىشچان سارەنىڭ قولى ئارقى-
لىق سۇ كۆلچىكىگە تاشلىنىپ ، يۇمشاق ئېرىپ تاسمى-
دەك بولۇپ كېتەتتى . ئۇ ئىشتىنىنى يوتىسى كۆرۈنگىچە
تۈرۈپ ، كالته يوپكىچان هالدا ئىشلەيتتى ، ئۇنىڭ يېزا
قىزى بولۇشىغا قارىماي ، بىلىقىنىڭ قورسىقىدەك ئاپئاق
بەدەنلىرى يېزا يىگىتلىرىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى ،
چىرايلىق پىگورى ، مۇشۇ كۆنلەردە ئاپتاپتا چاي رەڭگىدە
قارىداپ ، ئاشۇ ئۇنچە باغلاۋاتقان قوۋزاق باغقىلا ئوخشاپ
قالغان ، ئەمما ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن گۈزەللىكىنى قوغ-
دايدۇ ـ ده ، چىرايلىق قىزلار ئۆزىنىڭ گۈزەللىـــكــــىنى
قوغداشقا تېخىمۇ ئامراق ، ئۇ گاز ياغلىقى بىلەن يۈزلى-
رىنى يۆگەپ دېگۈدەك مەهكەم چىگەتتى . ئۇنىڭ يۈزلىرى
خۇددى قولياغلىقتا يۆگەپ قويغان تۇخۇمدەكلا كۆرۈنۈپ
قالاتتى ، بەزى كۈنلىرى لاتا شىلەپىسىنى كىيىۋالغاندا ،
تېخىمۇ مەدەنىي ۋە زىيالىي  سۈپەت كۆرۈنەتتى . سې-
لىمخان ئانا قىزىنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاندەك ئېتىزدا
ئىشلەۋېتىپمۇ تويماسلىق بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ
قالاتتى ، ئۆزىنىڭ ياشلىق چاغلىرىنى ، ئاشـۇ قـــىزغـا
ئوخشاش باشقىلارنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىدىــغــان
گۈزەل ئالتۇن دەۋرىنى ئەسلەپ ، «بىزنىڭمۇ ئاشۇنداق ئې-
سىل چاغلىرىمىز بولغان ، ساڭىمۇ گۈل ـ گۈلىگە كەل-
گەندەك ، ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك ئېسىل ،
ۋاپادار يىگىتتىن بىرنى جۈپ قىلار ئىلاهىم» دەپ سالاتتى
ئىختىيارسىز هالدا . سېلىمخاننىڭ گۈزەللىكى تېخىچىلا
كەتمىگەن بولۇپ ، بۇ مەهەللىدىلا ئەمەس ، ناهىيە باز-
رىدىمۇ «سېلىم سەتەڭ» دېسە كىشلەرنىڭ ئاغزىغا بىر
كېلەتتى ، 40 ـ 50 ياشلاردىكى ئۇنىڭ بىلەن تەڭتۇش
ئورمىچىلار بۇ سەتەڭگە چاقچاق قىلىۋېلىش بىلەن كۆ-
ڭۈللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ، هاردۇقلىرىنى بېسىشاتتى.
ـــ مۇشۇ سېلىمخاندەك ئاياللىرىمىز بولغان بولسا ،
ۋاه ، ۋاه ، كېچە ـ كۈندۈز ئورما ئورساقمۇ هارمايتتۇق ـ
ده!
ـــ سەتەڭلەر يۈرەكنىڭ دەردىنى ئالىدۇ ، دېگــەن
گەپ بار ئەمەسمۇ؟
ـــ ئايالىم قىز تۇغۇۋىدى ، ئۇنىڭغا سېلىمخان سە-
تەڭدەك چىرايلىق بولسۇن دەپ ، سېلىمخان دەپ ئىسىم
قويدۇم دەڭلا تېخى.
ـــ خوتۇن خەقنىڭ بالىلىرىنى چىرايلىق بولىدۇ
دەپ ، تاغار ـ تاغار ئالما يېگىنى بىكار ، مۇشۇنداق سە-
تەڭلەرنىڭ ئىسمىنىلا قويساق كۇپايە.
ـــ ها ـ ها ـ ها...
ساره بۇ گەپلەرنى چالا ـ پۇچۇق ئاڭلاپ قالاتتى ـ ده ،
يۈزلىرى كەچتىكى شەپەق نۇرىدەك  ۋىللىدە قىـــزىـــرىپ
كېتەتتى ، نېپىز لەۋلىرىنى بوشقىنە چىشلەپ قويۇپ ،
بۇيەردىن ئالدىراپ ئۆتۈپ كېتەتتى . دېمىسىمۇ بۇ قىز
يۈزى تۆۋەن ، ئەدەپ ـ قائىدىلىك هەم چىرايلىق ئىدى ،
بۇنىڭغا گەپ كەتمەيتتى . مەهەللىدىكى بىرمۇنچە كى-
شىلەر ئۇنى كېلىن قىلىۋېلىش ئۈچۈن تېخىچە ئېغىز
ئاچالماي يۈرەتتى ، ناهىيە بازىرىدىن كېلىدىغان بەزى
پۇلدارلارنىڭ ئېغىز ئاچقان چاغلىرىمۇ بولدى ، ئەمما
سېلىمخان بۇ چىرايلىق بولغىنى بىلەن ساددا ، ئىشچان
قىزىنىڭ هۆرۈن ، ساختىپەز شەهەرلىكلەرنىڭ قولىـــغا
چۈشۈپ بەختسىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، بىر-
نەچچە ئەلچىنىمۇ قايتۇرۇۋەتكەنىدى . بۇنىڭغىمۇ خېلى
ۋاقىتلار بولۇپ قالدى ، ئەمدى ئۇلار بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ
كەتكەندەك قىلاتتى ، پۈتۈن ئەس ـ يادى بۇ يېڭى ئائى-
لىنىڭ بەختىنى سۈرۈش ، مۇشۇنداق ئورما ئورۇش ، باغ
باغلاش ، تام قوپۇرۇش ، باغدىكى پىشقان مېۋىـــلــەرنى
باغدىن ئېلىپ چىقىپ قاق سېلىش ، بىر قىسىملىرىنى
ئۇدۇللۇق باققالچىلىق قىلىدىغانلارغا سېتىش بـــىلــەن
مەشغۇل بولۇپ ، بۇ خىل خىياللارنىڭ كۆلەڭگىسىمۇ
قالمىغاندەك قىلاتتى.
ـــ ساره قىزىم ، هېرىپمۇ قالغانسەن.
ـــ هېرىپقۇ قالمىدىم ، ئازراق بېلىم ئاغرىۋاتـــىدۇ
شۇ، ـــ هېلىم بەڭ ئۇنى تۈنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك
ئۇنىڭ كىچىككىنە بىر باغلام ئۇنچىدەكلا كېلىدىــغــان
بېلىگە ، كەڭ يەلكىسىگە ، بۇلاق كۆزىگە ، ئېگىز كۆ-
تۈرۈلگەن بۇرنىغا ۋە تەر ئېقىپ چۈشۈپ توپا ـ توزۇندى-
لاردىن لاي بولۇپ سىڭگەن يۈزىگە ، بەلگە بولۇپ قالغان
ئۇزۇن بوينىغا قاراپ قالدى . ئۇ بىر نەرسىنى تاسادىپىي
دەپ سالغاندەك ئۇنىڭ كۆكسى تەرىپىگە بىرقارىۋالغاندىن
كېيىن:
ـــ قىزىم ، بۇ ئورمىنى  تۈگەتسەكلا قۇلاقلىرىڭغا
بىر جۈپ ئالتۇن هالقا ئېلىپ بېرەي، ـــ دەپ سالدى . ئۇ
قايتا ئويلىنىپ كۆرۈۋېدى ، بۇنداق قىلىش تامامەن ئو-
رۇنلۇق ۋە پايدىلىق بىلىندى.
ئوق تىرگەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ، ئېتىزلار  سالالاشتۇ-
رۇلغاندىن  كېيىنمۇ ئېلىۋېتىلمەي تۇرۇپ قالغان ئىككى
تۈپ كىشمىش ئۆرۈك بار بولۇپ ، بۇ يېزىدىكى بىر جۈپ
ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك قىشمۇ ياز مۇشۇ ئوچۇق دالا ئۈستىدە
تۇراتتى ، هېلىم بەڭ سول تارتىپ بۇ يەرگە ئۇلاشقاندا ،

بىردەم سالقىنداپ ئولتۇرۇشقانىدى ، ئۇششاق باللارنىڭ ئۆرۈك ئوغرىلاپ يەپ سۇندۇرۇۋاتقان شاخلىرى ئىسسىق ئاپتاپتا قۇرۇپ ساڭگىلاپ تۇراتتى ، كىشىلەر پات ـ پات كېلىپ يەيدىغان ، سەگىدەيدىغان بۇ ئۆرۈكنىڭ ئەتراپىدىكى بۇغدايلار بىر كالىنى باغلاپ قويغانىدەك دائىــرە هاسىل قىلىپ ، بۇغداي دەسسەپ ياتقۇزۇۋېتىلگەن .

سېلىمخان يوغان بىر چېلەككە توشقىچە دوغاپ ئېتىپ كۆتۈرۈپ كەلدى ، ئۇنىڭ يەنە بىر قولىدا نان يۆگەلگەن داستىخان بولۇپ ، بۇ نەرسىلەرنى ئاران دېگۈدەك كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى . يېقىن كەلگەندە ، قىزى سارە ئۇنىڭ قولىدىكى داستىخاننى ئالدى ، ئارقىدىنلا هېلىم بەگ چېلەكنى كۆتۈرۈپ كالا سۇ ئىچكەنــدەك دوغــاپنى كۆتۈرۈپ ئىچىشكە باشلىدى . مۇزدەك سوغ دوغاپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى خېلى ئوبدانلا سەگىتىپ قويدى.

ـــ ئۇھ ، ئەمدى قاندىم ، هاردۇقۇممۇ چىقتى،ـــ چېلەك ئۇنىڭ بىر كۆتۈرۈشىدىلا يېرىملاپ قالغانىدى . ئايال قولىدىكى لۆڭگە بىلەن ئېرىنىڭ تۇمشۇقىدا ئېقىپ ـ ئېىسلىپ قالغان دوغاپ يۇقۇندىلىرىنى سۈرتكەندە ، يوغان قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئۆزىگە تارتىپ قويدى . ئەگەر قىزى قېشىدا بولمىغاندا ئىدى ، بەدىنى كۆچكە تولۇپ تۇرىدىغان بۇ هېلىم بەگ ئۇنى قىز باللارنى كۆتۈرۈپ باسقاندەك لىككىدە كۆتۈرۈپ بېسىۋالغانمۇ بولاتتى ، قىز ئوڭايسىزلىنىپ قولى بىلەن يۈزىنى توسۇپ ، ياغلىقىنى تۈزەشتۈرگەن بــولــۇۋالــدى . ئورمىچىلار يېتىپ كەلگەندە ، سېلىمخاننىڭ قولــىنى قويۇۋېتىپ ئۆزىمۇ سەزمەي قاراپ تۇرغان هېلىم بەگ ، قىزىدىن ئاستا كۆزىنى ئۈزۈپ نېمە سەۋەبتىندۇر يىغىلىپ قالغان تۈكۈرۈكلىرىنى غورت قىلىپ ئىچىگە يۇتۇۋەتتى ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ خېلىلا پارقىراپ قالغانىدى.

ئورمىچىلار بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك داستىخان ئەتراپىغا ئولىشىپ ، دوغاپ ـ نانلاردىن ئىشتىها بەزمىسى قىلىشماقتا ئىدى . بەزىلىرى ئۆرۈك سىلكىپ ، ئۇچىدا ساغرىپ پىشقان ئۆرۈكلەرنى چۈشۈرۈشكە ئالدىرايتتى ، نېرىدىكى مەهەللە تەرەپتىن قىز ـ چوكانلارنىڭ كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن نېمىلەرنىدۇر كۆتۈرۈشۈپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**4**

بۈگۈنكى هاۋا ئادەمنىڭ كۆڭلىگە خېلى ياقــاتــتى ، تومۇز سەگىپ ، ئىسسىق هاۋا سالقىنداپ قالغاندەك قىلاتتى . ئەمما ، كىشىلەر ئۆزىنىڭ بەختىگە ئۆزى ئىشەنچ قىلالمىغاندەك ، بۇ هاۋاغىمۇ ئىشەنچ قىلالمايتتى.

ئۆيگە سۆز ئېيتىپ كىرىپ كەلگەن ئىككى مويسىپىت ئەلچى مەهەللىدىكى يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئىدى .

ـــ قىز چوڭ بولسا ياتلىق بولىدىغان ، ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىدىغان گەپ ئىكەن ، بۇ بىزدىن قالغان ئىش ئەمەس ، سېلىمخان، ـــ دەپ چۈشەندۈرمەكتە ئىدى ، گەپ ئەگىتىپ كېلىۋاتقان ئەلچىدىن بىرسى.

ـــ مەن ئۆز ئالدىمغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن ، هەممە ئىشنىڭ ئۆز يوسۇنى بولىدۇ، ـــدېدى سېلــمــخــان ، كۆڭلىدە قىزىنى ئۇلارغا بەرگۈسى بولسىمۇ ، دەماللىققا ئاغزىدىن چىقىرالماي . قىز يەنە بىر ئۆيدە تۇرۇپ ، بۇ گەپلەرنى ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىپ تۇرۇپ ئاڭلاپ قالدى ، ئۇنىڭ يۈرىكى شادلىقتىن ئويناپ كەتتــيــۇ ، خــۇددى نۇرغۇن ئادەم ئۆزىنى كۆرۈپ قالغاندەك يۈزى ۋىلــلــىــدە قىزىرىپ كەتتى ، ئاندىن يۈرىكى جىددىي سېلىپ قورقۇپ كەتتى . ئۇ ئىختىيارسىز چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ، يۈرىكى تەرەپكە قول سوزدى ، ـــ دادىسى ئۆيدە يوق ، ئۇ بولغان بولسىغۇ بەلەن بولاتتى.

ـــ قانداقلا بولسۇن ، سىلى ئۆز ئانىسى بولغاندىكىن گەپلىرىنى يىرماس!

ـــ ئۇمۇ دادا ـ دە!

ـــ چاقىرىپ كېلەيلى ، بولمىسا، ـــ ئەلچىلەرمۇ بۇ ئايالنىڭ قورسىقىغا كىرىپ بېقىپ ، تومۇرىنىڭ ئۇڭ تەرەپكە سوقۇۋاتقانلىقىنى پەملەشتى ، بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلدى.

ـــ هوي ، هېلىممۇ سەن؟ ـــ ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سالام بېرىشىپ كۆرۈشتى . بۇ كىشىلەرنىڭ ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى پەملىگەن هېلىم ، ئۇلارغا تەلۋە بۇقىدەك كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ ئالايدى.

ـــ مەن بىر ـ ئىككى كۈن بولمىسام شۇنچــۋالا چوڭ ئۆزگىرىش بوپكەتتىما؟ ـــ بىر هەپتە كەلمــســەم ئۆزۈڭنىمۇ قوشۇپ ئەرگە بېرىۋەتكۈدەكسەن، ـــ دەپ ئالايدى ئايالىغا ئۇ ئىچىدىن چىقىپ چوققىسىغا تەپكەن ئاچچىق ئىچىدە داستىخانغا تەكلىپ قىلغان ئەلچىلەرگە كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن . ئۇ ياڭيۇدىن ۋاقىتلىق ياسىۋالغان غاڭزىسىنىڭ دەستىسىنى پاس قىلىپ سۇندۇردى ـ دە ، ياڭيۇنى تۇخۇمنى ئەزگەنــدەك ئــېــزىــپ ، ئەسكى لاقا ـ لۇقا تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئوچاققا ئاتتى ، ئاندىن بازاردىن سېتىۋالغان ئۇزۇن تۇچ غاڭزىسىغا ئۇلارنىڭ كۆزىچىلا موخوركا ، ئاندىن ئىككى تال «ئۇرۇق»نى چېڭداپ بېسىپ ، نەشىسىنى بولۇشىغا شوراپ ئاسمانغا

پۇۋلىدى . بەش ۋاخ ناماز ئۆتەپ پاكىز ئۆتۈپ كەلگەن بۇ كىشىلەر ئۆزىگە مەززىلىك ، باشقىلارغا سېسىق پۇرايدىغان بۇ بەگدىن سەسكىنىپ كەتتى ـ دە ، تولغىنىپ قىمىرلاشتى.

ـــ ھەي سارە قىزىم ، چىقە بۇياققا ، ئۆزۈڭ بىرنېمە دەپ مېھمانلارنى ئۇزات ئەمدى، ـــ قىز بۇنداق ئەھۋالدا نېمە دېيەلىسۇن؟ ھېلىم بەگنىڭ ئاۋازىدىن ئۆي تىترەپ سۈر بېسىپ كەتكەندەك ئىدى . قىز مۇجۇقلۇق ئىشىكنى غىچ قىلىپ ئېچىپ چىقتى ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە بۇ قىز تۇمانلار ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئايدەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى.

ـــ پاھ ، نېمىدېگەن چىرايلىق، ـــ ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە دېگەن ئاۋازىنى ئۇلارمۇ ئاڭلاپ قېلىشتى، ـــ دادا ئۇلارغا نەشتەرلىك ئالايدى ، قىزنىڭ خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتكەن يۈزى ، نېپىز قۇلىقىدا ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بىر جۈپ ھالقىسى بىلەن قوشۇلۇپ ، خان مەلىكىلىرىدەك كۆرۈنەتتى . ئۇ ئۇلارغا بېنىك سالام بېرىپ



قويغاندىن كېيىن ، بېشىنى تىك كۆتۈرۈشكە پېتىنالماي ئىرىنىقىنى تاتىلاپ بىردەم ئۇن ـ تىنسىز تۇردى ـ دە ، بىر خىل كۆچىنىڭ تۈرتكىسىدە كامارىدىن ئېتىلغان ئوقتەك ئوچۇق تۇرغان ئىشىككە قاراپ ئېتىلدى ، ئۇ شۇ يۈگۈرگىنىچە باغقا كىرىپ كەتكەنىدى.

ـــ سارە ، قىزىم سارە، ـــ ھېلىم ئايالىغا قولىنى ئادەم يوق چاغدىكىدەك نوقۇغاندىن كېيىن ، شۇنداق دەپ توۋلىغانچە باغقا قاراپ يۈگۈردى . ئەلچىلەر كۆزدىن يىتكەنگە قەدەر ئىت قاۋاشتىن بېسىقمىدى.

**5**

باغدىكى مەي باغلاپ ياقۇتتەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئاق كىشمىش ئۈزۈك ، قىز بالىنىڭ مەڭزىدەك قىزىرىپ پىشىدىغان تويۇن ئۈزۈك ، يوپۇرماقلار ئارىسىدا ياڭاقتەك يوغان ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئامۇت ، شۇنىڭدەك ئالىقانداق سورتلۇق ئۈزۈكلەر ، ھېلىمنىڭ كەتمىنىنىڭ ھوسۇلى سۈپىتىدە ئالدىنقى يىللاردىكىدىن تېخىمۇ بەك ئوخشاپ يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر يىراقتىنلا پارقىراپ كۆرۈنىدىغان بۇ ئۈزۈكلەرگە كۆزى چۈشمەي ، ئاغزى تەگمەي ئۆتمەيتتى ، ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرىدىغان قاغىلارمۇ خۇددى ئۆزلىرى ئېلىپ قاچىدىغان قوم دۆۋىلىرىگە ئوخشاش كۆرۈپ بىر دەم ئەگىپ چوقۇماي ئۆتمەيتتى . ئۈزۈك گولدۇرلەپ قېقىلدى ، باغقا تاغار ـ تاغارلاپ كۆمۈش تەڭگە تۆكۈۋەتكەندەك بولۇپ كەتتى ، سېلىمخان بىلەن سارە ئۈزۈكلەرنى تېرىپ ئۈلگۈرتەلمەي قالدى ، ھېلىم پىشقان ئۈزۈكلەرنى بىر قۇر تاللاپ قېقىپ ، يوغان باغلىق سېۋەتكە تېرىپ توشقۇزدى ـ دە ، نەچچە كۈنىگىياقى ئۆز قولى بىلەن ياساپ پۈتتۈرگەن ، ئۈزۈك ئىسلايدىغان ئوچاققا گۈڭگۈرت پوقى بىلەن دورا ـ دەرمەكلەرنى تەڭشەپ باستى . بۇنى يەرلىكلەر ئىسلاق قاق دەپ ئاتىشاتتى . بۇنداق بولغاندا ، ئۈزۈك قاشتېشىدەك سۈزۈك ، تەننەرخىمۇ يۇقىرى بولاتتى ، ئاسانلىقچە قۇرتمۇ چۈشمەيتتى ، شۇڭا ئۇنى سودىگەرلەر ناھىيە بازىرىدىلا ئەمەس ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىمۇ تارقىتىپ ، ئاسان نەپ ئالىدىغان مال قاتارىدا قولدىن چىقىراتتى.

سارە «ئىسلىغان قاق چىرايلىق بولغان بىلەن يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەسلى تەمىگە يەتمەيدۇ» دەپ كىشمىش ئۈزۈكلەردىن ئىسلاقسىز قاق قىلىۋالاتتى . جاڭگالدىن ئۇرۇپ ئەكەلگەن قاغدان قومۇشچى ھويلىغا ، ئاپتاپ چۈشكۈدەك بىكار يەرنىڭ ھەممىسىگە كىگىزچىنىڭ چىغدىنىدەك تەكشى يېيىلاتتى ـ دە ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېۋەت ـ سېۋەتلەپ ئىسلاق ئۈزۈكلەر بىر قۇر تەكشى يېيىلاتتى . بۇ يىل مەيلى ئۆگزە ، مەيلى يەر بولسۇن ، ئالا قويماي قاق سالىدىغان مەيدانغا ئايلاندۇرۇلدى ، ئۇلارنىڭ قولىغا بۇ يىل ئوبدانلا پۇل كىرىپ قالىدىغانلىقى كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بۈگۈن ئۆگزىگە شوتا بىلەن ئىسلاق ئۈزۈك ئاچىقىۋېتىپ ، سارە ئېھتىياتسىزلىقتىن تېيىلىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سۆڭدىشىپ دېگۈدەك چىقىۋاتقان ھېلىم بۇ كېلىشمەسلىكنى كۆرگەن ھامان قولىدىكى سېۋىتىنىمۇ تاشلاپ ، بىر قولىدا شوتىنىڭ بالدىقىنى تۇتۇۋالغىنىچە چۈشۈۋاتقان سارەگە چاقماق تېزلىكىدە ئېتىلىپ بېرىپ تۇتۇۋالدى ، ئىككى سېۋەت ئۈزۈك ئۈستى ـ ئۈستىلەپ چۈشۈپ ئېزىلىپ كاردىن

www.uyghurkitap.com

چىققانىدى ، يەنە كېلىپ ئۇلار ئاشۇ ئۆرۈك دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى . ئەمدىلىكتە قاۋۇل بىر جۈپ قول ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىغان ھالدا تۇراتتى . سارەنىڭ كىيىملىرى ئۇماچ تۆكۈلگەندەك بولۇپ كەتتى ، ئۇنىڭ تېرىسى سويۇلۇپ بىر قولى قايرىلغانىدى . ئۆگزىدە ئۆرۈك يېيىشىۋاتقان ئانا بۇ ئۆرە ـ تۆپىلىكنى ئاڭلاپ ، ئۆگزىنىڭ قىرغىقىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ۋارقىرىۋەتتى.

ـــ قىزىم ، قىزىم سارە ، ۋاي ئاتام ، ئەمدى قانداق قىلارمەن.

ـــ بولدى ، ئانچە ئېغىر ئەمەس، ـــ دېدى ھېلىم يەردە تۇرۇپ ، بىر قولىنى قىزىنىڭ چاچلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بوينى تەرەپتىن ئۆتكۈزۈۋېلىپ ، ئۇ قىزغا بەكلا قاراپ قېلىۋاتاتتى، يۇمۇلۇپ قالغان كۆزلىرى ، كۆتۈرۈلگەن كۆكسى ، ئېچىلىپ قالغان قورسىقى ، كۆرۈنۈپ قالغان كىندىكى...

قىزنىڭ ئىسسىق ۋە چوڭقۇر تىنىقلىرى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . ئۇ شۇ ھالدا قىزنى قۇچىقىدىن چۈشۈرۈۋەتمەي ئۇزاق تۇتۇۋېلىشنى ئويلايتتى ، نەپسى قىسىلىپ يۈرىكى كۈچلۈك ـ كۈچلۈك سالاتتى ، ئەمما قىز ئاغرىق دەردىدىن قىينىلىپ ، بوغۇلماقتا ئىدى.

قىز قورقۇپ كەتكەن ، يەنە كېلىپ بېلى چىم بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى ، ئانىسى نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر پەس داڭ قېتىپ قالغاندىن كېيىن ، شوتا بىلەن يەرگە چۈشۈپ قىزىنى يۆلەشتۈردى ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر نەرسە سايە تاشلاپ تۇرغاندەك بولۇپ قالغانىدى.

ھېلىم قىزنى ئۆيگە كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ ئايالىغا داكا ، تۇخۇم تېپىپ ئەكەلدۈرۈپ ، قىزنىڭ قايرىلىپ كەتكەن قولىنى سۇنۇقچىلاردەك تۈجۈپىلەپ تاڭدى ، ئۇ ھامان قىزنىڭ قولىنى ، يۇمشاق ۋە ئىسسىق بىلىنىپ تۇرىدىغان قولىنى ئۇزاق تۇتۇۋالاتتى . نېمىشقىدۇر ئايالىنى قايسىدۇر بىر نەرسىنى ئەكېلىشكە بۇيرۇغۇسى كېلەتتى ، قىز دوختۇرخانىغا ئاپىرىلمىغان بولسىمۇ بىرنەچچە كۈندىلا خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى ، لېكىن قولى خېلى ئۇزاققىچە سۆرىلىپ يۈردى ، دادا دورىلارنى ئۆز قولى بىلەن ئەكېلىپ ، تەڭشەپ يۇيدى ، ئۇ قىزنىڭ پۇتلىرى ۋە باشقا جايلىرىنى يۇيۇۋاتقاندا ، قانداقتۇر ئۆزىمۇ چۈشىنىپ بولالمايدىغان سېزىم بىلەن يېنىكلەپ قالدى.

سېلىمخاننى قىزنىڭ ئاخىرقى قېتىم يەيدىغان دورىلىرىنى ئەكېلىشكە بۇيرۇۋەتكەندە ، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ بىلىپ ـ بىلمەي قولى غاڭزىسىغا ئۇزاپ ، كاڭنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرۇپ ، توغراتامغا يۆلەنگىنىچە نەشىسىنى

چوڭقۇر تارتىپ ئاللىقانداق خىياللار ئىچىدە لەيلىمەكتە ئىدى ، ئۇ بىردە تورۇستا لەيلەپ يۈرگەن ، ئۆزى پۈۋلىگەن ئىستەك ، بىردەم ئېغىلدىكى ھاڭراۋاتقان ئېشەكنىڭ ئاۋازىنى دوراپ تۈۋلاۋاتقاندەك؛ بىردە سېلىمخاننى قۇچاقلاپ ئوينىتىپ يۈرگەندەك ۋە بىردە قايسىدۇر بىرگۈزەل بەدەننى ، سوزۇلۇپ ياتقان يالىڭاچ تەننى كۆتۈرۈپ ، سۆيۈپ قۇچاقلاۋاتقاندەك بولماقتا ئىدى . بەلكى بەڭگىلەر تاماكىنىڭ كۈچىدىن ئەنە شۇنداق كەيپ سۈرسە كېرەك ، تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭ يۈرەكلىرى سېلىپ بولالماي قالدى . ئۇ جىددىيلىشەتتى ، ھاياجانلىناتتى ، يەنە قانداقتۇر بىر نەرسىلەردىن ئەنسىرەيتتى ، ئۇنىڭ ساغلام يۈرىكى ھاياجانى ئۆزىگە سىغدۇرالمايتتى ھەم قورقۇنچتىن سىلكىنەتتى . ئۇ بىر دەم ئىشىككە مەھكەم تىرەپ سېلىنغان دەمگە قارىسا ، بىردەم دېرىزە تەرەپكە ، ئاندىن سوزۇلۇپ ياتقان قىزغا قارايتتى ، قولىدىكى تاماكىسىنى ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كەتكۈچە تارتقاندەك چوڭقۇر نەپەس ئالاتتى ، ئۇ دوختۇرخانا بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقىنى مۆلچەرلەپ كۆردى . ئىككى سائەت ، ياق ، ئۈچ سائەت كېتەتتى ، ئۇنىڭ كۆزىگە سېلىمخاننىڭ ئۆي تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى ، ئارقىدىنلا بۇ سوزۇلۇپ ياتقان چىدىغۇسىز گۈزەل قىز ئانىسىدىن خىجىل بولۇپ يۈزىنى ئېتىۋالغان ھالدا كۆرۈندى ، ئاندىن ئۇنىڭ يەنە تۈۋلاۋاتقانلىقى ، «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ تۈۋلاۋاتقانلىقى ئاڭلانغاندەك بولدى ، قىزنىڭ تۈۋلاشلىرىدىن ئىت زەنجىرىنى سىلكىپ ئۇزۇۋالايلا دېگەندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى بوگۈن تېخىمۇ يوغان ئېچىلىپ كەتكەنىدى ، بەڭنىڭ كۈچىدىنمىكىن ياكى ئۆزىنى كونترول قىلىپ بولالمايدىغان ياۋايى ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدىنمىكىن ، كۆزلىرىنىمۇ باشقۇرالمايۋاتقاندەك ئىدى ، قىزنىڭ تۈۋلاۋاتقان لەۋلىرىگە قارىۋىدى ، نېپىز لەۋلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە چىڭگىدە يەملىشىپ تۇرغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئۇششاق سىزىقلىرىغىچە كۆرۈنگەندەك بولدى . قىز لەۋلىرىنى بوشقىنە يالاپ قوياتتى ، ئۇسساپ كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەنىدى . ئۇ قىزغا سۇ ئېلىپ بەرمەكچى بولدىيۇ ، ئەمما كوزا تەرەپكە قاراپ ماڭغان قەدەملىرى بۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى ، ئۇ چىدىغۇسىز بىر خىل ئىستەك بىلەن «قىزىم» دەپ تۈۋلىدى ـ دە ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ، ئەسەبىي بىر خىل كۈچ بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى ، پەپىلەشتىن كېيىن خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەن بوۋاقتەك تىنچ ئۇخلاۋاتقان قىز قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك قاتتىق تۈۋلىۋەتتى ، ئۇ كۆزىنى شۇنداق ئېچىپ قارىۋىدى ، ئۈستىگە تاشلىنىپ تۇرغان بىر گەۋدىنىڭ ئەر ئىكەنلىكىنى ،

ئاندىن دادىسىغا ئوخشايدىغان كىشىگە ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆردى . ئەمما ، قىز كۆزىگە ئىشەنمىدى ، بۇ رېئاللىقنى ئەقلىگە زادىلا سىغدۇرالماي قالدى ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن تىركىشىۋاتقىنى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆز دادىسىدەك ھۆرمەتلەپ كېلىۋاتقان يەنە بىر دادىسى ئىدى . ئۇ تەپتى ، تېپچەكلىدى ، ھېچنېمىگە قارىماي ئۆيىنىڭ تېمىنى ئۆرۈۋېتىدىغاندەك كۈچلۈك تولغىدى ، «قۇتقۇزۇڭلار ، قولۇمنى قويۇۋەت ھايۋان» . ئەمما ، قىزنىڭ قوللىرى كۈچلۈك قوللار تەرىپىدىن ھامان بويسۇندۇرۇلاتتى ، قايرىلىشتىن ئاغرىۋاتقان قوللىرى تېخىمۇ ئاغرىپ كەتتى ، ئەمما ئۇ ئاغرىقنى باسقان بىر خىل ۋەھشىي كۈچ بىلەن قاتتىق چىرقىراپ يانغا ئۆرۈلۈۋالدى ، كۈچلۈك قول ئۇنى ئۆزىگە تولغىلاپ بويسۇندۇردى ، بۇ بەگگىنىڭ قولى قىزنىڭ ئاپئاق مەيدىلىرىنى ئېچىشتىن ئەمدىلىكتە پەسكە قاراپ سىيرىلەتتى ، قىز ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى جان ـ جەھلى بىلەن قوغدىماقتا ئىدى . ئەمما ، قىز تولۇق بويسۇندۇرۇلۇپ ئاخىرقى قېتىم ۋارقىرىغاندا ، ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەنىدى...

ئىتنىڭ ئاچچىق قاۋىغان ئاۋازى مەھەللە ـ كەنتلەرنى ، ناھىيە بازىرىنى لەرزىگە سېلىپ ئۆتەتتى ، ئۇنىڭ ھېچقاچان بۇنداق قاۋاپ باقمىغان ئاۋازى ئاخىر دوختۇرخانىغا بېرىپ ئەمدىلەتىن بۇ يەرگە قاراپ كېلىۋاتقان ئىگىسىنىڭ قۇلاق پەردىلىرىنىمۇ تىترىتىپ ئۆتكەنىدى ، ئۇ بىر نەرسىنى پەملىگەندەك قىلدى ـ دە ، يۈرىكى ئىختىيارسىز ئېغىپ كەتتى . قولىدىكى بىر بولاق دورىنى چاڭگاللىغانچە ئىتتىك ـ ئىتتىك ماڭدى ، ئاخىر مەكتەپ بالىلىرىدەك يۈگۈردى . ئۇ ئۆيگە كەلگەندە ھېچكىم يوق ، ئىشىك ھاڭگىرقاي ئوچۇق تۇراتتى ، ئىت يەنىلا قاۋىماقتا ئىدى . ئۆيدىن بىر خىل ئايالنىڭ ئۆزلىرى سېزىپ بىلەلەيدىغان پۇراقنىڭ قالدۇقى تېخى كەتمىگەنىدى ، ئۇنىڭ كۆڭلى قانداقتۇر بىر نەرسىنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى.

## 6

«دادا» نامىدىكى بۇ ھايۋان قانسىراپ ، ھالسىرىغان قىزنى باشقا بىر دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ، ئۇ قاتتىق مەستلىكتىن ئەمدىلەتىن يېشىلگەندەك باشقىلارنىڭ بۇ ئىشنى ئۇقۇپ قېلىشىدىن ، بولۇپمۇ سېلىمخاننىڭ ئۇقۇپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى ، سېلىمخانغا ھەمراھ بولىدىغان يا ئېرى ، يا قىزى يوق ئىدى . ئۇنىڭغا ئىتنىڭ بوشاپ قاۋاپ قويىدىغان ئاۋازى ، ئېشىكىنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئاچ قويغانلىقىدىن ھاڭراپ قويۇشلىرى ، كېلىپ يىغنۇېلىشنى كۈتۈپ تۇرىدىغان يايما قاقلار ، تۆكۈلۈپ ياتقان ئۆرۈك ، ئوگدىسىغا چۈۋۈلۈپ ياتقان سېۋەتلەر ، باغدا ئۆرۈكنىڭ ئۇچىغا قونۇۋېلىپ ۋىچىرلايدىغان قۇشقاچلار ھەمراھ بولماقتا ئىدى . بۇ ئايالنى ئەمدىلىكتە بەكلا غېرىبچىلىق باستى ، يىغلىدى ، ئاھ ئۇرۇپ ئاسمانغا قارىدى ، لېكىن ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ قويىدىغان قىزى تېخىچە كەلمەيتتى . «نېمە بولدۇڭ ھوي ، ئاش ئۇسۇپ ئەكەل» دەپ قوپال توۋلايدىغان ئېرى تېخىچە يوق ئىدى.

قىز «ئەمدى ئاپامغا نېمە دەرمەن ، قانداق بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن ، ئەل ـ جامائەت بىلىپ قالسا قانداق قىلارمەن» دەپ ئەنسىرەپ يۈرەتتى . ئەنسىرىگەنچە ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆرتىنىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ بىرەرسى ئۇقۇپ قالسىلا ئۆلۈۋېلىشنى ئويلايتتى ، ئىچىدە بۇ ھايۋان سىياقىدىكى ئادەمنى ئۆلگۈچە قارغاپ تىللايتتى . ئۇنىڭغا تۈكۈرۈپ ، مىشقىراتتى ، ئەمما نومۇس كۈچىدىن بولسا كېرەك ، تىللاشلىرىنى سىرتقا چىقىرالمايتتى . ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىۋېتىپ ، ئانىسى بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ ، كۆزىدىن قان قۇيۇلغاندەك ياش تۆكۈلۈپ كەتتى ، «ئاپا ، جېنىم ئاپا ، بۇ چۈشۈممۇ ـ ئوڭۇممۇ؟! بىز خۇدا ئالدىدا زادى نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيدۇق؟!... سەن ئەسلى بىر ئەرنى ئەمەس ، ئادەم تېرىسىگە ئورىلىۋالغان چىلبۆرىنى ئۆيىمىزگە باشلاپ كەلگەنىكەنسەن ئەمەسمۇ . ياق ، سېنىڭدە گۇناھ يوق ، سەن ئالىيجاناب ، تەڭداشسىز ئۇلۇغ ئايال ، مېھرىبان ئانا ، مەن ئادەم ئەمەس ، ھايۋان بالىسى ئىكەنمەن . مەن ئازدىم... ئەمدى بۇ مەخلۇقنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىم ، يۈرەك ـ باغرىنى سۇغۇرۇۋېلىشىم ، ئانا ـ بالا ئىككىمىزنىڭ قىساسىنى بىراقلا ئېلىشىم كېرەك ئىدىغۇ؟ ئەمما ، مەن ئۇنداق قىلالمىدىم ، نېمىشقا شۇنداق قىلالمايمەن؟ مەن توكور ، ئاقساق ـ چولاق ياكى قارىغۇ بولمىسام ، نېمىشقا بۇنى كۆرۈپ يېتەلمەيمەن؟ نېمىشقا شۇ قوللىرىم بىلەن بوغۇزلاپ تاشلىيالمايمەن؟ ئەمدى مەن ئۆلۈۋالاي ، ماڭا ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق! ئەمما ، مەن مۇشۇنداقلا ئۆلۈۋالامدىم؟ ئۇنداقتا ، ئانامغا تېخىمۇ ئەلەم بولماسمۇ . ئاۋۋال بۇ ھايۋاننى ئۆلتۈرۈۋېتىشىم كېرەك» . بۇ چاغدا ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى سوغوق تەردىن جالاقلاپ تىترەپ

كەتكەندى ، ئاغزىمۇ گەپكە كەلمەيتتى . شۇ تىترەشتىن تىللىرىنىمۇ چىشلىۋالدىغاندەك قىلاتتى . ئۇ راستىنلا بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندەك ئىدى . ئەمما ، بىر خىل تەلۋە كۈچ ــــ ئىچ ـ ئىچىگە سىغدۇرالمايۋاتقان خورلۇق تۇيەيلى بىر چىلبۆرىگە ھەملە قىلىپ تاشلانغاندەك ، ۋارقىرىغانچە ئۇ مەخلۇققا قاراپ ئېتىلدى . شۇ تۇرقى ئۇنىڭ كۆزىگە بىرەر ئادەم ياكى «دادا» ياكى بىرەر تونۇش كىشى كۆرۈنمەي ، بەلكى بىر ياۋا توڭگۇز كۆرۈندى . ئۇ شۇ ۋارقىرىغانچە ئېتىلىپ كېلىپ بىر خىل تەسۋىرلىگۈسىز كۈچ بىلەن بۇ تاشتەك چىڭ ۋە قاۋۇل مەخلۇقنى ئىتتىرىپلا ئارقىغا غۇلاتتى ، ئۇنىڭ دەھشەتلىك توۋلاپ ۋارقىراشلىرىدىن بۇ مەخلۇقمۇ قورقۇپ كەتكەندى . ئۇنىڭ بۇ دەھشەتلىك توۋلاشلىرىدىن ئەتراپتىكى دەل ـ دەرەخ ، يىراقتا كۆرۈنۈپ ياتقان مەھەللە ، بۇ تەرەپتە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تاغ ۋە يەنە بىر ياقتا يەرگە چۈشكەن ئاق بۇلۇتتەك سوزۇلۇپ ياتقان قۇم بارخانلىرىمۇ تىترەپ كەتكەندى .

ــــ مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ، ھۇ ھايۋان! مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام... مەن سېنىڭ يۈرەك ـ باغرىڭنى ئېلىۋېلىپ ئۆز قولۇم بىلەن ئانامغا تاشلاپ بېرىمەن ، ئۇ يۈرىكىڭنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقسۇن!...

قىزنىڭ قوللىرى ئۇنىڭ يېرىم ئېچىلىپ تۇرغان تۆكلۈك مەيدىسىگە مەھكەم كىرىشكەندى . ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن غالجىرلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەمدەك بىر خىل ئەسەبىيلىك بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى تۈكلەرنى ۋارقىرىغانچە يۇلۇپ تاشلىدى . بۇركۈتنىڭ تىرنىقىدەك ئۆتكۈر ۋە كۈچلۈك بولۇپ كەتكەن بۇ بارماقلار ئۇنىڭ تېرىلىرىنى تىتما ـ تالاڭ قىلىپ قان ئاققۇزغانىدى . نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۇشتۇمتۇتلا زەربىگە ئۇچرىغان بۇ تەلۋە كىشى بىردىنلا شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولدى.

ــــ نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ساراڭ ، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ تارت قولۇڭنى، ــــ ئۇ خۇددى ئىت قوغلىغاندەك بۇ گەپلەرنى تېز ـ تېزلا دېدى ـ دە ، شۇ گەپ ئارىلىقىدا ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىدى، ــــ مەن دېگەن سېنىڭ داداڭ ، ۋۇ ئالجىغان شۇم ، مەن سېنى شۇ تاپتا بېشىمدىن ھالقىتىپ تاغنىڭ ئۇ قېتىغا تاشلىۋەتسەممۇ تاشلىۋېتەلەيمەن، ــــ ئۇ مەيدىسىدىكى سىرغىپ چۈشۈۋاتقان قانلارنى كۆرۈپ تېخىمۇ چۆچۈپ كەتتى . خۇددى باشقا بىر ئادەمنىڭ بەدىنىدىن بۇ جاراھەتنى كۆرگەندەك ، شۇ چاغدىلا ئېسىگە كەلدى . ئۇ باياتىن بېرى ئاغرىقنى سەزگەندەك قىلمايتتى ، ئەمدىلىكتە خۇددى كۆيۈۋاتقان چوغنى مەيدىسىگە ياققاندەك ئېچىشىپ كەتتى ، ــــ مېنى نېمە قىلدىڭ؟ سەن كىچىك تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتامسەن؟

ــــ قولۇمنى قويۇۋەت ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ، بىر قىزنى ، ئۆزۈڭنىڭ قىزىنى بۇلغىغانلىقىڭ ئۈچۈن ، ئانامنى خورلىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۆزۈم ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ سېنى ئۆلتۈرمەي قويمايمەن .

ــــ ۋۇ ھاراملىق ، بۇنىڭ ئەلپازىنى قارا . شۇ جېنىڭ بىلەن مېنى ئۆلتۈرەلەمتىڭ . مانا ئەمىسە، ــــ ئۇ قىزنىڭ بىر قولىنى قويۇۋەتمەي ، يەنە بىر قولىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋېلىپ تۇرۇپ تەستەك بىلەن بىرنى سالدى ، چېپچىنى تارتىپ سىلكىدى . قىز خۇددى توردا ئېسىلىپ قالغان ئۆمۈچۈكتەك تىپىرلايتتى . ئۇ تەلۋە كىشى سالامەتلىكى تېخى تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بولالمىغان بىردەملىك ئەسەبىي كۈچى تاشسىمۇ ئۆزى ئالدىدا ئانچە كۈچلۈك بولمىغان بۇ قىزنى ھازىرلا ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەك ، ياكى ھازىرلا ھېلىقى ھايۋانىي قىلىقلىرى بىلەن نەپسىنى يەنە بىر قېتىم تويغۇزماقچى بولغاندەك ئۆرۈپلا ئاستىغا بېسىۋالدى . ئۇنىڭ بۇ چاغدا ئاچچىق تەلۋىلىكى بىلەن شەھۋانىي ھەۋىسى ئۆزئارا ئېلىشماقتا ئىدى.

ــــ ئەمدى كىمنى ئۆلتۈرەلەيدىكەن ، بۇنى كۆرۈپ باق ، نېملا دېگەنبىلەن مەن سېنىڭ داداڭ ، سېنى قۇتقۇزۇشۇم ، يەنە تېخى ئۆزۈم داۋالاپ ساقايتىشىم كېرەكقۇ؟ مەن يەنىلا ساڭا چىدىمايمەن ، بۇ يۈرىكىمنى سۇغۇرۇۋالساڭمۇ يەنە ساڭا كۆيۈۋاتقان ئوت بار ، ئەمدى مېنى نېمە دېسەڭ مەيلى ، تىللىساڭمۇ ، ئۇرۇپ ئاچچىقىڭنى چىقىرىۋالساڭمۇ مەيلى ، بۇ ئوتنىڭ كۆيۈۋاتقىنى راست ، بۇ ئوت ھازىرقى ئاغرىق ئازابلىرىنى بېسىپ كېتىۋاتىدۇ ، مېنى شەيتان ئازدۇرغان ئوخشايدۇ ، مېنى شەيتان ئازدۇرسىمۇ مەيلى ، بۇ ئوتنىڭ مېنى كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىغا ئىشەن ، مەن ئۆلگەندە يەتتە قات دوزاخقا كىرىپ دوزاخنىڭ ئوتىدا كۆيىدىغان ئىش بولسىمۇ مەيلى . بۇ ئوتنىڭ ئازابىغا چىداپ بولالماي ھەممىگە تەسلىم بولدۇم ، سېلىمخانغا يۈزسىزلىك قىلغىنىم راست ، ئۇ مېنى كەچۈرمەيدۇ ، ئەل ـ مەھەللىگىمۇ يۈزسىزلىك قىلغىنىم راست ، يۇرت ـ جامائەتمۇ مېنى كەچۈرمەيدۇ . ئەمما ، مېنى نېمە دېسەڭ دېگىن ، مانا ھازىر ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكىن ، باياتىن بېرى

يەنە ئېزىپ سېنىڭ بىلەن ئېلىشماق بولدۇم ، مانا ئەمدى نېمە قىلساڭ قىل ، پەقەت مېنى ئازدۇرغان شەيتانغىلا رەھمەت ئېيتىپ ساڭا ئۆزۈمنى تاشلاپ بېرىمەن، — بۇ ھېسسىيات ئىگىسىنىڭ كۆچلۈك قوللىرى تىترەپ ، تو-مۇرلىرى ، مۇسكۇللىرى ، بۇرتۇپ چىقىپ تۇرىدىغان كۆچلۈك قوللىرى بىردىنلا بوشاپ ، يىپىم تىگىشىپ تۇرغان مەيدىسىمۇ قانلىق ھالدا بۇ قىزغا يېقىلدى . ئۇ شۇ تاپتا بۇ قىز ئەزرائىلغا ئايلىنىپ كەلسىمۇ جېنىنى تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولغاندەك قىلاتتى ، ئەمما ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ قىز تەڭداشسىز ساھىبجامال ، جەننەتتىكى ھۆر پەرى ، بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئازابلارنى ئۇنتۇلدۇرى-دىغان نىجاتكار ، ئۆزىگە بىردىنبىر خۇشاللىق ئاتا قىل-غۇچى تەڭداشسىز خاسىيەتلىك كىشى ئىدى . راستىنى ئېيتقاندا ، نۇرغۇن ئاياللارنى كۆرگەن بۇ ئەر ، جاھاندىكى ھېچ نەرسىدىن ئەمەس ، مۇشۇ قىزدىنلا رازى بولغان ھەم بۇ دۇنياغا قايتا تۇغۇلغاندەك بولغانىدى . شۇڭا ئۇ قايتى-دىن تۇغۇلغان باشقا بىر ئادەم ئورنىدا تۇرۇپ شۇنداق ئېزىۋاتقان بولسا كېرەك! ئۇ راستىنلا باشقا بىر ئادەم بولسا ئىدى ، ئۇنى كەچۈرۈش نۇقتىسىدىن چۈشىنىشكە بولاتتى . ئەمما ، بۇ بەربىر ھېلىم بەگ ، ھېلىم كېسەككە بۇنىسى ناھايىتى ئايان ئىدى . مەيلى باشقىلار كەچۈر-سۇن ياكى كەچۈرمىسۇن ، مەيلى بۇ ئالەمدە ، مەيلى ئۇ ئالەمدە قانداق جازا كۈتۈپ تۇرسۇن ، پەقەت مۇشۇ قىزغا ئېرىشىش ئارقىلىقلا ئۆزىنى مەۋجۇت دەپ ئويلايتتى ، ئۇ ئىلگىرى ئۆزىنى كۆپ قېتىم ئەيىبلىگەن ، ئەمما بۇ خىل ئەيىبلەشلەر ھېچنەرسىگە دال بولمىغانىدى ، پەقەت ئۇ-نىڭ تەلۋىلىكىلا ھەممىدىن غالىب كەلگەنىدى، — مەن بىر ساراڭ ، مەن بىر تەلۋە ، مەن بىر ھايۋان ، سارە مېنى ئەمدى نېمە دېسەڭ دېگىن ، مەن سېنى بۇندىن كېيىن قىزىم دېيەلمەيمەن ، سەنمۇ مېنى دادا دېيەلمەيسەن ، ئا-نىيالمايسەن، — قىز «مېنى قويۇۋەت» دېگەنچە ۋارقىراپلا بۇ قانلىق گەۋدىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى ، ئەمما ئۇنىڭ قولى ئاللىبۇرۇن قويۇۋېتىلگەنىدى . قان ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە ، بويۇن ، كۆكسى ئۈستىگە سۈۋۈشۈپ قالغانىدى .

— ئەبلەخ ، بۇ نەرسىلىرىڭنى نېرى ئاپار ، تۇفى ، تۇفى... ۋۇ چوشقا، — قىز يىغلاپ كېتىۋېتىپ بۇ قان-لىق داغلارغا تۈكۈرەتتى.

— توختىغىن ، توختىغىن دەيمەن ، مېنى تاشلاپ نەگە بارىسەن؟ توختىغىن قىزىم . ياق ، سارە ، ئاتا ـ با-لىلىق مۇناسىۋىتى ئاخىرلاشتى دەپ قارىساڭ بۇ ئىشنى چۈشەنگىلى بولىدىغۇ؟ مەن باشقا ئادەم بولغاندىكىن گېپىمنى قوبۇل قىلالايسەنغۇ؟

قىز بارغانچە ئۆزاپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ ئۆزىگە قۇملۇق ئارىسىغا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان كىچىككىنە توشقاندەك ئاستا ـ ئاستا كۆزدىن يوقۇشقا باشلىدى . بۇ چاغدا ھېلىم بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى بىراقلا يوقى-تۇرۇپ قويغاندەك ، ھەممە نەرسىدىن ھەقىقىي ئايرىلغان-دەك قاتتىق ئەندىكىش بىلەن كۆچەپ يۈگۈردى . ئۇنىڭ ئاغرىقلىرى ، باياتىنقى ئاۋايلاشلىرىمۇ يوقالدى . ئۇ ھەر بىر قەدەم ئېلىپ يۈگۈرگەندە ئېغىر گەۋدىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان توم ۋە يوغان پۇتلىرى قۇم ئۈستىنى يېرىپ چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرۇپ باراتتى . يۈگۈرگەنچە قىزنىڭ قارىسى كۆرۈندى ، ئۇ كۆچەپ يۈگۈرۈشتىن ۋە ئاغرىق ئازابىدىن گاللىرى خىرقىراپ قالدى . ئۇ يەنىلا بىر خىل جاھىللىق ۋە ئاچچىق كۈچ بىلەن ئۆزىنى بىرقانچە قېتىم مۇشتلاپ قويۇپ يەنە كۆچەپ يۈگۈردى . مەھەللە ، ساي ، ئۇ تەرەپتىكى تاغلار بارغانچە يىراقتا قالماقتا ئىدى .

ھېلىم قىزغا يېقىن كېلىپ يىقىلىپ قالغاندا ، قىز ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ مەھەللە ئىچىگە قايتىپ كەلدى . ئۇ مەھەللىگە ، ئۆيىگە يېقىن-لاشقانچە خۇددى سان ـ ساناقسىز يىڭنە ئۈستىگە دەس-سەپ ماڭغاندەك ماڭالماي قالدى . كاللىسىمۇ ۋەھىمىدىن ، قورقۇنچتىن ، ئانىسىنىڭ يىغلاشلىرى ، تىللاشلىرىدىن ، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئەيىبلەپ تىل ـ ئاھانەت قىلىشلى-رىدىن ، مەھەللىدىكى ئىتلارنىڭمۇ ئۆزىگە قاراپ ئېتى-لىشلىرىدىن كاللىسى ئايلىنىپ كەتتى . بۇ نەرسىلەر-نىڭ ھەممىسى ئاۋاز چىقىراتتى ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەم-مىسى قاقاقلاپ كۈلەتتى ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى ئاشۇ ئانىغا ئوخشاش يىغلايتتى ، بۇ نەرسىلەر بىردىنلا بورانغا ئايلىنىپ ئۆزىنى كۆمۈۋېتىدىغاندەك قى-لىپ قالدى . دېمىسىمۇ بىر قارا قۇيۇن خېلى يىراقتىنلا ئۇنىڭ يېنىغا تولغىنىپ ئۇسسۇل ئويناپ كەلدى ، ئوغ-رى شاخ سۇرەپ ماڭغاندەك سەت ئاۋاز چىقىرىپ ئۇنى يۈگەپ توپا ـ چاڭلارغا كۆمدى ـ دە ، يەنە يىراقلاپ كەتتى . قىز ۋارقىرىغانچە جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى . «ئانامنىڭ كۆز ياشلىرى ، غەزىپى ، قارغاشلىرى ، يۇرت ـ جامائەتنىڭ تىل ـ ئاھانەتلىرى راستىنلا قارا قۇيۇنغا ئايلىنىپ كەل-گەنمىدۇ؟ بوپتۇ ، بۇ قارا قۇيۇن مېنى بوغسۇن ، مېنى يىقىتسۇن ، مەن شۇ قوللاردا ئۆلەي ، شۇ ئارقىلىق بول-سىمۇ ئانامنىڭ ئازابلىرى يەڭگىللىنىپ قالار ، ئانا ،

www.uyghurkitap.com

مېنى كەچۈر! مەن ئايىغىڭغا يىقىلىمەن ، قوشنىلار مېنى كەچۈرۈڭلار ، ئەل ـ جامائەت مېنى كەچۈرۈڭلار!... ياق ، مېنى كەچۈرمەيسىلەر ، بىلىمەن . يەنە قايسى يۈزۈم بىلەن ، قايسى يۈرىكىم بىلەن مېنى كەچۈر دېگەن تەلەپنى قويالايمەن . مۇشۇ قارا قۇيۇن مېنى يۇتۇۋەتسۇن!» ئۇ جايىدا ئولتۇرغانچە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى . قۇيۇنغا قاراپ توۋلىدى: «مېنى ئېلىپ كەت ، مېنى قارا تۇپراققا كۆمۈۋەت!» ئەمما قۇيۇنمۇ پەرۋاسىز كېتىۋەردى . ھەممە نەرسە ئۇنى تاشلاپ قويغاندەك ، ھەممە نەرسە ئۇنى خورلاۋاتقاندەك ئىدى . ئۇ بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ئاياغ سۆرەپ ئاخىر ئۆينىڭ ئالدىغا ، كىچىك دەرۋازا يېنىغىلا كېلىپ قالغانىدى . بۇ چاغدا گۈگۈممۇ يوقاپ ھەممە جاينى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى . ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ، ئاندىن كېيىن بۇ قىزنىڭ ھىدىنى پۇراپ غىڭشىپ ئەركىلەپ ، ئۇياق ـ بۇياققا يېنىك يۈگۈرگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . قىز زەنجىرنىڭمۇ شاراقشىغىنىنى ئاڭلىدى ، ئېشەكمۇ خۇددى ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەندەك ھاڭراپ قويۇۋاتاتتى .

— يىغلىمىسىلا ، ئۆلۈمگىمۇ سەۋر قىلىدۇ ، سەۋر قىلسىلا . بۇنداق بولۇشنى كىم ئويلىغان دەيلا.

— بۇ ئەقلىنى ئىت يەپ كەتكەن سارەكمۇ بىر كۈنلەردە پۇشايمان يەپ كېلىپمۇ قالار.

— بولدى ، مېنىڭ ئۇنداق قىزىم يوق ، ئۇنىڭ پۇشايمان يېگىنىنىڭ ئەمدى نېمىگە پايدىسى ، بولغۇلۇق بولدى . بۇ ئىتنىڭ كۈچۈكى پوقنىڭ ئىسسىقىنى يەپ ئېزىپتۇ . ياق ، ئاشۇ ئوغرى ئازدۇرغان ، ئاشۇ ئوغرى زورلىغان نېمە ، مەن بۇ ئاھانەتكە قانداق چىدايمەن ئەمدى ، مېنىڭ بۇ ھالدا ھايات تۇرغىنىمدىن ئۆلگىنىم خوپ.

قوشنىلارنىڭ بەزلەشلىرى ، ئانىنىڭ يىغلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . قىز ئېتىلىپ كىرىپلا ئانىسىنى قۇچاقلىغۇسى ، باش ـ كۆزلىرىنى ، چاچلىرىنى سىلىغۇسى ، ھۆكرەپ يىغلىغۇسى ، شۇ يىغلىغانچە ئۆزىنى ئانىنىڭ باغرىغا تاشلاپ قېنىپ نەچچە كۈن يىغلىغۇسى كەلدى . ئۇ ئۆزىنى ئالدىغا تاشلىدى ، ئەمما پۇتلىرى مىخلىنىپ قالغاندەك مىدىرلىمايتتى . نېمىشقىدۇر ئۇ ئارقىغا داجىپ كەتتى.

— ياق ، مەن ئانامنىڭ يېنىغا قانداق كىرەلەيمەن؟ ئەمدى گۆرگە كىرىشىم كېرەك ، ئانا مېنى كەچۈر ، مېنىڭ ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن قارغاپ تۇرۇپ دۇئا قىلىپ قويارسەن.

قىزنىڭ ھېقىقداپ يىغلىغانلىرى سىرتىغا تېپىپ ، ئىتقىمۇ ئاڭلىنىپ قالدى ، ئىت ئارقا ـ ئارقىدىن غىڭشىپ قاۋاپ قويدى ، يىغلاۋاتقان ئانا بۇنى سەزمەيتتى . ئۇ خۇددى قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ كەتمەكچى بولغاندەك ، چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى . ئۇستىدىكى قارا بۇلۇتلار ئۇنى كېچە قوينىدىن ئىزدەپ ماراۋاتقان يۇلتۇزلارنى ياپماق بولاتتى . ئۇ بۇ دۇنيادىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك مېڭىۋەردى ، ئاخىر قۇملۇقنىڭ بىر پېشىگە كېلىپ ئولتۇردى . ئۇ تاڭ سەھەرگە يېقىن ئانىسىنى كۆردى ، ئانىسى ئۇنى ئىزدەۋاتقۇدەك ، ھېلىقى ئىتمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەگىشىپ يۈرگۈدەك ، ئۆزىنى چاقىرىشلىرى ، ئىتنىڭ قاۋاشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يىراق قۇم بارخانلىرىغىچە تارالغۇدەك ، بىر چاغدا ھېلىقى دادىسى ئۇنىڭ باش ئۇستىدىلا پەيدا بولۇپ قالغۇدەك ، ئۇ قىزنى يىرىك قوللىرى بىلەن سىلاپ ، چاچلىرىنى تاراپ ، بېشىنى يۆلەپ تۇرغۇزغۇدەك ، بىر چاغدا ئانىمۇ ، ئىتمۇ يوقالغۇدەك . ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى ، شىپىرلاپ بەدەنلىرىنى سىلاۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ خۇددى ئېيىقنى كۆرگەندەك قاتتىق چۆچۈپ كەتتى . ئۇ ۋارقىرىغانچە يان تەرەپكە ئۆرۈلۈپلا ئۆزىنى ئاتتى .

— ۋۇ دەيۈز ، يەنىلا سەنمۇ؟ مەن سېنىڭدىن قۇتۇلالامدىم؟ ھېلى بىكار يا ئۆزۈڭنىڭ ئۆلۈمىنى ، يا مېنىڭ ئۆلۈمىمنى كۆرىسەن.

— ئۇنداق قىلماڭ قىزىم ، ئۆلسەك بىللە ئۆلەيلى ، ئۆلىدىغان ئىش بولسا بىللە ئۆلەيلى . ئاناڭنىمۇ كۆرۈپ كەلدىم ، ئۇنىڭ ئەپۇسىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ ، ھەممىنى بىلىپ كەتكەنسەن ، بىزنىڭ يەنىلا باشقا يۇرتقا كەتكىنىمىز تۈزۈك‌مىكىن ياكى ئادەم تونۇمايدىغان يەرگە كېتەيلى .

ئۇ يەنە قاچماقچى بولغان قىزغا يېتىشىۋالدى ، ئىككىلىنىپ قالماقچى بولغان قىزمۇ مۇشۇ يولنى تاللىماقچى بولغاندەك قىلاتتى . «ئەمدى مەن بۇ ھالىتىم بىلەن كىمنىڭ يېنىغا بارالايتتىم؟ ھەي ئىسسىت» . بۇ ئىچ ـ ئىچىدىن دەۋاتقان سۆزلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ، يېنىدىكى كىشىگىمۇ ئاڭلانغانلىقىنى سەزمەيتتى ، ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتاتتى ، يىغلايتتى . ھېلىم قىزنىڭ ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتتى.

— يىغلىماڭ قىزىم ، مەن راستىنلا ئېزىپتىمەن ، مېنى كەچۈرۈڭ! — بۇ ھېلىم تاز ھىيلىگەرلىكىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولاتتى ۋە مېھرىبانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلايتتى.

— قولۇڭنى تارت ، هايۋاندىن بەتتەر ئوغرى ، سەن تېخى مېنى قىزىم دەيسەنا؟ سەن قايسى يۈزۈڭ بىلەن ، قايسى ئېغىزىڭ بىلەن مېنى قىزىم دەۋاتىسەن؟ ئىمانى يوق جوهۇت . قايسى دادا ئۆزىنىڭ قىزىغا مۇشۇنداق قىلىدۇ؟... تۇفى شەرمەندە ئوغرى، — ئۇ جىنايەتكار تەلەتلىك بۇ ئادەمنىڭ يۈزىگە شالاققىدە تۈكۈردى ، قانغىچە تىللىۋالدى ، قانغىچە يىغلىۋالدى ، ئاللىنېمىلەرنى تۈۋلىدى ، چېچىنى يۇلۇپ ئېغىنىدى.

— بولدى يىغلىماڭ ، مەن نىمە دېسىڭىز شۇنى قىلاي، — يۈزىدىن ئېقىپ چۈشكەن تۈكۈرۈكنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ، مۇغەمبەرلەرچە ھىجايدى ئۇ.

— ئەمدى ئۆيگە بارغىلى بولمايدۇ ، بۇ چاغقا ئۇ ئۇقۇپ كەتمەي قالاتتىمۇ؟ ئەمدى ئۇ يەرگە بارساق چاتاق، — دېدى ئۇ سالماق قىياپەتتە.

ئۆيگە چىن كۆڭلىدىن بېرىشنى ئويلاۋاتقان قىز لاسسىدە بوشاپ كەتتى ، بىردىنلا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ ئۆزىنى كاچاتلاشقا باشلىدى .

— شۇم تەلىيىم ، شۇم پېشانەم ، ئايال خەق بولۇپ قالغان ، قىز بالا بولۇپ يارالغان ئاجىزلىقىم...

— يۈرۈڭ ، ئامالىنى قىلايلى ، بۇ يەردە خەق كۆرۈپ قالمىسۇن، — دېدى ئۇ قىزىنىڭ قولىنى تارتىپ . جىنايەتكار كىشى سايىنىڭ ئۇ قېتىدىكى سۆلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان ، ئاسانلىقچە ئادەم بارمايدىغان جىلغىنى كۆڭلىگە پۈككەندى.

«ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ» دېگىنى راست بولسا كېرەك . ئۇلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر ـ بىرىگە ئۆزلىشىپ قېلىشۋاتقاندەك قىلاتتى ، ئۇلار ئارىلىقتا نەچچە كېچە بىرگە تۈنەپ چىقتى . پۇل دېسە ھېچقاچان چىقارمايدىغان بۇ بەڭگە ئەمدىلىكتە پۇلنى سۇدەك خەجلىمەكتە ئىدى . قىز ئىلگىرى شۇنچە قورقۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتۈش داۋامىدا ئاستا ـ ئاستا كۆڭلىدىكى نەرسىلەر كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئاللىقانداق بىر خىل خاتىرجەملىك ، يېڭى ئىنتىلىش ، ئۆزىنى ئۆزى چۈشەنمەسلىك ئىگىلىدى . ئۇ ئاستا ـ ئاستا مەھەللىنى ، باغلارنى ، قاۋاۋاتقان ئىتنى ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيىنى ئۇنتۇماقتا ئىدى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئانىسىمۇ ئانچە بىچارە بىلىنمەيدىغان ، ئۇنىڭغا ئانچە ئىچ ئاغرىتمايدىغان بولۇپ قالدى ، خۇددى ئۇ يات ئادەملەردەك ، خۇددى ئۇ ناتونۇش ئاياللار بىلەن مەلۇم ۋاقىت بىر ئۆيدە بىرگە تۇرغاندەك ئىدى . بۇ جىنايەتكار كىشى ئازراق بىر يەرگە يوقىۋالسا ، ئۇنى ئىزدەپ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئەمدىلىكتە دادىلىق سالاھىيىتى ، مويسىپىتلىق سالاپىتى قالمىغان ئىدى ، ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە ياشىرىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى . قىز بۇ دۇنيادىكى ھەممىنى ئۇنتۇپ ، پەقەت مۇشۇ ئەرلا كۆز ئالدىدا قالغاندەك قىلاتتى ، ئۇنىڭ نەزىرىدە دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئۆزىنىڭ ئورنىنى يوقاتقان ، ئۇ پات ـ پاتلا «بۇ گۇناھىمنى خۇدايىم كەچۈرەمدۇ؟! ئۆلگەندە قانداق قىلارمەن» دەپ ئەنسىرەيتتى . «بۇ يۇرت ئەمدى بىزگە ھارام بولدى! بىز يىراقلارغا كېتەيلى ، بۇ يۇرتنى ، بۇ مەھەللىنى تاشلاپ ئادەم بىلمەيدىغان يىراقلارغا كېتەيلى» دېدى قىز ئېگىز گەۋدىلىك ئادەمنىڭ بوينىغا قولىنى سوزۇپ ، بۇ جايدىن ئايرىلغان ئەڭ ئاخىرقى كۈنى.

## 7

بىچارە ئانىغا ئېرىنىڭ قىلغانلىرى بەكلا ھار كەلگەندى . ئۇنىڭغا نەپرەت ئۇقۇپ ، قىزىغا ئېچىنىپ ئىچىنى قېپقىزىل قىزدۇرۇلغان بىر لوم تۆمۈر قوچۇۋەتكەندەك ئۆرتىنىپ ئاچچىق تولغىنىپ كەتكەنىدى ، ئۇ قىزىنى ھامان يېنىپ كېلىدۇ ، دەپلا ئويلىغانىدى ، ئەمما كىشلەرنىڭ «سېلىمخاننىڭ قىزى ئۆگەي دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن قېچىپ كېتىپتۇ ، شۇنداقمۇ قىز بالا ـ چاقا بولىدىكەن» ، «ھەي دوزىخى جوهۇت ، قىزىغىمۇ شۇنداق قىلامدۇ؟» دېگەندەك سۆز ـ چۆچەكلىرىدىن ئۇنى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغاندەك ، بەلكى ئۇ ئۆز قىزىنىڭ ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈرلۈك كۈشەندىسى بولۇپ قالىدىغاندەك ھېس قىلدى.

«50 ياشلىق ئەرنىڭ ئارقىسىدىن 17 ـ 18 ياشلىق قىزنىڭ كېتىپ قالغىنىنى ، ھەي ئىست!...»

ئالدىنقى كۈنلەردە ئۇنىڭ يىغا ـ زارىسىنى ئاڭلاپ ، خوشنىلار يۈگۈرۈپ چىقىپ بەزلەشكەنىدى، ئۇ ھېچقاچان بۇنداق يىغلاپ باقمىغان ، مەرھۇم ئېرى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغاندىمۇ بۇنچىلىك ئەلەم بىلەن يىغلاپ باقمىغانىدى ، ئۇ ئۆزىنى قەپەسكە سولانغان شىردەك ھەر يان ئۆرۈپ ھۆكۈرەيتتى ، قەپەسكە سولانغان شىردەك ئۆزىنى ئۇيان ـ بۇيانغا ، ھويلىدىكى تاملارغا ، ئىشىك كېشەكلىرىگە ، باراڭ ياغاچلىرىغا ، ھېلىم تاز قوپارغان باغ قورۇقلىرىغا ئەسەبىيلەرچە ئۇراتتى . ئۆزىنى يەرگە ئاتاتتى ، چاچلىرىنى يۇڭدايتتى ، ئۆزىنى كاچاتلايتتى...

—... ھەي ھايۋانلار ، سەنمۇ ئادەم بولۇشتۇڭمۇ؟ مەن ھايۋانلار ئارىسىدا ياشاپتىمەن ، ئىست ، ساڭا خوتۇن بولۇپ ئەقىدە بىلەن ئۆتكىنىم . ئىست ، سېنى يالغۇز

قىزىم دەپ ئەزىزلەپ ، ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغىنىم ، كىيمىگەننى كىيگۈزۈپ ، يېمىگەننى يېگۈزۈپ ئادەم قىلغىنىم ، سېنىڭ ئورنۇڭدا ئۆزۈمگە بىرقانجۇق ئىتنى ئېمىتسەمچۇ؟ قانجۇق ئىت بولسىمۇ ۋاپا قىلاتتى ، ئىگىسىنى تاشلاپ كەتمەيتتى . ساڭا مېھرىمنى بەرگىچە ئالۋاستىغا بەرسەمچۇ؟ دوزىخى جوھۇت ، ھەي ئىسست دوزىخى جوھۇتلار! خۇدا مېنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتكىن ، ئەمدى بۇ يەردە ياشىغۇچىلىكىم قالمىدى ، ئۇ دۇنيادا تۇرۇپ بۇ چوشقىلارنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتەي . مېنى ئېلىپ كەت ، مېنى ئېلىپ كەت . رەھمەتلىك ئېرىم سەن نەدە ، قايتىپ كەلگىن ، سېنىڭ روھىڭ گوردىن چىقىپ ئۇلارنىڭ گېلىنى بوغسۇن... — ئۇ ھازىرلا كۆزى ئېقىپ كېتىدىغاندەك يىغلايتتى ، ئاشۇ ئەلەملەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى يۇلۇپ ئالماقچى بولغاندەك كۆكرەك قەپىسىنى تاتىلايتتى . بىچارە ئانا بىراقلا كۆزگە كۆرۈنمەس دەرد تىغلىرىنىڭ بەدەنلىرىنى ، ۋۇجۇدىنى ، يۈرىكىنى تىتما ـ تىتما قىلىشىدىن بىراقلا ھالىدىن كەتتى . بىراقلا نەچچە ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك بولدى ، بىچارە ئانىنىڭ يىغلاشلىرىدىن كۆزلىرى ئىششىپ ، قىزىرىپ چاپاق باغلاپ كەتكەندى ، كۆزىنى قېلىن بىر قەۋەت قىزىل پەردە توستى ، بىچارە ئانىنىڭ يىغلاشلىرىدىن ماڭقىلىرى ئېقىپ ، شۆلگەيلىرى چىقىپ قالدى ، يىرتىلغان كىيىملىرى توپا ـ لايلارغا مىلەنگەن بويۇن ـ بەدەنلىرى ، چۇۋۇلغان چاچلىرى ، تاتىلانغان يۈزلىرى ، ئازابتا ئۆتمەتۆشۈك بولغان يۈرىكى ، ئاچچىق ئەلەم ئوتلىرىدا پۇچلانغان روھى ، سۇنغان كۆڭۈل ئۆزىنىڭ ئەمەس ئىدى . ئۆزى بىردىنلا باشقا بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك ، تىرىك تۇرۇپ ئۆلۈۋاتقاندەك ئىدى . ھەي ئانا ، سەن دۇنيادىكى ئەڭ ئەزىز ئىنسان ئىدىڭغۇ؟ ھەي ئانا ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان ئىدىڭغۇ؟ ھەي ئانا سەن ئەجرىڭ بىلەن ، مېھرىڭ بىلەن ، يۈرىكىڭ بىلەن ئائىلەڭنى — ئۆزۈڭنىڭ كىچىك دۇنياسىنى قۇرۇپ چىققان ئەمەسمىدىڭ؟ مۇشۇ كىچىك دۇنيا ئاخىر سېنى ۋەيران قىلدى ، ئۇنىڭ ئېغىر تاملىرى ئۈستۈڭگە غۇلاپ چۈشتى!...

ئاشۇ ئېغىر تاملار ، ئاشۇ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئېغىر دەرد ـ ئەلەملەر ئۇنى بىراقلا ئېزىپ يەرگە چاپلىۋەتكەنىدى ، ئۇ شۇ دەردلىك يۈرىكىنى ، باغرىنى يەرگە باساتتى ، ئۆمۈلەيتتى ، ئاللىقانداق بىرنەرسىگە قاراپ نىشانسىز سۈرۈلۈپ ئۆمۈلەيتتى . ياشاش ئۈمىدىدىن ، ھاياتتىن بىراقلا قول ئۈزدى ، دېمىسىمۇ بۇ خىل جاۋاب بەرگەن ئاچچىق رېئاللىقتىن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش كېرەك ئىدى . ھەممە ئادەمنىڭ تاللاش يولى بار ـ دە!

ئۈستىدىكى كۈن پارقىراپ چۈشۈپ تۇرسىمۇ ، ئۇ ئۇزاققا سوزۇلغان كېچە قوينىغا كېتىۋاتقاندەك ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئاياغ سۆرەپ كېتىۋاتاتتى . ئىتنىڭ زەنجىرىدەك ئېغىر ئارغامچا قولىدا ساڭگىلايتتى ، ئۇ شۇنچە ئۇزاق ماڭدى ، شۇنچە ئېغىر قەدەملىرى بىلەن ماڭدى . يەنە ئۆمۈلىدى ، يەنە يىقىلىپ قوپتى ، ئەمما ئاران دېگەندە بېغىدىكى بىر تۈپ ئۆرۈك تۈۋىگە كېلىپ يۆلىنەلىدى ، ئۇ تەستە تاشتەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئۆرۈك ئاچىمىقىغا قارىدى ، ئۆزىمۇ بىلمەيتتى ، قوللىرى بۇ ئېغىر ئارغامچىنى ئاچىماقا ئاتىلدۇرۇپ تاشلىدى ، باغدىكى سارغىيىپ تۇرىدىغان ئۆرۈكلەر ، يېشىل غازاڭلار ، ۋىچىرلىشىپ ئۈركۈپ ئۇچۇپ كېتىدىغان قۇشقاچلار ، قىسقىسى ، ھەممە نەرسە قاراڭغۇچىلىق ئىچىدە قالغان ، ئۇ بويىنىغا سىرتماق سېلىپ ئاخىرقى قېتىم تىركاڭشىغاندا ، «خۇدا ھەممىنى ساڭا تاپشۇردۇم» دېگەن ئاۋازى گېلى بوغۇلۇپ قالغان چۈجە خورازدەك سەت ئاڭلاندى ، ئاندىن قاپقارا بولۇپ كۆرۈنگەن قىزىنىڭ گەۋدىسى ، قان بولۇپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ئېرىمۇ يوقالدى ـ دە ، شۇ قاراڭغۇچىلىق بىلەن مەڭگۈلۈك بىرىكىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۇزارغان جەستى يەرگە تېگەيلا دەپ قالغانىدى...

ھاۋشۇپ بولالمايلا قالغان ئىت ئاخىر زەنجىرنى ئۈزۈۋالدى ـ دە ، بۇ ئۆزى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقان ئىگىسىنى بىرنەچچىنى چۆرگىلەپ چىقىپ ، شۇ يۈگۈرگەنچە قاۋاپ يۈرۈپ قوشنىلارنى ، مەھەللىدىكى كىشىلەرنى چاقىرىپ كەلمەكچى بولغاندەك ھەريان چاپتى...

كىشىلەر مېيىتنى يۇيۇپ ـ تاراپ ، تاۋۇتقا سېلىپ ناھىيە بازىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان قەدىمىي قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىشتى.ئىگە ـ چاقىسىز ، قاراقسىز قالغان بۇ مېيىت شۇنچىلىك داغدۇغىسىز ، يىغا ـ زارسىز ، غېرىب ھالدا دەپنە قىلىنىدىكى ، پەقەت مەرھۇمە باققان ئىتلا بىر جۈپ ئالدى قولىنى تۇپراق بېشىغا قويۇۋېلىپ ، مۆلدۈرلەپ ياتاتتى . بۇ ئىت خۇددى ئىگىسىنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇۋاتقاندەك ، ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا تۇتۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولغان ھالدا غىڭشىپ ياتاتتى.

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**

# ئوقۇرمەنلەرگە سالام

ئۆتكەن بىر يىلدا «مەتبۇئاتىمىزنىڭ خوجايىنى» بولغان ئوقۇرمەنلىرىمىز ژۇرنىلىمىزنىڭ ياخشى چىقىرىلىشى، ئەسەرلىرىنىڭ مول، رەڭدار ۋە تېخىمۇ سۈپەتلىك بولۇشى ئۈچۈن بىزنى قىممەتلىك تەكلىپ ۋە پىكىرلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. ئاپتورلىرىمىز بولسا ئۆزى لايىق ۋە نەشر قىلىنىشى كېرەك دەپ قارىغان ئەسەرلىرىنى، ھەممىمىز بەھرىگە كۆڭۈل سوۋغىسى سۈپىتىدە تەقدىم ئەتتى. بىز بۇ مەمنۇنىيەت ئىچىدە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بارىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بىزنى ئىزچىل قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

### پائالىيەتكە قاتناشقۇچىلار:

ژۇرنىلىمىز تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان راي سىناش شەكلى ئارقىلىق «مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەن»لەرنى باھالاش پائالىيىتىگە نۇرغۇن ئوقۇرمەنلىرىمىز ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەرگەن. ئۇلار:

1. ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر سۈپىتى ياكى ژۇرنالنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ھەققىدە پىكىر قىلىشنى لايىق تاپقانلار.

2. ئۆز مەرجۇتلۇقىنى بىلدۈرۈشنى ئىستىگەنلەر بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ خىل ئىستەككە ۋاقىت ئاجرىتالىغان ۋە مۇشۇنداق قىلىشقا ئېنېرگىيە سەرپ قىلىشنى خالىغان كىشىلەردۇر.

### مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەنلەرنى باھالاش پائالىيىتى ئارقىلىق ھېس قىلغانلىرىمىز:

1. ژۇرنىلىمىزنىڭ كۆپ ساندىكى مۇشتىرى ۋە ئوقۇرمەنلىرى بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىپ بولالمىغان. شۇڭا، ئۆز پىكىرلىرىنى ئەۋەتكەنلەر ئومۇمىي ئوقۇرمەنلىرىمىز ئىچىدىكى پەقەت ئاز سانىدىكىلەردۇر.

2. پائالىيىتىمىزگە قاتناشقان بەزى ئوقۇرمەنلەر بىر قىسىم ئەسەرلەرنى تەپسىلىي ئوقۇمايلا باھالىغان. يەنە بەزىلەر ئۆزى ئانچە قىزىقمايدىغان ژانىردىكى ئەسەرلەرگە قارىتا تازا ئەستايىدىل باھالاش ئېلىپ بارمىغان. بىز بۇ جەھەتتە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئۆزى باياپ باقمىغان تاسادىپىي يېڭىلىقلار، ئۆزگىچە تۇيغۇلاردىن بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن ھەربىر ئەسەرنى ئەستايىدىل كۆرۈپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

3. ئوقۇرمەنلەرنىڭ رايىنى سىناش پائالىيىتىدە بىرئاز سەمىمىيەتسىزلىك مەۋجۇت.

بەزى ئوقۇرمەنلەر ئۆزى خالىماي تۇرۇپمۇ ژۇرنال خادىملىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ كۆپىنچە ئەسەرلەرنى ياخشى، ئېشىپ قالغانلىرىنى بولسا يامان ئەمەس دەپ باھالىغان. ئەمما بىرەرمۇ ناچار ئەسەر باھالىمىغان. ئوقۇرمەنلەرگە ياقمايدىغان بىرەرمۇ ناچار ئەسەرنىڭ بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

4. پائالىيىتىمىزگە قاتناشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ياش ھەۋەسكار ئوقۇرمەنلەر بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە ياشلىقتا، يېڭىلىقتا، جەمئىيەتكە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ ئۇيۇشتۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلغان. ئەمما مەخسۇس تېما ھەققىدە پىكىر قاتناشتۇرمىغان، ياكى شۇ ھەقتىكى ئۆز لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان.

تۆۋەندە بىرقىسىم ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پىكرىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ باقايلى:

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانت رىسالەت مۇنداق دەيدۇ:

«تەگرىتاغ» ژۇرنىلى ئىلگىرىكى (80 - يىللاردىكى) يېڭىلىقتا ۋە ئىلغارلىقتا باشلامچىلىق، يېتەكچىلىك قىلىش ئورنى ۋە رولىدىن قالماقتا. پەقەت تار ئۇيغۇر مۇھىتىدىن، قاتمال تەپەككۇردىن قۇتۇلالمايۋاتقان. ژۇرنالدا خەلقئارا ئىلمىي ئېقىم ۋە ئەدەبىي ئوبزور، مەدەنىيەت ئۆچۈرلىرىنى ئۇچرانقىلى بولمايدۇ. ژۇرنال خادىملىرى ژۇرنالنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەيدىكەن، مەخسۇس ئاخباراتچىلىق، ژۇرنالچىلىق ساھەسىدە تەربىيىلەنگەن، يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىق روھى كۈچلۈك باشلارنى ئەتراپىغا يىغىشى كېرەك. ئىلمىي خاراكتېر ۋە تەتقىقات پۇرىقى بولمىسا بۇنداق مىللىيلىك پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. قىسقا ئۈچۈر، ئەدەبىي تەزكىرە، كۈندىلىك خاتىرە، تەسىرات ماقالىسى، ئىلمىي ستاتىستىكا ۋە تەپەككۇر بولمىغان جەمئىيەت دوكلاتلىرى يىغىلىپ قالسا، پۈتۈن تەرەققىياتقا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## ئوقۇرمەنلەر رايىنىڭ ئومۇمىي يۈنىلىشى

ئۆتكەن بىر يىللىق سانلاردىكى باھالاش پائالىيىتىمىزگە قاتناشقان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تولۇق تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنىڭ ئومۇمىي يۈنىلىشى:

1 . ئىلمىيلىك ۋە ئۇنىۋېرساللىق.
2 . ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خاسلىقى.
3 . ياشلىق ۋە يول تېپىش.
4 . مۇھاكىمە ۋە ئوبزور.
5 . باللار ، دېھقانلار ، ئوقۇغۇچىلار ، چولپانلار.
6 . ئۇچۇر خاراكتېرلىك بىلىملەر.
8 . دېھقانلارمۇ بېيىسۇن .

## بۇ بىر يىل ئىچىدە بېرىلگەن يېڭى تەكلىپلەر:

1 . پەلسەپىۋىلىكى ، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك ئەسەرلەر بېرىلسە.
2 . چەت ئەل ئەدەبىي ئېقىملىرى ، نەزەرىيىلىرى ۋە ئەسەرلىرى بېرىلسە.
3 . ياشلارغا ھەقىقىي ماياك بولالايدىغان ئەسەرلەر بېرىلسە.
4 . دېھقانلار ھەققىدىكى ئەسەرلەر كۆپرەك بېرىلسە.
5 . ئاپتورلارنىڭ ئادرېسى ئەسەر ئاخىرىغا قوشۇپ قويۇلسا.
6 . ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت ئەسەرلەر كۆپرەك بېرىلسە.
7 . ئىملا خاتالىقىغا قەتئىي يول قويۇلمىسا.
8 . ھېكايىلەر سۈپىتىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇلسا.
9 . شېئىرلار بەك كۆپ بولۇپ كەتمىسە.
10 . ئېلانلار ئازراق بېرىلىپ بەدىئىي سۈرەتلەرگە ئورۇن بېرىلسە.
11 . ژۇرنال ئايلىق ژۇرنال قىلىنىپ چىقىرىلسا...

## ئەڭ قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەن سەھىپىلەر:

1 . راست ئىشلار خاتىرىسى.
2 . نەزەر.
3 . يېڭىچە شېئىرلار (ياشلىرىمىز ۋە چەت ئەل شېئىرىيىتىدىن تاللانمىلار) .
4 . ئاقيول نامىدىكى مۇكاپاتلىق سەھىپە .
5 . ياشلىق (ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ماقالىلەر).
6 . ئەدەبىيات ھەققىدە پاراڭ.
7 . تۇرمۇش تەسۋىرلىرى.

## ياخشى باھاغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:

ھەربىر سانغا بېرىلگەن ئەسەرلەردىن ئوقۇرمەنلەر ياخشى دەپ تاللىغان ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسەر:

1 ـ ساندا: ① تەگرىتاغ ژۇرنىلىنىڭ 100 سانى ۋە بىز باسقان يول (ئەسلىمە)؛ ② مەڭگۈلۈك سەپەر (شېئىر)؛ ③ئۆلۈم ناخشىسى (شېئىر).

2 ـ ساندا: ① دېھقانلاردىن كەچۈرۈم سورايلى(ئەدەبىي ئاخبارات)؛ ② شېئىرلار؛ ③ خوككايدودىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر (ساياھەت خاتىرىسى).

3 ـ ساندا: ① مۇھەببەت كاردورى (شېئىرلار)؛ ②رەڭلىك ئولتۇرۇش (ھېكايە)؛ ③ مۇزلىغان باھار.

4 ـ ساندا: ① ئىنگلىز تىلى ۋە ياشلىرىمىز (ماقالە)؛ ②سەرسانلىقتىن زاۋۇت قۇرۇشقىچە(ئەدەبىي ئاخبارات)؛ ③ياشاۋاتامسەن ، تۇداخۇن (ھېكايە).

5 ـ ساندا: ① ۋاپادار ئىت (ئەسلىمە)؛ ② ھازىرقى زامان مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقى (سۆھبەت خاتىرىسى)؛ ③ ياشلىق ئەندىزىسى (ئەدەبىي ئاخبارات).

6 ـ ساندا: ① شېئىرىيەت ۋە جەمئىيەت (ماقالە)؛ ② ئاخىرقى كېمە (ھېكايە)؛ ③ سالام ، ئەي تۇرمۇش (نەسر).

يەنە نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەرنىڭ … الانماي قالغانلىقى تەبىئىي.

## ئوقۇرمەنلەرگە جاۋاب

يېڭى بىر يىلدا قەدەممۇ قەدەم ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىرگە ، ئۆزىمىزنىڭ ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمىتىمىز ھەققىدە ئوقۇرمەنلەرگە تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بېرىمىز.

## كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىمىز:

1 . پروزىچىلىقتا بىرنەچچە ئەسەردىن پارچە باشقا دېگەندەك ياخشى ئەسەرلەرنى بېرىپ كېتەلمىدۇق.

2 . چەت ئەل ئەدەبىياتى ئېقىملىرى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ھەققىدىكى سەھىپىمىز بىر مەزگىل ئاقساپ قالدى.

3 . شېئىرىي ئەسەرلەر كۆپلەپ بېرىلىپ ، ئىلمىيلىكى

ۋە ئىجتىمائىيلىقى كۈچلۈك ئەسەرلەرگە ئەھمىيەت بې-
رىپ بولالمىدۇق.

4 . ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى پۇرىقى بىرئاز سۇس بولۇپ قالدى.

## ئەھمىيەت بەرگەنلىرىمىز:

1 . مۇكاپاتلىق سەھىپىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق نۇرغۇن ياش ، ئىقتىدارلىق شېئىرىيەت قابىللىرىنى بايقىدۇق ۋە قوللىدۇق.

2 . ياشلىق سەھىپىسىنى ئىجادچانلىق روھىغا باي ياشلىرىمىز بىلەن ھەمكارلىشىپ مەزمۇنىنى بېيىتىپ ، ياخشىلاپ كەلدۇق . ئىنكاسى ياخشى بولدى.

3 . ئوقۇرمەنلەر راي سىناش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ ، نۇرغۇن پىكىرچە ۋە ئۆزگىچە تەكلىپلەرنى ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇق.

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2004 ـ يىللىق مۇنەۋۋەر ئوقۇر-مەنلىرى تىزىملىكى

**ئابدۇراخمان ئابدۇكېرىم**

يېڭىسار ناھىيە ماڭشىن يېزا تۆۋەنكى ئارا مەھەللە 4 ـ كەنتتىن .

**ئىبراھىمجان نۇرمۇھەممەت**

شىنجاڭ ساقچى ـ ئوفېتسىرلار ئالىي تېخنىكومى 3 ـ چوڭ ئەترەت 8 ـ كىچىك ئەترەتتىن .

**روزىخان ماھۇت**

قاغىلىق ناھىيە كۆكيار يېزا 3 ـ كەنت ئوتانسۇ 2 ـ مەھەللىدىن.

**تۇرسۇن تۇردى**

قاراماي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىدىن.

**گۈلبىلىق ئەمەت**

قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى تاش بازىرى قو-
رۇدىن.

**ئابدۇكېرىم قادىر**

يەكەن ناھىيىلىك ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپى بىر-
لەشمىسىدىن.

**شاۋكەت ئىبراھىم**

ئىلى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىدىن.

**مۇھەممەتجان توختى**

كەلپىن ناھىيە يۇرچى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدىن.

**ھۆسەنجان نامان**

ئاۋات ناھىيىلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

**ھوشۇر ئەمەت**

خوتەن ناھىيە باغچى بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

**توختىنياز توقسۇ**

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات (2002 ـ 2) سىنىپتىن.

**زەيدىن شەمشىدىن**

مارالبېشى ناھىيىلىك دورا شىركىتىدىن.

**ئابدۇقەييۇم ھازىم**

پىچان ناھىيە پىچان يېزىسى شۇگە كەنتىدىن.

**مۇھەممەتئىلى ئىلياس**

ئاقسۇ قۇمنام دېھقانچىلىق مەيدانى سۇ پونكىتىدىن.

**ئابدۇمجىت ئىسمائىل**

ئۈرۈمچى داشىمىن يېزىنىڭ سانائەت سودا سارىيىدىن.

**رىزۋانگۈل ئەزىز**

قارىقاش ناھىيە ئاقساراي يېزىلىق پوچتىخانىدىن.

**ئابدۇرېھىم سىدىقنۇر**

ئاقسۇ گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن.

**قەھرىمان روزى**

باي ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەركىزىدىن.

**ياسىنجان توختىنياز**

ئاقسۇ ئونسۇ ناھىيە تاغلاق فېرما توققۇز يىللىق تولۇقسىزدىكى مەكتەپتىن.

**ئامىنە توختى**

ئۈچتۇرپان ناھىيە بازارلىق مال ـ چارۋا دوختۇرلۇق پونكىتىدىن.

**ئابلىكىم ھامۇت**

جىمىسار ناھىيە 69241 ـ تۈەن 73 ـ تارماق ئەترەتتىن.

**ئوبۇلھەسەن سىدىق**

خوتەن چىرا ناھىيە چىرا بازار ئوتتۇرا كۆۋرۈك مە-
جىتى بىناسىدىن.

**مۇساجان تۇردى**

قاراشەھەر ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باش-
قۇرۇش ئىدارىسىدىن.

**نۇرئەخمەت زايىت**

گۇما ناھىيىلىك دۆلەت باج ئىشلار ئىدارىسىدىن.

**مىرغاباس بورمان**

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 47 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن.

**روزىتوختى داۋۇت**

چىرا ناھىيە گۈلاخما خەلق سوت مەھكىمىسىدىن.

**ئابدۇكېرىم ئەبەيدۇللا**

كۇچا ناھىيىلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

**ئەنۋەرجان سادىق**

قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

**قىيۇمبەگ**

شىخۇ شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

# تۈنجى نۆۋەتلىك «ئاقيول» مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

تۈنجى نۆۋەتلىك «ئاقيول» مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمى بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىنجاڭ «چەۋەندازلار مېھمانخانىسى»نىڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلدى . يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم قېرىنداش گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ مەسئۇللىرى ، بىر تۈركۈم يازغۇچى ـ شائىرلار ، شۇنداقلا ھەرقايسى ئاخبارات ساھەسىدىكى مۇخبىرلار ، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ستۇدېنتلار بولۇپ ، جەمئىي 200 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

يىغىنغا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى پولات ھېۋىزۇللا رىياسەتچىلىك قىلدى . «تەڭرىتاغ» ژۇرناللار نەشرىياتىنىڭ باشلىقى ھەبىبۇللا مۇھەممەت پائالىيەت ھەققىدە يىغىن ئەھلىگە دوكلات بەردى . مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى بۇ پائالىيەتنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىمىزگە ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزغا بولغان تەلەپ ۋە ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئارقىدىن پائالىيەتنىڭ بۇ قېتىملىق باھالاش ھەيئىتىگە ۋاكالىتەن شائىر ئىمىن ئەھمىدى ئۆز ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى . ئۈچ نەپەر مۇكاپاتلانغۇچى مۇكاپاتلانغۇچىلارغا ۋاكالىتەن تەسىراتىنى سۆزلىدى.

تۈنجى نۆۋەتلىك «ئاقيول» مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرگە رەھبەرلەر مۇكاپات گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى . ئارقىدىن «شىنجاڭ ئاقيول سودا چەكلىك شىركىتى»نىڭ دىرېكتورى ئامىنە خانىم ئۆز قولى بىلەن مۇكاپات سوممىسىنى تارقاتتى ۋە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىدە يەنىمۇ تىرىشىپ ، زەپەرلەر قۇچۇشىغا ئۆز تىلىكىنى بىلدۈردى.

يىغىن ئاخىرىدا «تەڭرىتاغ» ژۇرناللار نەشرىياتىنىڭ باشلىقى ھەبىبۇللا مۇھەممەت «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىغا ، مۇكاپاتلانغۇچىلارغا ۋە يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا ۋاكالىتەن ، «شىنجاڭ ئاقيول سودا چەكلىك شىركىتى»گە تەشەككۈر سوۋغىسى تەقدىم قىلدى.

بۇ قېتىملىق پائالىيەت ئۇيغۇرچە بىر قىسىم ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدە تونۇشتۇرۇلۇپ ، خەلق ئارىسىدا ياخشى ئىنكاسلارنى قوزغىدى ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» ، «سەھەر گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەردە خەۋەر بېرىلىپ ، قېرىنداش مىللەتلەرگىمۇ تونۇشتۇرۇلدى.

# «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم ئەسەرلەر خەنزۇ ئوقۇرمەنلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان شېئىر ، ھېكايە ۋە ماقالىلەر جاڭ خۇڭچياۋ ، جاڭ شىرۇڭ ، تەلئەت ئىبراھىم (تىلەك) قاتارلىق ئەدەبىي تەرجىمانلىرىمىزنىڭ تاللاپ تەرجىمە قىلىشى بىلەن بېيجىڭ ۋە شىنجاڭدىكى بىرقىسىم خەنزۇچە ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىغا بېسىلغان ئەنقانىڭ لىرىكىلار نامى ئاستىدىكى ئۈچ پارچە شېئىرى ، غەيرەت ئاسىمنىڭ «ۋاڭ مېڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا» ناملىق ماقالىسى ، ئەختەم ئۆمەر ، ئابدۇقادىر جالالىدىن ، ئادىل تۇنىياز ، مۇختار بۇغرا قاتارلىق بىر تۈركۈم ياش يازغۇچى ، شائىرلىرىمىزنىڭ بىرقىسىم ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنىپ خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» ، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى . بولۇپمۇ «شىنجاڭ گېزىتى» خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىكى سانىنىڭ ئەدەبىي بېتىدە غەيرەت ئاسىمنىڭ «ۋاڭ مېڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ خەنزۇ كىتابخانلىرى ئارىسىدا ياخشى تەسىر قوزغىدى . ئوقۇرمەنلەر تەھرىر بۆلۈمىگە تېلېفون بېرىپ مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى كۆپرەك بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى . بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئەسەر دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

«شىنجاڭ گېزىتى» خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ تەھرىر ئىلاۋىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

شىنجاڭدىكى داڭلىق ئۇيغۇر يازغۇچى غەيرەت ئاسىم پۈتكۈل ئىخلاسى بىلەن يازغان «ۋاڭ مېڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا» دېگەن ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ھەيرانۇ ـ ھەس بولۇپ ، ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم . بىر ئۇيغۇر يازغۇچىنىڭ بىر خەنزۇ يازغۇچىنىڭ روھىي قاتلاملىرىنى شۇقەدەر چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنلىكى ، مۇھەببىتىنىڭ شۇنچە چوڭقۇر ، سەمىمىي ئىكەنلىكى ئادەمنى سۆيۈنۈش ئىچىدە ھەيران قالدۇرۇپ قەلبلەرنى چەكسىز لەرزىگە سالىدۇ.

ۋاڭ مېڭ جۇڭگو ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئۇلۇغ باشلامچى ، ئۇستاز . ئۇنىڭ ئىلگىرىكى 16 يىلدىن كۆپرەك ھاياتى غۇلجىدا ئۆتكەن . ئۇنداقتا شىنجاڭدىكى بۇ 16 يىللىق تۇرمۇش ئۇستازنىڭ روھىغا زادى نېمىلەرنى سىڭدۈرگەندۇ؟ غەيرەت ئاسىمنىڭ بۇ ھەم ئوبزورىغا ، ھەم تەرجىمىھالىغا ، شۇنداقلا نەسرگە ئوخشايدىغان ئادىي ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇنىڭغا جاۋاب تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ياخشى ئويلانساق ، ۋاڭ مېڭ بەئەينى بىر رىۋايەت ، بۇ رىۋايەتنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغانلار ، ئۇنىڭ جەۋھەرلىرىنى سۈزۈپ ئالالايدىغانلار ئىنتايىن ئاز . ئەمما ، بىر ئۇيغۇر يازغۇچى پۈتكۈل ۋۇجۇدى ۋە روھى بىلەن بۇ تىلسىماتنى يەشتى.

ۋاڭ مېڭنىڭ سىرلىقلىقى ئۇنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە . ئۇنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى پەقەت ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغىلا پايدىلىق بولۇپ قالماستىن ، يەنە ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭمۇ قانداق ياخشى ياشاش ، قانداق جاھاندارچىلىق قىلىش كېرەكلىكىگە ئۆرنەكلىك ماياك بولالايدۇ . ۋاڭ مېڭنىڭ قىممىتى پەقەت ئەدەبىياتتىلا ئەمەس ، بەلكى يەنە پەلسەپە ، ئىدىيە ، مەنىۋىيەت جەھەتلەردىمۇ بولۇپ ، ۋاڭ مېڭ بىر يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالالىغان شەخسىي ھاياتى مەۋجۇدىيىتىنىڭ قىممىتىدىن ھالقىپ كەتكەن.

ۋاڭ مېڭ بىلەن شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئادەتتىكى مەنىدىن ئېيتقاندا ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ . ئەمما ، چوڭقۇر قاتلامدىن چۈشەنگەندە بۇ ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا ھەرقايسى مىللەت يازغۇچىلار ۋەكىللىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن شەكىللەنگەن مەنىۋىيەت ، روھىيەت ، ھەتتا مەدەنىيەت جەھەتتىكى سىڭىشىش بولۇپ ، بۇ دەل بىز ھازىر تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا يېتىشكە تېگىشلىك غايىۋى مەنزىلدۇر.

تەييارلىغۇچى: **ئىمرھەسەن مەخمۇت ، قاسىمجان مەتروزى**

畅享移动新生活

Monternet 移动梦网

语音杂志

## سىرداش كەسپى


شېرىن چۈشلەر ياشلىق باھارىڭىزنى قاناتلاندۇرۇپ، مۇھەببىتىڭىزگە يول ئەزىيۇن ئاتا قىلىدۇ. سىرداش كەسپى سىزگە تۇرمۇشىڭىزنىڭ ئىللىقلىقىنى، ئۆز ـ ئارا ئالاقە قىلىشىڭىزنىڭ تەسىرچانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. كۈچىمە خەۋەرلىشىش يانفون ئابونتلىرى 125901818 گە تېلېفون بەرسە، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ناخشا تەقدىم قىلىپ، بەخت تىلىيەلەيدۇ، بايراملىق سالام يوللىيالايدۇ، قىزىقارلىق يۇمۇرلاردىن، نادىر كىنولاردىكى دىئالوگلاردىن ۋە رومانتىك مۇھەببەت ھېكايىلىرىدىن بەھرىلىنەلەيدۇ، يېقىن سۆھبەتداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىشالايدۇ.

پروگراممىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھەر قانداق ئابونت كومپيۇتېر، VCD، يانتېلېفون قىممەت تولۇقلاش كارتىسى قاتارلىق كاتتا مۇكاپاتلارغا ئېرىشەلەيدۇ.

خەۋەرلىشىش ھەققى 0.1 يۈەن. ئايلىق ئۇچۇر ھەققى 3 يۈەن

شىنجاڭدىكى ئابونتلاردىن ئۇزۇن يوللۇق، سەييارە تېلېفونلىشىش ھەققى ئېلىنمايدۇ.





سادادىن كېلىدۇ ئامەت    ئاتا قىلىدۇ ئۇ سىزگە قامەت
ساۋا كىيىملىرى